


# مەسىھ چۆلى

پەرھات تۇرسۇن

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


ھالاكەت ........................................ (1)

مەسھ چۆلى ........................................ (63)

كېسەل ........................................ (142)

چىنار ........................................ (264)

# ھالاكەت

پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە ئادەملەرنىڭ رەھىمسىز زەربىلىرى مېنىڭ جىسمىمنى ھالاك قىلالىسىمۇ، يۈرىكىمنى — يېلىنجاپ تۇرغان قەلبىمنى تۈگەشتۈرۈۋېتەلىشى ناتايىن. چۈنكى مەن ئۇلاردىن قىزغىن ھېسسىيات ۋە مېھىر-مۇھەببەت تەلەپ قىلىپ تەلمۈرمەيمەن. بىراق پەقەت بىرلا ئادەم — ئاھ، پەقەت بىرلا ئادەم ئۆزىنىڭ جىمجىت، سوغۇق نەزەرلىرى بىلەنلا جىسمىمنى ھالاك قىلالمىسىمۇ، يۈرىكىمنى، روھىي ھاياتىمنى تۈگەشتۈرۈۋېتەلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ — مەن قىزغىن ھېسسىيات ۋە مۇھەببەت تەلەپ قىلىدىغان ئادەم، شۇنداقلا مەنمۇ قەلبىمنى ئاشۇ ھېسسىيات ۋە سۆيگۈگە بېغىشلىۋەتكەن. بىركىشى ئۆز ھاياتىدا پەقەت بىرلا ئادەمگە شۇ قەدەر سىرلىق ھالدا باغلىنىپ ئۇنىڭغا تەشنا بولىدۇكى، مۇشۇ چەكسىز كائىناتتا ئۇنىڭ چەكسىز تەشنالىقى ئۈچۈن پەقەت ئاشۇ بىرسىلا تامامەن يېتىدۇ...

— بىر دوستۇمنىڭ خاتىرىسىدىن.

مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. . .

شۇلارنى ئويلىغىنىمدا پۈتۈن بەدىنىم سىرلىق بىر قورقۇنچ بىلەن جۇغۇلداپ كېتىدۇ. مەن ئۆمرۈمدە ھېچقانداق بىر ئادەمگە يامانلىق قىلىپ باققان ئەمەس ئىدىم. ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆمرۈم ئوقۇش ۋە خىزمەت بىلەن ئۆتتى. كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپ ھەممە ئادەم مېنىڭ جىمغۇرلۇقۇمغا ھەيران قالاتتى. ئويۇن-تاماشىلار ماڭا بەكمۇ ئەھمىيەتسىز تۇيۇلغاچقا، باشقىلاردەك ئولتۇرۇشلاردا ۋە باشقا ئاممىۋى سورۇنلاردا چاچنى مايلاپ، كاستۇم-بۇرۇلكىلارنى قاتۇرۇپ كىيىپ، شاپاشلاپ يۈرمەيتتىم. باشقىلارنىڭ توپلىشىپ سېلىشىۋاتقان پاراڭلىرىغىمۇ ئارىلاشمايتتىم. ئاشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىممۇ: «ھەي، مېنى پوكۇنچىغا يامان دەپ بېرىپسەنغۇ؟»، «پالانچىغا ھېلىقى گەپنى نېمىشقا دەپ يۈرىسەن؟» دەپ مەندىن رەنجىمەيتتى. ھېچكىممۇ ماڭا ئىچ سىرىنى ئېيتىپ باقمىغان، ھېچكىممۇ مەندىن تۇرمۇشتىكى بىرەر ئىش توغرىلىق مەسلىھەت سوراپ باقمىغانىدى. گويا بۇ دۇنياغا ئېزىپ كېلىپ قالغاندەك ئارتۇقچە ۋە يېگانە ئىدىم. ئاتا-ئانام يىراق بىر يېزىدا بولۇپ، پات-پات كېلىپ تۇرىدىغان خەتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا ھېچ كىشى مېنى ئىزدىمەيتتى. مەنمۇ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس ئىدىم. ھېچقانداق بىر ئاغىنەممۇ، ھېچقانداق بىر رەقىبىممۇ يوق ئىدى. . . ئاھ، مەن ئەنە شۇنداق بىر ئادەم ئىدىم. كىممۇ مېنى ئادەم ئۆلتۈرىدۇ دەپ ئويلايدۇ؟ مەن ئادەم ئۆلتۈردۈم دېسەممۇ بەلكىم ھېچكىم ئىشەنمەس، لېكىن مەن ئادەم

ئۆلتۈردۈم. . .

ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىنلا مۇھەببەتنىڭ نەقەدەر قۇدرەت-لىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. . .

”قاتىل!“ ئاھ، نەقەدەر نەپرەتلىك، نەقەدەر مودھىش، نەقەدەر قورقۇنچلۇق بىر سۆز-ھە! ؟ ئۆمرۈمدە ئادەم ئۆلتۈرىمەن دەپ ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدىم. ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتىم. گېزىتلەردە دۆلەتلەر ئارا بولغان ئۇرۇشلارنىڭ خەۋەرلىرى بېسىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلاردا ئېيتىلغان قىرغىنچىلىقلارغا ئەسلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئۇلار مەن ئۈچۈن جانسىز قەغەز ۋە مەناسىز قارا سىزىقلار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە قانداقمۇ ئىشەنگۈم كەلسۇن؟ ئۇ بىر نەچچە كۈن ئاۋۋال مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن دەردلىك ھەم گۈزەل ناخشى-لارنى ياڭرىتىپ يۈرەتتى. ئاشۇ ئاۋازلار ھېلىغىچە قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاپ، مېنى سۈر باسىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئانچە ئارىلاشمىساممۇ، لېكىن ئۈچ كۈن ئاۋۋاللا ئۇنى ئەڭ يېقىن ئادىمىم دەپ بىلەتتىم. مەن ئۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال ئىدىم. ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئۇ مېنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئەشەددىي رەقىبىمە-گە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭغا ئەسەبىيلەرچە، تەلۋىلەرچە ئۆچ بولۇپ كەتتىم. ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. . . . . . .

ئاياغلىرىم ئاستىدا قېلىن قار غىچىرلاۋاتىدۇ. . . ئاستا قە-دەم تاشلاپ، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتى-مەن. يەرنى چۈمكەپ تۇرغان بىپايان ئاپئاق قار كۆزنى چاقنى-تىپ، ئاجايىپ گۈزەل جۇلالىنىپ تۇرۇپتۇ. كۆپكۆك ئاسمان گويا بوۋاقلارنىڭ سەبىي كۆزلىرىدەك شۇنچە تىنىق، شۇنچە

يېقىملىق، قۇياش ئوماق كۈلۈپ ئىللىق نۇرىنى چېچىپ تۇرۇۋېتۇ. مۇشۇ گۈزەل ۋە جۇشقۇن مەنزىرىلەرگە قاراپ كىمنىڭمۇ بۇ دۇنيادا قاتىللىق، ئۆلۈم، ۋەھشىيلىك دېگەنلەرنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كېلىدۇ؟! لېكىن بۇ يەردە راستتىنلا قاتىللىق ۋە ئۆلۈم يۈز بەرگەنىدى.

مەن مەندەكلا خىيال قىلالايدىغان، مەندەكلا روھىي دۇنياغا، ھېسسىياتقا، غايىگە، مۇھەببەتكە ئىگە بىر ئادەمنى ئۆلتۈردۇم. ئۇ ئۆلدى. ئاھ! ئەزرائىل قانداق قىلىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالغاندۇ؟ ئۇنىڭ ھېلىقى تولىمۇ ئاجايىپ، كۈلۈش ئارقىلىق يىغىنى ئىپادىلەيدىغان بىچارە كۆزلىرىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن قارىمايدىغان قىلىۋېتەلىگەنىمىدۇ؟ ئۇنى توپىدىن، تاشتىن، ياغاچتىن. . . پەرقسىز بىر جانسىز ماددىغا ئايلاندۇرۇۋېتەلىگەنىمىدۇ؟ ئاشۇ قەھرىتان كېچە ئۇنىڭ يۇمران بۇرۇتلىرى ئاستىدىكى قىزلارنىڭكىدەك نېپىز لەۋلىرى جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇقتا كۆكىرىپ، قانداق قىياپەتكە كىرىپ قالغاندۇ؟ ناخشا ئېيتىش ئۈچۈنلا يارالغاندەك شۇ قەدەر يېقىملىق كۈيلەرنى جاھانغا چاچىدىغان ئاغزىدىكى چىشلىرى مەڭگۈ ئېچىلماس بولۇپ بىر-بىرىگە قانداق كىرىشكەندۇ؟ ئۇنىڭ كىشى قەلبىنى تىترىتىدىغان مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئىجاد قىلغان يۈرىكى قانداق قىلىپ سوقۇشتىن توختىغاندۇ؟ بەلكىم ئۆلۈش ئەڭ دەھشەتلىك ئازابتۇر، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ مەن تارتقانچىلىك ئازاب تارتمىدى. ئۇنىڭ مېنىڭ ئايالىمنى — مېنىڭ ئاشۇ دونيادىكى بىردىنبىر ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىمنى، مېنىڭ جېنىم، مېنىڭ ھاياتىم بولغان گۈزەل، نازۇك بەدەننى قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتقىنىدا، مېنىڭ

ئىشىك يوچۇقىدىن كۆرۈپ، ھەسرەت بىلەن قان قۇسقىدەك بولۇپ، جالاقلاپ تىترەپ، يۈرىكىم ئەلەم ئوتىدا پاراسلاپ كۆيۈپ، ”ئاھ“ دەپ ئىڭرىغان چېغىمدىكىدەك ئازاب تارتمىغاندۇ! ھېچقانداق ئادەم مەن ئۇ چاغدا ئازابلانغانچىلىك ئازابلانمايدۇ. دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ كۆلپەتلىك، ئۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق، ئۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك ئازاب بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

مەن شۇ چاغدا خۇدۇمنى يوقاتقان ئىدىم. يېنىمدا پىچاق بار ئىدى. ھەتتا بىرنەچچە قەدەم چامدىساملا دالان ئۆينىڭ تەكچىسىگە قويۇلغان گۆش پارچىلايدىغان پالتا قولۇمغا چىقاتتى. شۇ چاغدا مەن نېمىشقا ئۇ ئەبلەخنى چاناپ-چاناپ قىيما قىلىۋەتمىدىم؟ توۋا، ئۇ، دۇنيادىكى بىردىنبىر ماڭا تەۋە بولغان ھاياتنى، مېنىڭ بىردىنبىر روھىي يۆلەنچۈكۈمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋاتسا مەن نېمىشقا يەنە شۇنداق قىلىۋېتەلمىدىم؟ ھەيرانمەن، ئادەم ئۆلتۈرگەن گۇناھىم ئۈچۈن قانۇن ئورۇنلىرى تەرىپىدىن سوتلىنىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشتىن قورقتىممۇ؟ يەنىلا ھاياتقا قىيمىدىممۇ؟ ئاھ، مۇشۇ كۆلپەتلىك ھاياتنىڭ نېمىسىگە بۇنچە قىيمايدىغاندىمەن؟!...

شۇنچە دەھشەتلىك ئازابلارغا قانداق چىدىغانلىقىمغا، نېمىشقا ئاشۇ ھالنى كۆرۈپ، ”ئاھ“ دەپ چىرقىراپلا جان بەرمىگەنلىكىمگە ھەيرانمەن. ئەي مۇدھىش تەقدىر، ئاشۇ كۈنى نېمىشقا ماڭا ئاشۇ ھالنى كۆرسەتتىڭ؟ مەن ھەتتا دەل ئۈستىدىن چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ رەسۋالىقىنى راسا ئەيىبلەيمۇ دېمىدىم. قارا بېسىشتىن ئويغىنىپ كېتىشكە تىركەشكەنچىلىكمۇ تىركىشەي دېمىدىم. مەن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ بىر ھازا داڭ قېتىپ تۇرۇپ

قالغاندىن كېيىن، ئاستا ئېسىمنى يىغىپ كەينىمگە ياندىم، لەۋلىرىم قاتتىق چىشلىگىنىمدىن قاناپ كېتىپتۇ. مەن دەلدەڭ-شىگىنىمچە قانداق بېرىپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەستىن ئۇدۇل بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ ئۆلگۈدەك هاراق ئىچتىم. بۇ هەرگىزمۇ بېرىپ ئايالىمنى ئايىماي ئۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭ مۆل-دۈرلەپ تۇرغان يوغان بىر جۈپ تەگسىز شەهلا كۆزلىرىگە قاراپ قولۇمنىڭ تىترەپ كېتىشىدىن، ئۇنى ئۇرۇشقا بارماي قېلىشى-دىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. هەرقانچە مەست بولۇپ قالسامۇ، ئۇنىڭغا قول تەگكۈزۈش تۈگۈل، بىر ئېغىز تىللى-شىم، نارازىلىق بىلەن هومىيىپ قويۇشىممۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنچە زور جاسارەت مەندە يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرى ئالدىدا يىرتقۇچ هايۋانمۇ ئۇنىڭغا خىرىس قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. بوۋاقنىڭ كۆزلىرىدەك سەبىي ۋە پاك ئاشۇ نۇر-لۇق كۆزلەر تولىمۇ سىرلىق ئىدى. هاراق ئىچىشىم پەقەت سۇنئىي ئۆلۈم ئارقىلىقلا مۇشۇ مۇدهىش رېئاللىقنىڭ يۈرىكىمگە سانجىلىپ تۇرغان ۋەهشىي تىرناقلىرىنىڭ چەكسىز ئازابىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇش ياكى بولمىسا ئاشۇ قىش كۈنى سىرتتا توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن بەختكە قارشى مېنى كوچىدا ياتقان يېرىمدىن باشقىلار ئۆيگە ئەپكېلىپ قويۇپ-تۇ، ئۇلار ماڭا بۇنداق مېهرىبانلىقنىڭ كېرەك ئەمەسلىكىنى نەدىن بىلسۇن!...

كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، ئايالىم كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئول-تۇراتتى، ئۇنىڭ شەهلا كۆزلىرى تولىمۇ زەئىپ ئىدى. ئۇ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ جىمجىت ئولتۇرغىنىچە مېنىڭ ئويغانلىقىم-

نى سەزمىدى. جىنەستىدەك قىپقىزىل لەۋلىرى سەل ئېچىلغان بولۇپ، مارجاندەك تەكشى، ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىگە قاراپ بىر كۈن بۇرۇنلا ئېرى بار تۇرۇپ باشقا بىر ئەر بىلەن سۆيۈشكەن بۇزۇق ئايال ئىكەنلىكىگە قانداقمۇ ئىشەنگۈم كەلسۇن؟! ئاھ، ئەنە شۇ قىپقىزىل لەۋلەرنى، مەڭگۈ ماڭا تەۋە بولغان، ماڭا ھاياتتا بىردىنبىر لەززەت ئاتا قىلىدىغان ئاشۇ لەۋلەرنى تۈنۈگۈنلا باشقا بىرەيلەن شورىغاندى، ئۇ ئاشۇ لەۋلەرنى شورىدىم دەپ مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ قېنىنى شورىغاندى. ئاچ قالغان چىل بۆرە، پاقلانغا ئۆزىنى ئاتقانغا ئوخشاش، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئەسەبىيلەرچە، ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيدى. ئۇلار يەنە نېمىلەرنى. . . كىم بىلىدۇ؟ . . .

ئايالىم بىلەن توي قىلغىنىمغا ئالتە ئايدىن ئاشقانىدى. مۇشۇ يېرىم يىل ئىچىدە ئۇ ماڭا مېنىڭ كۈتكەن، ئارزۇ قىلغان بەختىمنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ ئاتا قىلمىدى. ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگۈدەك شېرىن تەبەسسۇم، ئوتلۇق تىكىلىشلەر، كىشىنى مەست قىلىدىغان ناز-كەرەشمىلەر. . . بىراق ئۇنىڭدا ھېچبىر ھارارەت يوق ئىدى. ئۇ ماڭا گويا ۋېناسىنىڭ ھەيكەللىرىدەك سوغۇق ۋە سىرلىق بىر خىل گۈزەللىكتىن باشقا ھېچنەرسە تەقدىم قىلمىغانىكەن. بۇ گۈزەللىك تولىمۇ جىمجىت ۋە جانسىز بولۇپ، ھېلىلا مېنىڭ روھىمدىن ئاجراپ مەڭگۈلۈك غايىب بولۇپ كېتىدىغاندەك ۋەھىمىلىك ئىدى، بۇ، مەن ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىدىغان بەختنىڭ مىڭدىن بىرىمۇ ئەمەس ئىدى. بىراق مەن شۈكۈر قىلدىم. ھەر قېتىم ئۇنى پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن شۇنچە ئەركىلىتىپ سۆيسەممۇ، ئۇ ئاستىلا لەۋلىرىنى سوزۇپ،

كۆزلىرىنى يۇمۇۋالاتتى. . . شۇنداق بولسىمۇ شۇنچە كەڭرى ئا-
لەمدە، شۇنچە سانسىز ئادەملەر ئىچىدە پەقەت بىرلا ئۇ ماڭا
خۇشاللىق، بەخت ۋە ھايات لەززىتى ئاتا قىلالايتتى.

ئۇ تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ بىلەن توي قىل-
غاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئىشقى-پىراقىدا ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان
سانسىزلىغان يىگىتلەرنىڭ بارلىقىنى سەزگەنىدىم، لېكىن ئۇ-
لارغا پەرۋا قىلمىدىم، چۈنكى ئۇ ئەمدى مېنىڭ ئىدى. توي
قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە كۆرگەندە ئۇنىڭغا قاراپ
ھاڭ-تاڭ قالغانىدىم. پۈتۈن ئۆمرۈمدە، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى،
ئالىي مەكتەپتىكى ۋە ھازىرقى خىزمەت ئورنۇمدىكى مەن كۆر-
گەن ھەممە قىزلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدەك چىرايلىق قىزنى كۆ-
رۈپ باقمىغانىدىم. ئۇنى كۆرگەندىن كېيىنكى ھەر بىر كۈنۈم
ھەسرەت بىلەن، كېچىلىرى ئاچچىق خىيال بىلەن كىرپىك
قاقماي تولغىنىپ چىقىش بىلەن ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. توۋا،
نېمىشقا بۇنچىۋالا ھەسرەتلىنىمەن؟ ئويلاپ ھەيران قالاتتىم. ئۇ
مەن ئىشلەۋاتقان مۇشۇ ئىنستىتۇتقا ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەنى-
دى، بىز بىر فاكۇلتېتتا ئىشلەيتتۇق. تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ
بىلەن پۈتۈن فاكۇلتېت ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئاچقان يىغىن مەيدانىدا
ئۇچراشقانىدىم.

شۇ كۈنى چوڭ ئىشخانىدا ھەممە ئوقۇتقۇچىلار جەم بولغانى-
دى. شىرەلەر بىر-بىرىگە قارىتىلىپ ئىككى رەت قويۇلغانىدى.
مېنىڭ يىغىن بىلەن ئانچە ئېپىم كېلىشمىگەچكە، خۇش ياقمى-
غان ھالدا ئۇدۇل كەلگەنلا بىر يەرگە كېلىپ ئولتۇردۇم. قارى-
سام، ماڭا ئۇدۇل ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئاياللار ئىكەن.

شۇڭا ئالدىمغا تۈز قاراپ ئولتۇرۇۋېرىشكە پېتىنالماي يەرگە
قاراپ، بېشىمنى سىلىپ ئولتۇردۇم. ئاندىن ئاياللارنىڭ پايپاق
تارتىلغان پاقالچاقلىرىغا بىر-بىرلەپ، ئاستا نەزەر سېلىپ چىقـ-
تىم. بىرسىنىڭ پاقالچاقلىرى سېمىز، بىرسىنىڭ ئورۇق،
بىرسىنىڭ تومپاي، بىرسىنىڭ مايماقراق. . . ئۇنىڭ ئۈستىگە،
بۇ ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلار ئىد-
دى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ پاقالچاقلىرىغا بىرەر شەھۋانىي نەزەر بىـ-
لەن قارىمىدىم، گويا بىرەر رەسىمنى كۆرگەندەك، كۆز ئالدىمـ-
دا تۇرغانلىقى ئۈچۈن مەقسەتسىزلا تاماشا قىلغۇم كەلدى. نەزە-
رىم بىر پاقالچاققا كېلىپ توختىدى، تولغان بۇ پاقالچاقلاردا
ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان ئاجايىپ بىر گۈزەللىك ئۇرغۇپ
تۇراتتى. بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگەشتۈرۈلگەن بۇ پۇتلار گويا
ئوت-چۆپلەر ئارىسىدىكى بىر جۈپ گۈلدەك بىر قاراشتىلا باشقا
پاقالچاقلاردىن تامامەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. كۆزلىرىم يۇقىرى
كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ تار يوپكىلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان
پايپاقلىرى يېپىۋالالمىغان مەرمەردەك سۈپسۈزۈك، تەرىپلەپ
بولغۇسىز گۈزەل يوتىلىرىغا چۈشتى.

يېشىم 24لەرگە بېرىپ قالغانىدى. گەرچە ئاياللار توغرىـ-
سىدا بەزى شەھۋانىي ئىنتىلىشلەردە بولۇپ باققان بولساممۇ،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر دەملىك ئۆتكۈنچى ھېسسىيات ئىدى.
مۇھەببەت باغلايمەن دەپ ئالاھىدە بىرەر قىزنىڭ كەينىگە كىرىپ
باققان ئەمەس ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاياللارنىڭ بەدىنىنىڭ
بۇنداق گۈزەل ۋە ئاجايىپ ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنـ-
مەن.

ئۇنىڭ ئىنچىكە كۆك تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق يوتىلىرى قارىغان ئادەمنىڭ جىسمىنى بىسىپ بولغۇسىز ئەسە- بىي بىر ئىستەك بىلەن ئاجايىپ شىرىن غىدىقلايتتى. گويا ئاشۇ ئىنچىكە كۆك تومۇرلارنىڭ بىر ئۇچى نىمىشقىدۇر يۈرىكىمگە چىتىلىپ، ئۇنىڭ قانلىرىنى شوراپ ئىلىپ كىتىۋاتقاندەك ئازاب- لىق ھىسسىياتقا چۆمدۈم. ئۇ گويا مىنىڭ نەزەر سالغىنىمنى كۆرۈپ قالغاندەك ئالىۋالغان پۇتلىرىنى چۇشۇرۈپ، يوپكىسى- نىڭ ئىتىكىنى قولى بىلەن تارتىپ يوتىسىنى يىپىۋالدى. يۈز- لىرىمگە ئىسسىق قان ئۇرغۇدى. ئىتتىك بىشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم.

يۇمىلاقراق كەلگەن سۇپسۇزۇك يۈزلەرگە سايە تاشلاپ تۇر- غان ئۇزۇن-ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلەر، كەڭ قاپاقلار ئۇستىدى- كى ئىنچىكە قەلەم قاشلار، يەلكىگىچە يىيىلىپ چۇشكەن قۇند- دۇزدەك قاپقارا بۇدۇر چاچلار. . . ئاھ خۇدا، بۇلار نىمىدىگەن گۈزەل! مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۆزۈممۇ بىلمەستىن ئۇنىڭغا سەۋدايىلەرچە تىكىلىپ قاپتىمەن. ۋۇجۇدۇمغا ئەزەلدىن قان بىلەن تەڭ سىڭىپ كەتكەن تارتىنچاقلىق قەيەرگە كەتتىكىنە! مىسلىسىز جەلىپ قىلىش كۈچى بىلەن تەلۋىلەرچە ئىنتىلىش نەتىجىسىدە روھىم جىسمىمنى ۋاقىتلىق تەرك ئەتكەندى. بۇ مىنىڭ بەدەننىڭ روھنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتۇلۇشىنى تۇنجى قىتىم ھىس قىلىشىم ئىدى. ئۇ مىنىڭ تىكىلىپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ ئاستاغىنە تەبەسسۇم قىلىپ قويىدى، مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ نىمىشقا تەبەسسۇم قىلغانلىقىنىمۇ سىزىۋالالماپتىمەن. ئۇنىڭ تەبەسسۇمى گويا يورۇقلۇققا تەشنا بولۇپ تۇرغان زۇلمەت-

لىك كامىرغا ئالىقانچىلىك تۆشۈكتىن بۆسۈپ كىرگەن گۈزەل قۇياش نۇرىدەك قەلبىمنىڭ چوڭقۇر تەكتىگىچە سىڭىپ كىرىپ كەتتى. ئۇ كۆز نۇرىمنىڭ، كۆزلىرىدىن ئېچكىرىلەپ يۈرىكىمگە كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ ئەيتاۋۇر، ھودۇقۇش بىلەن ئىتتىكلا باشقا يەرگە قارىۋالدى. يەنە بىر قېتىم كۆزلىرىمىز ئۇچراشقاندا چىرايى قىزىرىپ كەتتى، ئۇ يەنە ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا يىراق-يىراقلاردىن ھەسرەت بىلەن تەلمۈرۈپ قارايدىغان بولدۇم. ئۇ دائىم چىرايلىق مودا كىيىملەرنى كىيىپ توزدەك ياسىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا يۈرىكىم ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ، ۋۇجۇدۇم ھودۇقۇش ئىچىدە لەرزىگە كېلىپ كېتەتتى. گەرچە يىغىن بىلەن خۇشۇم يوق بولسىمۇ، لېكىن فاكۇلتېت بويىچە ئوقۇتقۇچىلارغا يىغىن ئاچىدىغان كۈنىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. يىغىن ئاچىدىغان كۈنى دائىم ئىشخانىغا ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋالاتتىم. يىغىندا نېمىلەرنىڭ سۆزلىنىۋاتقانلىقى ئەسلا خىيالىمغا كىرىپ چىقمايتتى. پەقەت ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن ئوغرىلىقچە قاراپ ئولتۇرۇش بىلەن يىغىن ۋاقتىنىڭ قانداق تېز توشۇپ كەتكىنىنى سەزمەي قالاتتىم. ئىككى يىل ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى يىلغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ، بىرەر ئېغىز بولسىمۇ پاراڭلىشىپ باقمىغانىدىم. پەقەت ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ دىلبەر ئىكەنلىكىنىلا بىلەلىدىم. ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشقا نېمىشقىدۇر بىرەر باھا-نە-سەۋەب تېپىلمايتتى. شۇڭا ھاياتىم مەن ئۈچۈن ئاجايىپ ئەھ-

مىيەتسىز ئىدى. ئۆزۈمنىڭ گومۇشلۇقۇمنى، تارتىنچاقلىقىمنى راسا قارغايتتىم.

كېيىن ئۇنىڭ ئەركىن بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگىنىنى بايقاپ قالدىم. ئەركىن تولىمۇ شوخ يىگىت ئىدى. گىتار، تەمبۇر، ناخشا، ئۇسسۇل دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قولىدىن كېلەتتى. ئەر-كىن مەن بىلەن بىر كافېدرادا ئىشلەيتتى. ھەممە قىزلار ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا، چاقچاقلىشىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ دائىم چاقچاق بىلەن مېنىڭ گومۇشلۇقۇمنى مەسخىرە قىلىپ چىشىمغا تېگەتتى.

—ھەي گومۇش، بۇ دۇنياغا نېمىشقا كەلدىڭ؟ تۇرە ئور-نۇڭدىن، ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھان بۇ! شىرەدىن باش كۆتۈرمەي كەچكىچە بىرنەرسە يازىسەن، قانداق چىدايسەن؟ يا بىرەر قىزغا چاقچاق قىلىشنى بىلمەيسەن، بىرەر ئەيىبىڭ بارمۇ-يا؟

ئادەملەر ئىچىدە پاراڭلاشتىم دېسەم ئەڭ كۆپ پاراڭلىشىدى-غان ئادىمىم پەقەت ئەركىن ئىدى. چۈنكى مەن تونۇيدىغان كىشىلەر ئىچىدە پەقەت ئۇلا دائىم مېنىڭ جىمغۇرلۇقۇم ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، مېنى سۆز قىلىشقا ئۈندەيتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭغا: ”مەن بىلەن نېمە كارىڭ؟ قانداق بولسام ئۆز ئىختىيا-رىم“ دېگەن سۆزدىن باشقىنى قىلمايتتىم.

دىلبەر مېنىڭ نەزەرىمدە گويا كۆكتىكى ئاي، مەن بولسام يەردىكى قانىتى بوغۇچلاپ تاشلىۋېتىلگەن ئاجىز بىر قۇشقا ئوخ-شايتتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ مىسلىسىز گۈزەللىكى بىلەن كۆكتە جەۋلان قىلاتتى، مەن بولسام يۈرىكىمگە سىڭىپ كەتكەن تارتى-نىش زەنجىرلىرىدە قانىتىم بوغۇچلانغانىدى. ئۇنىڭ گۈزەللى-

كىگە قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىمنى ئىقرار قىلىشقىمۇ مەندە جۈرئەت يوق ئىدى.

بىر كۈنى ئەركىن ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى. نېمىشقىدۇر خېلى ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭ چېھرىدە ئۇرغۇپ تۇرىدىغان باھار ئاپتىپىدەك شاد كۈلكىلەر، شوخلۇقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. غازاڭدەك سارغايغان چىرايى ئەسلىدىكىدىن جۇدەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ساقاللىرى خېلىلا ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، كىيىملىرى رەتسىز، كىر ئىدى. كىيىنىشكە ھەددىدىن ئارتۇق ئېتىبار بېرىدىغان بۇ يىگىتنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ چاقچاقلىرىمۇ جىمىپ كەتتى، يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ياتىقىدىن كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك دەردلىك ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالاتتىم.

ئانام مېنى تۇغقاندا،
ئاق يۆگەككە يۆگىگەن.
ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن دەپ،
بەختى بولسۇن دېمىگەن.

ئۇ ئېيتىدىغان ناخشىلار ئىچىدە مۇشۇ بىر ناخشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭ مەزمۇنى مېنىڭ قەلبىمنى قاتتىق ھاياجانغا سېلىپ، قانداقتۇر بىر ئازاب، پۇشايمان ۋە ئىنتىلىش ھېسسىياتىغا چۆمۈلدۈرەتتى. تەشنالىق، مەنىسىزلىك بىلەن ئۆتكەن يىللاردىن يۈزنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كۆرە، سۆيگۈ-

مۇھەببەت ۋە بەخت بىلەن تولغان بىر كۈننى ياشاش مىڭ ھەسسە ياخشى ئەمەسمۇ! شۇڭا بەزىدە ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆزۈممۇ سەزمەستىن بىر دەم تۇرۇپ قالاتتىم. كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا سەل ھەيران قالاتتىم. ئۇمۇ ئۆزىنى بەختسىز ھېسابلامدىكىنە؟ دۇنيادا قىزلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن ئا- دەمنى قانداقمۇ بەختسىز دېگىلى بولسۇن! ئەگەر بىرەر قىز مېنى ئەركىننى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئەمەس، ئۇنى ئۆمرۈمدە بىرنى سۆيۈ- ۋالسامۇ ئۆزۈمنى يەنىلا مەڭگۈ بەختلىك ھېسابلايتتىم. بەلكىم ئۇ پۈتۈنلەي بەختنىڭ ئىچىگە چۆمۈلۈپ يۈرگەچكە، بەخت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندۇ. ئادەت بولۇپ كەتكەن ئىشلارنىڭ مەززىسى بولمايدۇ. شۇڭا بۇنداق چاغدا ئادەم راستتىنلا ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىدۇ، بەخت ئۆز مەنىسىنى يوقىتىدۇ...

—ھە، كېلە،—دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ. نەزىرىم ئۇنىڭ ئا- دەمنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە بىر خىل مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ يوغان كۆزلىرىگە چۈشتى. ئەگەر بىر كىشى ئاشۇنداق كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرىدىغان مىسكىن كۆزلىرى بىلەن سىزگە قاراپ كەلسە، ئىشىنىمەنكى ئەگەر ئۇ قولىدا پىچاق ياكى تاپانچا ئېلىپ كەلسىمۇ تۈنجى قېتىم كۆزدە- ڭىز چۈشىدىغىنى ئەجەلنىڭ سىمۋولى بولغان تاپانچىنىڭ ئەزرا- ئىلنىڭ كۆزلىرىدەك دەھشەتلىك ستىۋولى ياكى پىچاقنىڭ ئال- ۋاستىنىڭ مۇدھىش كۈلكىسىدەك يالت-يۇلت يالتىراپ تۇرغان بىسى بولىشى ناتايىن، نەزىرىڭىز چوقۇم كىشىنىڭ ئاشۇ كۆزلە-

رىگە چۈشىدۇ.

ئۇ ماڭا قاراپ ئاستاغىنە كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى
ماڭا بىرخىل چىراي ئىپادىسى ئەمەس، بەلكى يۈزىنىڭ بىر
قىسمى بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. بەلكىم ئۇ توختىماي كۈ-
لۈپ يۈرمىسە بىر كۆرگەن كىشى ئۇنى تونىماي قېلىشى مۇم-
كىن. ئەگەر ئۇنىڭ چېھرىسىدىن كۈلكە يىتسە، ئۇ چوقۇم
يۈزىنىڭ بىر قىسمىنى ئېتىۋالغان ئادەمدەك بولۇپ قالىدۇ.
ناۋادا مەنمۇ ئۇنى توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدىن بىرەر
ئادەمگە ئىزلىشىپ بەرسەم ياكى فاكۇلتېتىنىڭ بىرەر ئىشلىرى
ئۈچۈن ئىزلەپ قالسام ھەرگىزمۇ ئاۋۋال ئۇنىڭ قىرلىق بۇرنى-
نى، پىچاق بىلەن يونۇپ قويغاندەك ئۈزۈنچاق ۋە تەكشى چاسا
ئېڭىكىنى، قاپقارا بۇرۇتىنى ئىزلەپلا قالماستىن، شۇنچە نۇر-
غۇن كىشىلەر ئارىسىدىن دەسلەپ ئاشۇ كۈلكىنى، ئاندىن ئاشۇ
ئېڭەك، ئاشۇ بۇرۇن ۋە ئاشۇ بۇرۇتلارنى ئىزلەيتتىم، شۇندىلا
ئۇنى تېز تاپالايتتىم.

ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ ھەسرىتىنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستىسى
بەلكىم پەقەت يىغىلا بولمىسا كېرەك. ئەگەر ھەسرەتنى يىغا
بىلەن ئىپادىلەپ بولالمىسا، كۈلكە ئارقىلىق—مانا ھازىرقى
ئۇنىڭ مۇشۇ كۈلكىسىدەك ئاجايىپ ئېچىنىشلىق كۈلكە ئارقى-
لىقلا ئەڭ يارقىن ئىپادىلەش مۇمكىن. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى
ئازابلىق كۈلكىسىنى، دەردلىك كۆزلىرىنى تەسۋىرلەشكە تىل
ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇ كۈلۈۋاتاتتى. . . دۇنيادا ئازاب بىلەن
كۈلكىدىن ئىبارەت مەڭگۈ قارىمۇقارشى بولغان بۇنداق ئىككى
خىل ھېسسىياتنىڭ گويا چەك-چېگرىسى يوقتەك، بىرلا ۋاقىتتا

بىر ئادەمنىڭ چىرايىدا بىردەك ئىپادىلىنىپ چىقىشىنى كۆرۈش تولىمۇ تەس بولسا كېرەك. ئۇنىڭ مەڭزلىرىدە زىناق پەيدا بولغانىدى. ئۇ ئۆچمەس، تەبىئىي زىناق ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ھەممە يېرى كۈلۈۋاتاتتى. بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئاچچىق بىر ھەسرەت، گەرچە ئۇ كۈلۈۋاتقان بولسىمۇ، خۇددى پاختىدا چوغنى ساقلىغىلى بولمىغاندەك شۇنچە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇ بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن بىردىنلا شۇنداق دېدى:

— ھەي گومۇش، قاچانغىچە بويتاقلىقنىڭ ئازابىنى تارتىسەن؟ سېنىڭ تويۇڭنى ئوينايمىز دەپ كۆزىمىز تۆت. تويۇڭنى گىتار ۋە ناخشا بىلەن ئۆزۈملا قىزىتىۋېتەتتىم، بىراق سەن بىرەر قىزغىمۇ ئېغىز ئاچمايسەن.

ئېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتاتتى. گاھىدا ئۇسسۇزلۇق ئازابىدا ئۆرتەنگەن ئادەمدەك، بوغدىيىكى مىدىرلاپ، سۆزى يېرىمىدا ئۈزۈلۈپ قالغىلى تاس قالاتتى، لەۋلىرى سۇس تىترەيتتى. ئۇنىڭ سۆزى ئۇچۇن سەل خاپا بولۇشۇم ياكى خىجىل بولۇشۇم كېرەك ئىدى، بىراق مەن ئۇنداق قىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. گويا ئۇ مەن بىلمەيدىغان باشقا تىل بىلەن سۆزلەۋاتقاندەك، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قىلچە ئاڭقىرالمىدىم.

— گەپ قىل دەيمەن، — ئۇ يەنە تىترەك ئاۋاز بىلەن شۇنداق دەپ دولامغا ئۇرۇپ قويدى. مەن ئۇنىڭ مۈرەمگە قويغان قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلغاندەك بولدۇم. بەلكىم ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئاشۇ غەلىتە ئىپادە سەۋەبىدىن

شۇنداق ھېس قىلىپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن. مەن ئۇنىڭ كۆلۈۋاتقان ياكى يىغلاۋاتقانلىقىنى زادىلا پەرق قىلالمىدىم، — توي قىلىۋالساڭ ئۆزەڭگىمۇ ياخشى. . . — دېدى ئۇ يەنە. ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى تىترەپ، دۇدۇقلاپ كەتتى-دە، بىردەم گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي تۇرۇپ قالدى.

مەن ئۇنىڭغا بىر پەس قاراپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايىدىكى غەلىتە كەيپىياتقا قاراپ تۇرۇشۇمغا تاقەت قىلالماي ئىتتىك باشقا تەرەپلەرگە قاراپ بىردەم تۇرۇۋالدىم.

— قاملاشمىغان چاقچىقىڭنى قويە! — دېدىم ئاچچىقلاپ.

— ياق، چاقچاق ئەمەس، — دېدى ئۇ.

— مەن بۇ يىل ئەمدىلا 24 ياشقا كىردىم، تېخى كىچىك، بويتاق ئۆتۈپ قېرىپ كېتىۋاتقىنىم يوق، ئۆزەڭنىڭ توي قىلىشىنى ئويلىساڭمۇ كاللا قاتۇرىشىڭغا يېتىپ ئاشىدۇ، — دېدىم ناھايىتى سوغۇق كەيپىياتتا. مەن خىزمەتداشلىرىم ئىچىدە ئەڭ كىچىكى ئىدىم. مەندىن ئالتە-يەتتە ياش ھەتتا ئون نەچچە ياش چوڭ بولسىمۇ تېخىچە بويتاق يۈرۈۋاتقانلار ئاز ئەمەس ئىدى.

— ياق، مېنىڭ گېپىمنى ئۇنداق خاتا چۈشىنىۋالما، — دېدى ئەركىن، — مەن سېنى خوتۇن تاپالماي قالدى دەپ ئويلىغىنىم يوق.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ناھايىتى سوغۇققانلىق بىلەن ئېيتىلىۋاتقان سۆزلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ ئاۋازى جىددىيلىشىشتىن بوغۇلۇپ چىقاتتى. ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ دىلبەرنى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈپ يۈرگىنىمنى بىلىپلا قالغاندەك، شۇڭا قەستەن مەندىن گەپ ئېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ

كەتتى-دە، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم.

—دوستلار بىر-بىرىنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىغا كۆيۈنۈشى، ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىشى كېرەك،—دېدى ئۇ،—مەن بىر قىزنى ساڭا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدىكەن دەپ ئويلىغانىدىم. ئۇ ناھايىتى ياخشى بىر قىز. سەن دىلبەر. . . بىلەن توي قىلىشنى خالامسەن؟

مەن داڭ قاتقىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. يۈرىكىم شىددەت بىلەن گۈپۈلدەيتتى. گويا پۈتۈن جىسمىمدىكى قان ئۇيۇپ قال-غاندەك ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. دىلبەرگە يوشۇرۇن كۆيۈپ-پىشىپ يۈرۈشۈم پەقەت مەڭگۈلۈك سىر بولۇپ قېلىشقىلا مۇناسىپ ئىدى. مەن دائىم ئەركىن بىلەن ئۇنى بىللە كىنوخانى-غا ياكى باغچىلارغا كېتىپ بارغان ھالدا كۆرەتتىم، بۇ چاغلاردا يۈرىكىم پىژىلداپ ئېچىشىپ كېتەتتى. ئۆزۈمنى تولىمۇ قەدىر-سىز ۋە بىچارە ھېس قىلاتتىم، شۇڭا بۇنى ئەركىنىنىڭ ئالدىدا ئېغىزغا ئېلىش تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. گويا بۇنى ئاڭلىسا دۇنيادىكى ھەممە ئادەم: ”ۋاي گومۇشەي، ھالــىڭغــا باقساڭ-چۇ!“ دەپ مېنى بىر ئۆمۈر مەسخىرە قىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا بۇ مەخپىيەتلىكنى گويا پاك ۋە سادىق قىز ئۆز ئىپپىتىنى جان تىكىپ قوغدىغاندەك قوغداپ كەلگەنىدىم.—ھەي، گەپ قىل،—ئۇ دولامدىن سىلكىشلىدى،—دىلبەرگە كۆڭلۈڭ بار-مۇ-يوق؟ ئەگەر بولسا. . . دەر. . . ھال. . . تويغا. . . تەييارلىق قىل.

بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئەمەس ئىدى، بۇ سۆزنى ئېنىق ئاڭلىغا-نىدىم. ئۇ مېنى توي قىلىشقا تەكلىپ قىلىۋاتاتتى. كېيىن ئۇ

يەنە بىر نىمىلەرنى دىدى، ئەمما لەۋلىرى بەزگەكنىڭكىدەك ئەسەبىيلەرچە تىترەپ، ھېچبىر تاۋۇش چىقماي قالدى. ئۇ ئور-نىدىن چاچراپ تۇرۇپ، مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىگىنىچە سەن-تۈرۈلۈپ چىقىپ كەتتى.

— ئەر. . . كىن!

ۋارقىرىغان ئاۋازىم تاماكىلارنىڭ ئىسى بىلەن تولغان ياتاق بوشلۇقىدا لەيلەپ قالدى. يۈرىكىم چەكسىز ھاياجان ئىچىدە تىپىرلايتتى. ھەي ئىسىت، دۆتلىكىمنى! نېمىشقا ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي چىقىرىۋېتىمەن، نېمىشقا دىلبەر قوشۇل-سىلا جان دەپ ماقۇل بولىدىغانلىقىمنى ئېيتمايمەن؟ ئىسىت، نېمىشقا ساراڭلارچە ئولتۇرۇپ قالدىم؟ ھېچ بولمىغاندا، نېمىش-قا ئۇنداق دەيسەن دەپمۇ سوراپ قويمىغىنىمنى!

ئۇ نېمىشقا شۇنداق دېدىكىنە؟ ”تويغا تەييارلىق قىل!“ — مەن بۇنىڭ چۈشۈمدە ئەمەس، ئويغۇمدا ئاڭلىغان ئاۋاز ئىكەنلى-كىنى بىلمەكچى بولۇپ ئاشۇ ئاۋاز سىڭىپ كەتكەن تاملارغا يېلىنغاندەك تىكىلەتتىم.

ئاشۇ كۈنى كېچىچە كىرپىك قاقمىدىم. يۈرىكىم كۆيۈۋاتات-تى، لېكىن ئاغرىمايتتى. ئەتىيازنىڭ قىزىق ئاپتىپىدا ياتقان ئادەمدەك قاتتىق راھەتلىنىپ، بوشىشىپ كېتىۋاتاتتىم. دىلبەر-نىڭ كۆز ئالدىمدىكى كۈلۈپ تۇرغان گۈزەل غايىۋانە سىماسىنى قوچاقلايتتىم. ئىسسىپ كېتىپ يوتقاننى ئېچىۋەتتىم، ئاخىر ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزىنىمۇ ئېچىۋەتتىم. دېرىزىدىن ئېتىلىپ كىرگەن سوغۇق شامالمۇ يۈرىكىمگە تەگمىدى. ئەتىسى قاتتىق زۇكامداپ قاپتىمەن. شۇ كۈنى بىر سىنىپقا دەرسىم بار ئىدى.

ماتېرىياللىرىمنى قولتۇقۇمغا قىسىپ ئاستا كېتىۋاتاتتىم. كۆز-لىرىم دىلبەرنىڭ سىيماسىنى ئىزەشتىن باشقا ھەممە رولىدىن مەھرۇم بولغانىدى. دىلبەرنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدىم. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا يۈرىكىم قاتتىق سېلىپ كەتكىنىدىن ھودۇقۇپ، بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا ئەسلا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىمنى سېزىپ، يانغا بۇرۇلۇپ كەتمەكچى بولدۇم. بىراق قايرىلغۇدەك يول يوق ئىدى، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلاشقىلى تۇردى. پۇتلىرىم تىترەپ، سەنتۈرۈلۈپ كەتكىلى تاس قىلىۋاتات-تىم. ئارىلىقىمىز ئون مېتىرچە قالغاندا ئۇ دەرھال توختاپ، بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك قىلدى-دە، شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. گويا ئۇ مەندىن قاچقاندەك تۇيۇلدى-دە، بەدىنىم مۇزلاپ كەتتى.

”ئۇھ!“ دەپ ئېغىر بىر تىنىدىم. يېنىمدىن ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. شۇڭا بۇ ئاۋازىمنىڭ قاتتىق چىقىپ كەتكىنىدىن خىجىل بولۇپ يۈزلىرىم ئوت ئالغاندەك قىزىپ كەتتى.

كەچتە ئەزكىن ياتىقىمغا يەنە كىردى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆت-كەنكى كۈندىكىگە ئوخشاش ۋە ئۇنىڭدىنمۇ سىرلىق ئىدى. ئۇ ماڭا: ”تېخىچە بىرەر ئىش قىلمىدىڭمۇ؟ دەرھال دىلبەرگە ئې-غىز ئاچ“ دەپ جېكىلىدى.

گويا ياتلا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك، خىياللار ئىچىدە تەمتىرەپ يۈردۈم. ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ بىرەر مىنۇتمۇ پاراڭلىشىپ باقمىغان تۇرسام قانداقمۇ ”مەن سىزنى

ياخشى كۆرىمەن“دېگەن ئاشۇ سۆزنى ئۇنىڭغا ئېيتالايمەن؟ . . .
مەن شۇندىلا بۇ سۆزنىڭ قانچىلىك مۇقەددەس ۋە قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل سۆز-لىرى ئىچىدە ئاشۇ سۆزلا كىشى ھاياتىنى كۆلدۈرەلەيدىغان ۋە خاراب قىلىۋېتەلەيدىغان ئەڭ قۇدرەتلىك سۆز ئىكەنلىكىنى سې-زىپ يەتتىم. ئاھ، بۇ نەقەدەر شېرىن، نەقەدەر رەھىمسىز جۈملە-ھە؟!

بىرنەچچە كۈن ئىچىدە پۈتكۈل ھاياتىم ئاشۇ سۆزگىلا باغلى-نىپ قالدى. بۇ سۆزلەر يۈرىكىمدە تېپىرلاپ مېنى ئېيتقۇسىز دەرىجىدە قىينايتتى ۋە ئاجايىپ شېرىن غىدىقلايتتى. ھاياتىم ئاشۇ سۆز دائىرىسىدىنلا چىقىپ كېتەلمەيتتى. يول ماڭغاندىمۇ ئۆزۈممۇ سەزمەستىن ئاستا پىچىرلايتتىم:

”ئاھ دىلبەر، مەن سىزنى سۆيىمەن!“

تېپىرلاپ بىر يەردە تۇرالماي قېلىۋاتاتتىم، كۆزلىرىم كې-شىلەر ئارىسىدىن ئۇنىلا ئاختۇراتتى. ئۇ بىردىنلا مېنىڭ ھايا-تىم، بەختىم، غايەم، ئىستىقبالىمغا ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيۇ-لاتتى. ئۇنىڭ سىيماسى پۈتكۈل ھاياتىمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋال-غاندى. ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت مېنىڭ پۈتكۈل روھىي دۇن-يايىمنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە گويا دەردلىك ھەم گۈ-زەل بىر كۈيدەك جاراڭلايتتى. بۇھال مېنى قاتتىق چۆچۈتىۋەت-تى. ئەگەر ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەي قالسام. . . ياق! . . . بۇنى ئويۇ-لاشمۇ قورقۇنچلۇق! . . . ئاھ، ئۇ مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمنى ئىگەللىۋالدى. بۇرۇن مېنىڭ يۈرىكىم پەقەت قان ئايلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان بىر پارچە گۆش بولغىنىمىدىكىن-تاڭ، گويا

ھاياتىم، ھېسسىياتىم، روھىي پائالىيىتىم ئەمدى باشلىنىۋاتقان-
دەك، گويا ئۇنىڭ مۇھەببىتىلا ماڭا ھەقىقىي ھايات ئاتا قىلالاي-
دىغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئەگەر ئاشۇ پاجىئەلىك ئاقى-
ۋەت كېلىپ چىقسا مېنىڭ يۈرىكىم نېمىگە ئايلىنىپ قېلىشى
مۇمكىن؟ ئۇ ھالاك بولىدۇ!
دىلبەرگە خەت يازماقچى بولدۇم. ئۇنىڭغا خەت يازغاندا
گىيوتى، تولستوي، زىۋگ قاتارلىق دۇنيادىكى مەشھۇر يازغۇ-
چىلارنىڭ مەن ئوقۇغان پوۋېست، رومان، ھېكايىلەردىكى يۈرى-
كىمگە نەقىش بولۇپ كەتكەن، مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئاجايىپ
گۈزەل لېرىك جۈملىلىرىنى، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدى-
غان ئەقلىيە سۆزلىرىنى دوراپ يېزىشقا باشلىدىم. بىرەر ئادەم-
نىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ياتىقىمنىڭ ئىشىكىنى چىڭ
تاقىۋېلىپ يازدىم. يازغانلىرىم ئۆزۈمگە پەقەت يارىماۋاتاتتى،
بۇلار ئۇنىڭغا گويا قەغەز ئۈستىدىكى ئۆمۈچۈك تورىدەك قالايمى-
قان ئەگرى سىزىقلار، بىر يۈرەكنىڭ، چىن مۇھەببەتنىڭ سادا-
سى ئەمەس، بەلكى قول بىلەن يېزىلغان بىر پارچە ئاددىي خەت
بولۇپ تۇيۇلماسمۇ؟! ئۇ بۇنىڭغا قاراپ مېنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك
دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى چۈشىنەرمۇ؟!
توۋا، خەت يازغۇچە يېنىمدا ھېچكىشى بولمىسىمۇ گويا
ئۇنىڭغا يۈزمۇيۈز تۇرۇپ گەپلىشىۋاتقاندەك يازغان سۆزلىرىم
قولاشماي قېلىۋاتاتتى. بولدىلا، قانداقلا بولسا ئاخىر مىڭ تەستە
خەتنى يېزىپ پۈتكۈزدۇم. يەنە ئۆزۈمگە يارىماي يىرتىۋەتمەسلى-
كىم ئۈچۈن خەتنى قايتا ئوقۇماي چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقۇمغا
سالدىم.

بىر-ئىككى كۆن ئۆتتۈپ كەتتى. گويا بىر نەچچە يىل ئۆتتۈپ كەتكەندەك قاتتىق تىت-تىت بولۇپ يۈردۈم. بىراق خەتنى ئۇ-نىڭغا بېرىشكە زادى جۈرئەت قىلالمىدىم، خەت يانچۇقۇمدا بىر پارچە چوغدەك يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ ساقلىنىۋەردى. ئەركىنگە ئەھۋالىمنى ئېيتماقچى بولدۇم، لېكىن ياتىقىنىڭ ئالدىغا بىر-نەچچە رەت بېرىپمۇ كىرىشكە پېتىنالماي قايتىپ كەلدىم. ئاخىر بىر قېتىم بارلىق غەيرىتىمنى يىغىپ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ تۇرۇشۇمغىلا ئۇ ياتىقىدىن چىقىپ قالدى.

—ھە، كىرە، سەنمۇ بىرەر ئادەمنى ياتىقىغا ئىزلەپ كېلىدىڭكەنسەن-ھە؟ ياتاققا كىر.

—ياق، بولدى... مەن... مەن دىل... دىلبەر...—ھودۇققىنىمدىن كېكەچلەپ گېپىمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدىم. قوللىرىم بىر نەچچە رەت يانچۇقۇمغا سوزۇلۇپ، قورۇق قايتتى.

ئەركىننىڭ كۆندىن-كۆنگە جۇدەپ، سارغىيىپ كېتىۋاتقان چىرايىدا بىر خىل ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى. ئارقىدىنلا بۇ ئىپادە ھېلىقى ئېچىنىشلىق، غەلىتە كۈلۈمسىرەشكە ئۆزگەردى. ئاندىن ئۇ ئاچچىق ئارىلاش، قانداقتۇر چۈشىنىكسىز بىر خىل تەلەپپۇزدا:

—ھەي!... قارىغىنا سېنى، ئىسىت، ئوغۇل بالا بولۇپ قالغىنىڭنى. بىرەر قىزغا گەپ قىلساڭ سېنى يەۋېتەمتى؟ نې-مانچە يۈرەكسىزلىك قىلىسەن؟ ئېغىز ئاچالمىساڭ خەت يېزىپ ماڭا بەر، تاپشۇرۇپ بېرەي!—دېدى.

بىر نەرسىلەرنى دېمەكچى بولۇپ ئاغزىمنى مىدىرلاتتىم،

بىراق ئاۋازىم چىقماي قالدى. خەتنى يانچۇقۇمدىن ئېلىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن گويا قىپقىزىل قان تېمىپ توختىماي سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىمنى كۆكرىكىمدىن ئېلىپ سۇنغاندەك، ئۇنىڭغا بەردىم-دە، شارتتىدە كەينىمگە بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈپ كەتتىم.

ئەتىسى دىلبەرنى قورقۇنچ، ئىنتىزارلىق بىلەن ئىزلىدىم، سەھەردە ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىشىك يوچۇقىدىن قارىسام، ئۇ ئىشخانىسىدا كۆرۈنمىدى. ئەركىنمۇ شۇ كۈنى خىزمەتكە كەلمىدى. ئاڭلىسام كېسەل بولۇپ دوختۇرخاندا يېتىپ قاپتۇ.

كەچتە ئەركىننى يوقلىغىلى دوختۇرخانىغا باردىم، بالنىستقا كىرىشىمگىلا كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان ئەركىننىڭ يېنىدىكى دىلبەرگە كۆزۈم چۈشتى. كۈچلۈك رەشىك ئوتى ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىۋەتتى. ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپلا قالدىم. ئەركىنگە ئاسما ئوكۇل قويۇلغان بولۇپ، دىلبەر بىر قاچىدىكى تاماقنى قوشۇق بىلەن ئۇنىڭغا ئىچكۈزىۋاتاتتى. جىددىيلىشىپ كەتكىنىمدىن ئەركىندىن ئەھۋال سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مۇزدەك بىر دولقۇن مېڭەمنى توڭلىتىۋەتكەندەك ھېس قىلدىم. دىلبەر گويا ئۇۋۇچىنى كۆرگەن كېيىك بالىسىدەك يوغان كۆزلىرى بىلەن ئالاقىزادە ۋە بىچارە ھالدا چۆچۈپ ماڭا لاپپىدە قارىدى، سالام ئورنىدا سۇس كۈلۈمسىرىدى-دە، قولىدىكى قاچىنى دېرىزىگە قويۇپلا چىقىپ كەتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ئىسىمگە كېلىپ ئەركىندىن ئەھۋال سورىدىم. ھەر قانچە چاندۇرماي دېسەممۇ ئاۋازىم يەنىلا ئاجايىپ

قوپال ۋە سوغۇق تەلەپپۇزدا چىقتى.

— ھېچ ئىش يوق، كېسەل بولۇپ قالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ كەلسەم، ياتاقتا ئالدى. تېخى دىئاگنوز قويۇلۇپ بولمىدى. دوختۇرلار كېسەلنىڭىز ئانچە ئېغىر ئەمەس، دەيدۇ، — دېدى ئۇ يەنىلا ھېلىقى ئېچىنىشلىق كۈلكىسى بىلەن كۈلۈمسىرەپ. ئۇنىڭ سارغايغان چىرايى ئوق تەگكەن ئادەمنىڭكىدەك ئازابلىق قورۇلۇپ كەتتى.

باياتىنقى ئەھۋالنى ئويلاپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم: «ئەركىن بىلەن دىلبەرنىڭ ئارىسىدا خىزمەتداشلىقتىن باشقا مۇناسىۋەت يوق» دەپ ئىشىنىشكە قىستايتتىم. بىراق گۇمان رەھىمسىزلىك بىلەن يۈرىكىمگە ھۇجۇم قىلىۋېرىپ، ئەركىننىڭ قەلبىمدىكى ئەسلى ئوبرازىنى بىتچىت قىلىۋېتىۋاتاتتى.

خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، دىلبەر خېتىمگە جاۋاب بەرمىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى قەلبىمدىكى ئۈمىدسىزلىك يۈرىكىمنى غالجىرلىق بىلەن تاتىلاپ، ھەر بىر كۈنۈم زەھەر يېگەن ئادەمنىڭكىدەك ئازابلىق ئۆتتى. ئاخىر خېتىمنى ئەركىننىڭ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگىنىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم.

ئىنتىزارلىق ئىچىدە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ياتاققا كېتىۋېتىپ دىلبەرنى كۆرۈپ قالدىم. يۈرىكىم شىددەت بىلەن سىلىپ كەتتى. ھودۇققىنىمدىن قاچىدىغان يەر تاپالمىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى تەمتىرەش، ئەندىكىش ۋە تارتىنىش ئىلكىدە ماڭا قاراپ تۇراتتى. ۋۇجۇدۇمنى شىددەتلىك بىر ئوت كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ سوغۇق ۋە مىسكىن قارىشىلا مېنىڭ مۇھەببىتىمگە بېرىلىپ

بولغان جاۋابتەك بارلىق سەزگۈلىرىمنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. ئۆمرۈمدە ئايالالارنىڭ ئالدىدا شۇ كۈنكىدەك قاتتىق ھاياجانلىنىپ باققىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا نىسبەتەن ئەرلەر بىلەن ئوخشاشلا ئىدى. دىلبەرنى تۇنجى كۆرۈشتىن بۇرۇن بىر كۈنى مەن بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان بىر قىز (ئۇنى ئانچە چىرايلىق دەپ كەتكىلى بولمايتتى، بىراق ئۆزىنىڭ ئەركە ۋە ياسانچۇقلىقى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايتتى) ئىشخانىدا ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا ئاستا ئالدىمغا كېلىپ:

—ئەخمەت! خىزمىتىم يۆتكىلىدىغان بولۇۋاتىدۇ. سىلەردىن ئايرىلغۇم كەلمەي كۆڭلۈم بەك يېرىم،—دېدى.

—چۆرگىلەپ يەنە كېلىپ قالارسىز،—دېدىم.

—ھا...ھا...ھا...قارىغا گېپىڭىزنى، سىزمۇ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈشكە خېلى ئۇستا ئىكەنسىز-ھە. سىزگە مۇنۇ ئىزناكنى يادىكار قىلاي، قوبۇل قىلامسىز؟

ئۇ بىكار بولسىلا ماڭا چاقچاق قىلىشقا ئۇرۇناتتى. جىمغۇرلۇقۇمنى مەسخىرە قىلىپ ماڭا ھەر خىل لەقەملەرنى قويۇۋالغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا قاپىقىمنى ئاچمايتتىم.

شىرەدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆكسى ئۈستىگە تاقىۋالغان توز سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىزناكنى قولى بىلەن كۆرسەتتى. كۆزلىرى بىر قىسىملا چاقناپ تۇراتتى.

—مەن سىزگە نېمە سوۋغا قىلارمەن؟—ئىشىمنى توختاتماستىنلا سوراپ قويدۇم.

— بىرەر خاتىرە بۇيۇم سوۋغا قىلمىسىڭىزمۇ ئەسلەپ تۇرى-
مەن. پەقەت سىزنىڭ مېنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن بۇنى
سوۋغا قىلاي دەۋاتىمەن.

ئىشىم بەكمۇ ئالدىراش ئىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر تاغار ۋاتىل-
داپ كاللامنى ئېلىشتۇرۇپ، مېنى ئاۋارە قىلىشىدىن تېزرەك
قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆكسىدىكى
ئىزناكقا قول سوزدۇم. دەل شۇ چاغدا ئەركىن كىرىپ قالدى-
دە، ماڭا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. پەقەت شۇ چاغدىلا
قولۇمنىڭ قىزنىڭ كۆكسىدە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يۈز-
لىرىم ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ، پېشانەمدىن ئىسسىق تەر چى-
قىپ كەتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ھېلىقى قىزنىڭ خىز-
مىتى يۆتكىلىپ، ئىشخانىدا پەقەت ئۆي-ئوچاقلىق بولغان يېشى
چوڭ ئاياللارلا قالدى. ئۇلارغا نىسبەتەن مەندە ھېچقانداق باشقى-
چە سېزىم بولۇپ باقمىغانىدى. ھودۇقۇپ تەمتىرەشلىرىم پەقەت
دىلبەرنى كۆرگەندىن كېيىنلا يېڭىباشتىن باشلاندى.

دىلبەر مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. چۆچۈپ باشقا ياققا
قارىۋالدىم-دە، كۆرمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ يانداپ ئۆتۈپ
كەتمەكچى بولدۇم.

— ئەخ. . .مەت! . . .

گويا ھەسرەتلىك يىغا بىلەن ئارىلىشىپ چىققاندەك تىترەك
ئاۋاز ئاڭلاندى. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قاراشقا جۈرئەت قىلالماي،
ئورنۇمدا ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. تىنىقىمنى ئىچىمگە
يۇتۇپ ئۇنىڭ ھايات-ماماتلىقىمنى بەلگىلەيدىغان ئاۋازىغا قۇلاق
سالدىم. گويا يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قېلىپ، بەدىنىمدىكى

بارلىق قانلار ئۇيۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.
— مەڭ. . . ، — ئۇ قولۇمغا بىر پارچە قاتلانغان كىچىككىنە قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئاندىن يۇگۇرگەن ئاياغ تىۋشى ئاڭلىنىپ بارا-بارا يىراقلاشتى. قوللىرىم گويا ھېلىلا پارتلاپ مېنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان بومبىنى تۇتۇپ تۇرغاندەك تىترەيتتى. شۇنچە زور، شۇنچە چەكسىز بولغان مۇھەببىتىمگە بېرىلگەن جاۋاب پەقەت ئالىقانچىلىكلا قەغەز. . .
ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام ئۇ يۇزلىرىنى ئىككى قولى بىلەن ئەتكىنىچە كېتىۋېتىپتۇ. ئۇ نېمە بولغاندۇ، يىغلاۋاتامدۇيا؟ مەن بىر ھازاغىچە قەغەزنى ئېچىپ قاراپ بېقىشقىمۇ جۇرئەت قىلالمىدىم. ئالىقانچىلىكلا قەغەزگە يېزىلغان جاۋابتىن نېمىنى كۇتۇش مۇمكىن؟ ئەڭ ئېچىنىشلىق، ئەڭ پاجىئەلىك تۇردە مېنىڭ ھاياتىمنى خاراپ قىلىۋېتەلەيدىغان قاباھەتلىك سۆزلەرنى يازسىمۇ بىرنەچچە بەت يازسىچۇ! . . .
قەغەز گويا يېزىپ قويغىنىغا بىرەر يىل بولغاندەك پۇرلىشىپ كەتكەنىدى. خەتنى ئاستا ئېچىپ ئوقۇدۇم. خەتنى تۇتقان قوللىرىم تىترەيتتى: „دەرھال بىزنىڭ ئۆيگە ئەلچە ئەۋەتىپ، بىر ئاي ئىچىدە توي تەييارلىقىنى پۇتكۇزۇڭ، بولمىسا كېچىكىسىز!“
داڭ قاتقىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ خېتىگە قاراپ تەكلىپىمگە قوشۇلغان ياكى قوشۇلمىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قاراپ قالدىم. بۇ سۆز گويا „مەن سېنى سۆيىمەيمەن“ دېگەن قورقۇنچلۇق سۆزدەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئېسىمنى يىغىپ خەتكە يەنە بىر كۆز يۇگۇرۇتتۇم-دە، شادلىقتىن تىترەمگە

سىغماي قالدىم. ياتاقتا بارغۇچە سەكرەپ- تاقلاپ، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن خىجىل بولۇشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ قويماي ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ ناخشا ئېيتىپ كېتىپتى- مەن... لېكىن ئەمدى ھېس قىلسام، ئۇ مېنىڭ تەكلىپىمگە قىلچىمۇ قوشۇلماپتىكەن. چۈنكى مېنىڭ ئۇنىڭدىن تەشنالىق بىلەن تەلەپ قىلغىنىم سۆيگۈ ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن "مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟" دەپ سورىغانىدىم. ھەرگىزمۇ "مەن بىلەن توي قىلامسىز؟" دەپ سورىمىغانىدىم...

ئاھ! ھاياتىمدا ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببەت بى- لەن ماڭا تىكىلىپ قارىغان ھالىتىنى بىر كۆرسەم ئىدىم، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئەمەس، ئۇنى بىرنى سۆيەلمەي ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى ئىدىم... ئاشۇ بىر جۈملە سۆز مۇشۇ چاغقىچە ئۇنىڭ ماڭا مۇھەببەت توغرىسىدا قىلغان بىردىنبىر سۆزى ئى- كەن. ھەر بىر جۈپ ياش مۇھەببەتلەشكەندە ھەر بىر كۈننى شېرىن سۆيۈشلەر لەززىتىدىن مەست بولغان ھالدا يېقىملىق پىچىرلىشىشلار ئارقىلىق ئۆتكۈزۈدىغاندۇ. مەشۇقلار ئۆز ئاشىق- لىرىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى يالقۇنلۇق ۋە چەك- سىز مەنىگە ئىگە بولغان سۆيۈشلەر بىلەن ئىپادە قىلىدىغاندۇ، بىراق، دىلبەر ماڭا پەقەت ئالىقانچىلىكلا قەغەز ئۈستىدىكى بىر قۇر ئەگرى-بۈگرى، ئىنچىكە سىياھ يۇقۇندىلىرى بىلەنلا جاۋاب بەردى. توي كۈنىگىچە— بىزنىڭ قوشۇلۇپ، مەڭگۈلۈك بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىشىمىز مۇقىملىشىدۇ دەپ ئويلاپ يۈر- گەن ۋاقىتلىرىمغىچىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ مېنىڭ قەلبىمنىڭ، ھايا- تىمنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەل-

تۇرمىگەندەك، بىرەر مىنۇتمۇ بىر يەردە ئولتۇرۇپ، كۆز قاراشلىرىمىزنى ئورتاقلىشىپ، قەلبىمىزنى ئىزھار قىلىشىپ پاراڭلىشىپ باقايلى دېمىدى. ماڭا پەقەت توي تەييارلىقى توغرىسىدىكى بەزى ئىشلار ھەققىدىلا مەجبۇرىي بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ گەپ قىلمىدى.

باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، ئاتا-ئانىسى ئەسلىدە ئۇنى كىچىكىدىنلا بىر نەۋرە ئاكىسىغا چاي ئىچكۈزۈپ قويۇشقانىكەن. بىراق دىلبەر: ”ئۇنىڭغا تەگكۈچە ئۆلۈۋالىمەن“ دەپتۇ. بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاتا-ئانىسى، تۇغقانلىرى ئوتتۇرىسىدا خېلى غوۋغالار بولۇپتۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن نېمە چاتىقىم، پۈتۈن ئەس-يادىم پەقەت دىلبەرنىڭ ماڭا قاراپ چۈشلىرىمدىكىدەك ناز بىلەن ئوماققىنە بىر كۈلۈشىنى كۆرۈشتە ئىدى. بىراق بۇ ماڭا نېسىپ بولمىدى. توي بولۇشتىن بىر ھەپتە ئاۋۋال ئەركىنىنىڭ بېيجىڭغا كېسىلىنى داۋالاتقىلى ماڭماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى باردىم.

—كەچۈر دوستۇم، —دېدى ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، —بەخت تىلەيمەن. دىلبەرنى. . . ئوبدان. . . ئاسرىغىن. سېنىڭ ئۇنى بەختلىك قىلالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن! . . .

ئۇ ئاۋازى تىترەپ، گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. مەن ھەيرانلىق بىلەن ھاڭۋاققىنىمدىن ئۇنىڭ ماڭا سوزۇلغان قولىنىمۇ كۆرمەي قاپتىمەن. ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىنمۇ گويا يۈرەكنى ئەزگۈدەك ناخشىلىرىدا بولىدىغان مۇڭ ئۇرغۇپ تۇرغاندەك سېزىلدى. ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم، ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلكە بىلەن ھەسرەت ئۆتكەندىكى چاغلاردىكىدىن نەچچە ھەسسە

كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ھەتتا چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە ناما-
يان بولۇپ تۇراتتى. ھەر قېتىم ئاشۇ ئەسەبىي روھىي ھالەتنى
كۆرگىنىمدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشقا تاقىتىم قالمايتتى.
ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان ئېغىر ھەسرەتلا ئەمەس،
كۈلكىمۇ كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرەتتى. چىرايىغا قاراپ
خۇدۇمنى يوقاتقاندەك بولدۇم. پۈتۈن ئۆمرۈمدە بۇنداق چوڭقۇر
ۋە سىرلىق ھېسسىياتقا چۆمۈلگەن چىرايىنى كۆرۈپ باققان ئە-
مەس ئىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى، لەۋلىرى تېگىگە يەتكىلى بولماي-
دىغان قانداقتۇر سىرلىق بىر خىل ھېسسىياتنى مەجبۇرىي ھەم
سۈنئىي ئىپادىلەر ئارقىلىق، ئاجايىپ زور كۈچ سەرپ قىلىپ
يوشۇرۇپ تۇراتتى.

لىپىلداپ تارتىشىپ كېتىۋاتقان لېكىن شۇنداقتىمۇ بار
كۈچى بىلەن كۈلكىنى ساقلاپ قېلىۋاتقان لەۋلىرىدە ئۇرغۇپ
تۇرغان ئىپادە تولىمۇ سىرلىق ئىدى. مەن دىلبەرگە مۇھەببى-
تىمنى ئىزھار قىلىشىمغا ياردەم بەردى دەپ ئەركىنىدىن تولىمۇ
رازى ئىدىم. بىراق نېمىشقىدۇر دائىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ
قالسام ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئاشۇ ئىپادىلەر قارا بۇلۇتتەك كۆڭ-
لۈمگە كۆلەڭگە تاشلاپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ”. . . ھەي، ئۇنداق
بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ . . . ئۇنداق بولسا ئۇ نېمىشقا بىزنىڭ تېز-
رەك توي قىلىشىمىزغا تىلەكداشلىق قىلىپ كېتىدۇ؟“ دەپ
ئۆزۈمنى بىھۇدە گۇمانلىرىم ئۈچۈن ئەيىبلەپ، ئاشۇ خىياللارنى
قەلبىمدىن نېرى قىلاتتىم.

— كېسىلىڭ خېلى ئېغىرمۇ؟

— ياق. . . — ماڭا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش يالتىراپلا تۇرغاندەك

دەك سىزىلىپ كەتتى. لەۋلىرى ھېلىلا پاڭڭىدە يىغلىۋېتىدىغان كىچىك بالىلارنىڭكىدەك ئۆمچىيىپ كەتتى. بۇ ھالەت شۇنداق تېز يۈز بەردىكى، دەقىقە ئىچىدىلا يەنە كۈلۈمسىرەشكە ئۆزگەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپ كۆرۈندى.

— ھەي... بۇ كېتىشىڭنىڭ بالدۇرمۇ ئەمەس... كېيىنمۇ ئەمەس، دەل توي ۋاقتىدا بولغىنىنى قارا، سەن بولمىساڭ، مەن قانداقمۇ قىلارمەن؟— دېدىم مەن. توۋا خۇدايىم، مېنىڭ ئاۋازىممۇ نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش تىترەپ چىقتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل روھىي ھالىتى مېنىڭ ھەر بىر سەزگۈلىرىمگە، ھەر بىر ھۈجەيرەمگە سىڭىپ كىرىپ، گويا مېنىڭ پۈتكۈل ھېسسىياتلىرىم چىقىرىپ تاشلىنىپ، ۋۇجۇدۇمدا پەقەتلا ئۇنىڭ ھېسسىياتى رول ئويناۋاتقاندەك، مەن ئۇنىڭغا ئايلىنىپ قالغاندەك، گەپ قىلغۇچە جىددىيلىشىپ، گاللىرىم قۇرۇپ كەتكەندى. نېمە بولدۇمكىنا؟...

ئاخىر تويۇمۇ بولدى. بەختىتىن مەست ئىدىم. گاھىدا بۇ ئىشلارنىڭ ئوڭۇمدا بولۇۋاتقىنىغىمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. ئەتە تويۇم بولىدۇ، دەپ يۈرگەن كۈنلەردىمۇ، توي تەييارلىقىنىڭ پۈتۈپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، دىلبەرنىڭ، ئاشۇنداق گۈزەل جىسمىنىڭ ماڭا تەۋە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەلمىگەنىدىم. چۈنكى ئۇ تولىمۇ گۈزەل ئىدى. توي كۈنى بولغىچە گويا ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ تاشلىساملا ھەممىسى بەربات بولىدىغاندەك ھەر بىر سۆز، ھەر بىر ھەرىكەتنى بەكمۇ ئاۋايلاپ قىلاتتىم. ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت ھەققىدە بىرەر ئېغىزمۇ پاراڭلىشىپ

باقمىدىم. ئاخىر ئۇ مېنىڭ بولدى، توي كېچىسى ئېسىل بېزەل-
گەن ئازادە ئۆيدە ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق. قارىسام، ئۇ يۈزىنى
ئالىقىنى بىلەن ئېتىپ ئۆكسۈپ يىغلاۋېتىپتۇ، يىغىدىن ئۇنىڭ
مۈرىسى توختاۋسىز تىترەيتتى. ھەيرانلىق بىلەن بىر ھازا تۇ-
رۇپ قالدىم. ئاندىن ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. يۈرىكىم بوغۇ-
زۇمغا قاپلىشىپ تۇراتتى. بىردەم نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي
تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن بارلىق غەيرىتىمنى جەم قىلىپ، گويا
تەگسىلا پارتلاپ كېتىدىغان بومبىغا قول سوزغاندەك ناھايىتى
ئاۋايلاپ، ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ يۈزىدىن ئالدىم-يۇ، مىسلىسىز
بىر ھىجرانىنىڭ بېشارىتىنى كۆرگەندەك قاتتىق چۆچۈپ كەت-
تىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىپقىزىل قىزىرىپ ئىششىپ
كەتكەندى. بۇنىڭغا قاراپ يۈرىكىم ئوتقا چۈشكەندەك پۇچۇلۇ-
نۇپ كەتتى.

— دىل. . . دىل. . . بەر. . . نې. . . نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ
يېلىنىش بىلەن سورىدىم، دۇدۇقلاپ ئاۋازىم ئېنىق چىقماي
قالدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئاستاغىنا گويا ئىڭرىغاند-
دەك پىچىرلىدى.

— ھېچ. . . نېمە. . .

مەن ئۇنى ھودۇقۇش، تارتىنىش، ئاچكۆزلۈك بىلەن ھا-
سىراپ تۇرۇپ قۇچاقلاپ سۆيدۈم. ئۇ چۆچۈپ تۇرغان مىسكىن
شەھلا كۆزلىرىنى گويا دەھشەتلىك چوڭقۇر ھاڭنىڭ تۇۋىگە
كېلىپ قالغان ئادەم قورقۇنچتىن يۇمۇۋالغاندەك ئاستىلا يۇمۇ-
ۋالدى-دە، ئۆزىنىڭ بەدىنىنى ئىختىيارىمغا تاپشۇردى. بۇ بەدەن
شېرىن ۋە گۈزەل ئىدى. بىراق ئۇنىڭدا توي كېچىسىگە خاس

قىزغىنلىق، جۇشقۇن ھېسسىيات، مۇھەببەت دىگەنلەردىن ئە-
سەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ قۇچىقىمغا تاپشۇرغىنى دىلبەر ئە-
مەس، پەقەت دىلبەرنىڭ خالىغانچە پايدىلىنىشقا بولىدىغان تېنىلا
ئىدى، بۇ تەن خۇددى يۈرىكى سوقۇپ تۇرغان جېنى بار جەسەت
ئىدى.

مېنىڭ قەلبىمدە دىلبەر ئۆمرۈمدىكى ئەڭ يېقىن دىلكە-
شىم، سىردىشىم بولۇپ قالغانىدى. كۆڭلۈمدە 24 يىلدىن
بۇيان يىغىلىپ، ساقلىنىپ كەلگەن سۆزلىرىمنى قويماي سۆز-
لەپ بېرەتتىم. ئۆمرۈمدە بىرەر ئادەم بىلەن ئىچ سىرىمنى
ئېيتىشىپ، ھال-مۇڭ بولۇشقىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. شۇڭا
كىشىلەر ئارىسىدا ”ياۋايى“، گومۇش“ دەپ لەقەملىرىم بار
ئىدى. ئەمدى بولسا ماڭا سىرداش تېپىلغانىدى. بىكار بولۇپ
قالساملا مەن ئۇنىڭغا قەلبىمدىكى ھەممە سۆزلىرىمنى تۆكۈپ
بېرەتتىم. مەن سۆزلىگەن چاغلاردا ئۇ ئاڭلاۋاتامدۇ، ئاڭلىمايۋا-
تامدۇ بىلىپ بولمايتتى. ئۇ دائىم كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تى-
كىپ جىمجىتلا ئولتۇراتتى. مەن سۆزلىگەندە گېپىمگە ئارىلى-
شىپ ياكى قىزىقسىنىپ بولسىمۇ بەزى ئىشلارنى سوراپ قوي-
مايتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى پەقەتلا بىرەر كىتابنىڭ تەرجىمىسى،
بۇگۈن دەرس ئۆتكۈچە ئۇچرىغان بىرەر مەسىلە، يېڭىدىن نەشىر
قىلىنغان كىتابلار، بازاردىن نېمىلەرنى سېتىۋېلىش، كەچتە
قانداق تاماق ئېتىش دىگەنلەردىنلا ئىبارەت ئىدى. . . مېنىڭ
ئۇنىڭغا قىلغان شۇنچە يېقىنچىلىقلىرىم گويا جانسىز تاشقا قى-
لىنغان سەجدىدەك ئېتىبارسىز قالاتتى.

كۆڭلىرىمىز ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىر قارا

باستى. ئاھ، ھېلىقى كۈنى — ھېلىقى قورقۇنچلۇق، مۇدھىش كۈنى ئىشخانىدا ئولتۇرسام بېشىمنىڭ سەل چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتـ-قانلىقىنى سەزدىم. شۇڭا رۇخسەت سوراپ ئۆيگە قايتتىم. ئەر-كىنىنىڭ بىرەر-ئىككى كۈن ئىچىدە كېلىپ قالىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم بار ئىدى، لېكىن ئۇنى ئاشۇ ھالدا كۆرەرمەن دەپ ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. ئۇلار ئۆيدە بىرەرسى كۆرمىسۇن دەپ ئىشىكنى يېپىپ قويايمۇ دېمەي شۇنچە بىمالال ھالدا. . . بولدىلا، بۇ گەپنى تىلغا ئېلىپ يۈرىكىمنى پۇچۇلاشنى خالىمايـ-مەن.

* * *

مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم!

ئاپئاق قار، كۆلۈپ تۇرغان قۇياش، كۆپكۆك ئاسمان، توپ-توپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان قىز-ئوغۇل ستۇدېنتلار. . . دۇنيا تېخى تۇنۇگۈنلا يۈز بەرگەن ۋەھشىي قاتىللىقتىن قىلچە خەۋەر-سىز دەك شۇنچە جۇشقۇن، شۇنچە گۈزەل. . .

ئاياغلىرىم ئاستىدا قېلىن قار نارازى بولغاندەك ئاچچىق غىچىرلاۋاتىدۇ. مەن پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ، ئەركىنىنى ئۆلتۈ-رۈۋەتكەن جايدىن خۇدۇمنى يوقاتقان ھالدا، ئۆتۈپ كېتىۋاتىد-مەن. نەگە بېرىشىمنى، نەدە تۇرۇشۇمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئەتىگەن ئۆيدىن چىققان پېتى، خىزمەتكىمۇ بارمىدىم، سەھەردە دىلبەر ھېچنەرسىدىن خەۋەرسىز ھالدا كۈندىكىدەك ئالدىمغا بىر قاچا ئىسسىق ئاش ئېلىپ كېلىۋىدى، ئاشنى بىر ئىتتىرىپ

ئۆرۈۋەتتىم. بۇ مېنىڭ دىلبەرگە قىلغان تۇنجى ۋە ئەڭ چوڭ قوپاللىقىم ئىدى. بۇ قوپاللىق ھەرگىزمۇ ئاياللىمغا بولغان نەپ-رەتتىن ئەمەس، مەن ئۇنى يەنىلا ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمەن. بۇنداق قىلىشىم پەقەت ھاياتقا بولغان نەپرەت ئىدى. چۈنكى ئاش مېنىڭ ھاياتىمنى ئۇزارتىدۇ... دىلبەر كۆزلىرىنى يوغان ئاچ-قىنىچە ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى، چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتتى، ئاندىن ئاستا ئېڭىشىپ يەردىكى قاچىنى ئالدى. مەن پەلتويىمنى يېپىنچاقلاپ ئۇن-تىنسىز چىقىپ كەتتىم. نې-مىشقا تاماق يەيمەن؟ نېمىشقا خىزمەت قىلىمەن؟ نېمىشقا ياشاي-مەن؟ ئازاب، دەرد تارتىش ئۈچۈنلىما؟!

سەھەردە يېنىپ چىققان پېتى گويا ئەرۋاھلاردەك تېخىچە ئايلىنىپ يۈرۈپتىمەن. كۆز ئالدىمدا پەقەتلا تۇنۇگۈنكى قاباھەت-لىك چۈشكە ئوخشاش دەھشەتلىك مەنزىرە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. لەۋلىرىمدە توختىماي شىۋىرلايتتىم: مەن قاتىل... ئۇنى... بىر تىرىك ئادەمنى... ئۆلتۈرۈۋەتتىم...

— ھەي، قارا، ئاۋۇ ئادەم نېمە دەۋاتىدۇ؟

— ساراڭ ئوخشايدۇ. ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتىدۇ!

— ھا... ھا... ھا...

ئەنە بىر نەچچە ئۆسمۈر ماڭا قاراپ كۇلۇشۇپ ئۆتۈپ كەت-تى...

ئۆزۈمنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىمنى ئويلاپ ھەيرانلىقتىن خۇدۇمنى يوقاتقانىدىم. كۆرۈنمەس بىر ئۆتكۈر پىچاق ھامان بوينۇمغا تىرىلىپ تۇرغاندەك مېنى دائىم سۈر بېسىپ تۇرىدۇ. تۇنۇگۈن كېچىچە تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدىم. نەچچە قېتىم قارا

بىسىپ پۈتۈن بەدىنىم مۇزدەك تەرگە چۆمۈلگىنىمچە ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتىم. كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ ئۆينىڭ قاپقاراڭغۇ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا تىكىلگىنىمچە، ئۇنىڭ چۈشۈمدە يۈرىكىمگە نەشتەردەك قادالغان قاراشلىرىنى، كۆزلىرىنى ۋە ھېلىقى كە-شىنى چۆچۈتىدىغان رەھىمسىز كۈلكىلىرىنى ھېلىلا كۆرىدىغان-دەك ئەندىشە بىلەن ئىزدەيتتىم.

مەن، ئۇ ئەمدى مەڭگۈلۈك يىراقلىقتا، ئۆلۈم بىلەن ھايات-نىڭ ئارىلىقى تولىمۇ يىراق، تولىمۇ يىراق دەپ ئويلىغانىدىم. نەدىكىنى، ئۇ ھامان خىيال ئاسمىنىمدا قاپقارا بۇلۇتتەك ئە-گىپ، ھاياتىمغا سۈرلۈك كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قىساس خەنجىرى ئۆلۈم بىلەن ھايات ئارىسىدىكى بۇزۇلماس پەردىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، مېنىڭ بويىنۇمغا تىرىلىپ تۇرۇپ-تۇ. . . ماڭا زادى نېمىشقا بۇنداق تۇيۇلىدىغاندۇ؟ ئۇ مېنىڭ ئايالىمنى ئىگىلىۋېلىپ مېنى ۋەيران قىلدىغۇ، مېنىڭ يۈرىكىم-نى رەشىك ئوتىدا چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئۆرتىدىغۇ! ؟ مەن ئايا-لىمدىن ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن ئايرىلدىم، مەن تۈگەشتىم. مېنىڭ روھىم ھالاك بولۇپ، ھايات ياشاۋاتقىنى مېنىڭ ئەھمە-يەتسىز جىسمىملىغۇ! ئەجەبا، يەنىلا نېمىشقا ئۇنىڭ قىساس خەنجىرى مېنىڭ بوينۇمغا تىرىلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ؟ نې-مىشقا ئۆزۈمنى قىساسكار ئەمەس، قاتىل ھېس قىلىمەن؟ يەنە نېمىشقا ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىمەن؟ ئۇنىڭ دوستلارچە قاراپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئەسلەيمۇ؟ . . .

ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. بىراق ئۆلتۈرۈۋەتكىنىملا مېنىڭ ھەممە قىساسىمنى ئېلىپ بولغىنىم ئەمەس. لەنەت-نەپرىتىمنى

ئەشەددىي ۋە ۋەھشىي زەھەر قىلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭدۈرۈۋېتەلمىدىم. ئۇ بولسا مېنىڭ يۈرىكىمدە مەڭگۈلۈك قارا قالدۇرۇپ كەتتى. ھەتتا ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە ئۆزگە بولغان ئۆچمەنلىك ئوتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يېنىپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيلا ئۆلدى.

ئۇنىڭ مېنىڭ ئايالىمنى سۆيۈۋاتقىنىنى كۆرگىنىمنىڭ ئەتىسى مەن ئۇنى كوچىدا كۆرۈپ قالدىم. ئۇنى كۆرۈش بىلەن تەڭ يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلىشىپ، پۈتۈن بەدىنىم جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. كۆرمەي، بولدى ئۇنى كۆزۈم كۆرمىسۇن! ھاياتىمدىكى ۋەھشىيلىكلەرنىڭ گۇۋاھچىسىنى بىر مىنۇت-بىر سېكۇنت بولسىمۇ كۆرمەي! مەن شارتتىدە باشقا ياققا بۇرۇلۇپلا كەتمەكچى بولدۇم. بىراق قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتكىنىمدىن خۇدۇمنى يوقىتىپ، ھاڭۋېقىپ تۇرغىچە ئۇ ئالدىمغا كېلىپ بولۇپتۇ. گويا غايەت زور يىرتقۇچ ھايۋاننى كۆرگەندەك تىترەپ كەتتىم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا ئۇرغۇپ تۇرغان پۈتمەس غەزەپ-نەپرەت ۋولقاندەك شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىشقا تەييارلىنىپ تۇرغانىدى. بىراق شۇنچە كۈچلۈك ۋولقاننى، مەن ھېچنەرسە يېڭىپ بولالمايدۇ دېگەن ئاشۇ ئەسەبىي غەزەپنى ئاستاغىنا ماڭا قاراپ سوزۇلغان قول ۋە چوڭقۇر دوستلۇق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان سەممىي كۆزلەر بېسىقتۇرىۋەتتى. ئاھ، بۇ قوللار، بۇ كۆزلەر شۇنچە قۇدرەتنى نەدىن ئالغاندۇ؟ مەندىكى شۇ قەدەر زور غەزەپ، شۇنچە زور نەپرەت نەگە يوقالدى؟ نېمىشقا ئۇ قىلچىمۇ رول ئوينىمايدۇ؟ نېمىشقا ئاشۇ كۆزلەر ئالدىدا مۇلايىم قوزىدەك ياۋاش قىياپەتكە كىرىپ قالدىم؟. . . مەن ئۇنىڭ بىلەن— ئەڭ

ئەشەددىي رەقىبىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم. ئۇ قولۇمنى سىققاندا قوللىرىم بۆرە ئاغزىغا كىرىپ قالغاندەك تىترەپ كەتتى، تېنىم ئەيمەندى.

مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ چىرايىدىن باشقىلارنىڭ ئايالىنى بۇلاپ كەتكەن ۋەھشىي قاراقچىغا خاس قىياپەتنى ئىزلىدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يىرتقۇچلارنىڭ غالىب تەنتەنىسىنى ئىزلىدىم. لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇ ئالدىمدا قىزلاردەك ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەسلا ماڭا تىك قارىيالمايۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال مېنى قاتتىق گاڭگىرىتىپ قويدى.

— ئەر... كىن... ياخشىمۇ... سەن؟...

مەن تېخى ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدىم. ئاھ، نېمىشقا ئەھۋال سورايمەن؟ سورىمىسامۇ ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشىغۇ، چۈنكى ئۇ مۇھەببىتى ئارقىلىق، كېلىشكەن چىرايى ئارقىلىق بىر ئەرنىڭ قانۇنلۇق ئايالىنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى، قەلبىنى، بەدىنىنى... ھەممىنى ئىگەللىۋالدى... ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانچىلىك بەخت كېرەك ئىدى؟ ئاۋازىم ئوق يېگەن ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك ئىڭراپ، تىترەپ چىقتى. ئاشۇ سۆز مېنىڭ — ئۆچمەنلىك ئوتى يېلىنجاپ تۇرغان قەلب ئىگىسىنىڭ ئاغزىدىن چىقتىمۇ؟ زادى كىم دېدى؟

بەلكىم تۇنۇگۈنكى ئەھۋالنى كۆرمىگەن بولسام، بىر يىلدىن كېيىن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر دەم ئەھۋاللىشىشىم كېرەك ئىدى.

شۇ كۈننى زەھەر يەۋالغاندەك ئازاب بىلەن تېپىرلاپ ئۆتكۈزدۈم. ھېچ ئادەم بىلەن بىرەر ئېغىز گەپلىشىشنى خالىمايت-

تىم. ئىشخانىغا بارغىچە يولدا ئۇچراپ ئاستا باش لىڭشىتىپ، ماڭا تەبەسسۇم بىلەن سالام قىلغان تونۇشلار، خىزمەتداشلار ياكى مەن دەرس ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلارغا سالامىمۇ قىلماي، ھەتتا ھومىيىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتىم. نېمە ئەھمىيىتى؟ ئۇلار بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىم بار؟ دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ مېھرىبان كىشىمدىن كەلمىگەن ۋاپا، دوستلۇق، مۇھەببەتنى يەنە كىملەردىن تەلەپ قىلىمەن؟ ماڭا مېھرى-مۇھەببەت ۋە تەسەللىي ئاتا قىلالمىغان كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ نېمە قىلىمەن؟!

شۇ كۈنى مېنىڭ دەرسىم يوق ئىدى. ئىشخانىدا سەھەردە بېرىپ ئولتۇرغان شىرەدە كەچ سائەت 12 گىچە باش كۆتۈرمەي ئولتۇردۇم. نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، قوللىرىم تىلىپ، كۆيۈشۈپ ئاغرىۋاتاتتى. بەلكىم ئالدىمغا ئېچىپ قويۇلغان ئاۋۇ خەنزۇچە ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىۋاتقان بولسام كېرەك. يازغانلىرىم مەن تەرجىمە قىلىۋاتقان ئەسەردە بار سۆزلەرمۇ، يوق سۆزلەرمۇ، ئۇقمايتتىم. قاتتىق بېسىپ يازغاچقا قەلەم سۇنۇپ كەتتى، سۇنغان جايدىن تۆكۈلگەن سىياھ ئاق قەغەز ئۈستىگە يېيىلدى، ئۇ قەغەزلەرنى پۇرلاپ تاشلىۋېتىپ، ماي قەلەمنى ئېلىپ باشقا قەغەزلەرگە يېزىشقا باشلىدىم. جان-جەھلىم بىلەن چىڭ تۇتۇپ يازغاچقا ئۇمۇ سۇنۇپ كەتتى. باشقا قەلەملەرنىمۇ ئىشلىتىپ بولۇپ ئاخىر تارتمامدىن قېرىنداشنى ئالدىم، بىرەر-يېرىم سائەت ئىچىدىلا ئۇنى ئون نەچچە رەت ئۇچلاپ تۈگەتتىم. قېرىنداش ئۇچلىغىچە قولۇمغا پىچاق تېگىپ بىر نەچچە يەر تىلىنىپ كەتتى... ئۆزۈم يالغۇز

تۆن يېرىمغىچە ئولتۇردۇم. ئەسەبىيلەرچە ھەرىكەتتىن قوللىرىم
سىرقىراپ ئاغرىيتتى، ئاخىر قولۇم قەلەم تۇتالماس بولغاندا
يېزىشنى توختاتتىم. قەغەزدىن ئۈزۈلمىگەچكە كۆزلىرىمۇ قادى-
لىپ قاتتىق ئاغرىيتتى. ھېچكىممۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ ”ئەخ-
مەت، نېمە بولدۇڭ؟“ دەپ سوراپ قويمىدى. ھەتتا دىلبەرمۇ
”شۇنچە كېچىگىچە نېمىشقا قايتىپ كەلمەيدۇ؟“ دەپ بولسىمۇ
كېلىپ قويمىدى. شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ دۇنيادا قانچىلىك دەرى-
جىدە يالغۇز، قانچىلىك دەرىجىدە غېرىب ئىكەنلىكىمنى ھېس
قىلدىم. . . سائەت 12دىن ئاشقاندا (مېنىڭ پەرىزىمچە) ئىشىك
جالاققىدە ئېچىلىپ دەلدەڭشىگىنىچە ئىشخانىغا ئەركىن كىرىپ
كەلدى، ئۇ گويا بېشى كېسىپ تاشلىنىپ قويۇپ بېرىلگەن
خورازغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، پۈتۈن بىر كۈن ئاق
قەغەزگە تىكىلىپ ئولتۇرغاچقا كۆزلىرىمۇ ئاسانلىقچە بىر نەر-
سىنى پەرق قىلالماس بولۇپ تورلىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئېگىز، ئورۇقراق بەستى ئالدىمدىكى شىرەگە قات-
تىق ئۇرۇلدى. ئۇ قولىدىكى ئىچىپ ئېشىپ قالغان يېرىم
بوتۇلكا ھاراقنى شىرە ئۇستىگە جاڭگىدە قويۇپ بىردىنلا بوينۇم-
غا گىرە سالدى:

— ئەخمەت! . . . دوستۇم. . .

ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. مەست كۆزلى-
رىنىڭ قارىچۇقى يۇقىرى تارتىلىپ، قاپىقى ئىچىگە كىرىپ
كەتكەنىدى. پېشانىسىگە يېيىلىپ تۇرىدىغان بۇدۇر چاچلىرى
چۇۋۇلغان بولۇپ، كۆزلىرى ئۇستىدە قالايمىقان ساڭگىلاپ تۇ-
راتتى. بىر نەچچە يەردە يىقىلغان بولسا كېرەك، كىيىملىرى

توپا ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ بەكمۇ ئورۇقلاپ كەتكەن بەدىنىنى تېخىمۇ ئورۇق ۋە غېرىب قىلىپ كۆرسىتەتتى. كېسەل تۇرۇپ بۇنچە ھاراق ئىچىپ نېمە كەلدىكىنا ئۇنىڭغا؟...

ئۇنىڭ ئالىجوقا سۆزلىرى يۈرىكىمگە خەنجەردەك سانجىلدى. ھەر بىر ھۈجەيرەمدە چەكسىز ئۆچمەنلىك مەۋج ئۇرۇپ قايىندى، تومۇرلىرىمدىكى قان غەزەپ-نەپرەت تەپتىدە قايناپ، شىددەت بىلەن ئۆركەش ياسىماقتا ئىدى. مەن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم:

— ھۇ، ئىپلاس قاراقچى! ھۇ، غالجىر ئىت! سەن مېنىڭ ئايالىمنى تارتىۋېلىپ مېنى ۋەيران قىلدىڭ!...

شۇ چاغدا دەھشەتلىك ھاياجانلار قايىنىمىدا خۇدۇمنى يوقىتىپ، كۆزلىرىمگە قان تولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ— پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ مەست بولغان ئادەمنىڭ چىرايىدىكى تولىمۇ ئىنچىكە، تولىمۇ خىرە بىر ئۆزگىرىشنى بايقاپ قالدىم: ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىنىڭ ئۈستىنكى قاپىقى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن قارىچۇقلىرىنى بارلىق كۈچىنى يىغىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ يىلان چاققاندەك قورۇلۇپ كەتكەن يۈزلىرىدىن بايقىۋالدىم. ئۇ گويا پۈتۈن كائىناتتىكى ھاۋانىڭ ھەممىسىنى سۈمۈرۈۋالىدىغاندەك قوۋزىنى تولدۇرۇپ ھاۋا سۈمۈردى-دە، قاتتىق بىر ”ئۇھ“ تارتىپ شىرە ئاستىغا ئۆلۈكتەك يىقىلدى.

ئىشخانىنى بىر دەم جىمجىتلىق باستى. شۇندىلا چىشلىرىم بىر-بىرىنى ئۇۋۇۋەتكۈدەك كىرىشىپ كەتكەچكە ئىككى باغىقىمنىڭ يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىۋاتقانلىقىنى، مېڭەمنىڭ ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ لوقۇلداپ كېتىۋاتقانلىقى-

نى سەزدىم.

ئەركىنىنىڭ چىرايىغا قارىدىم، ئۇ ئەمدى مەستلىكتىن ھېچ نەرسىنى سەزمەي ئۆلۈكتەك ياتاتتى. ئۇنى— ئاشۇ ئەشەددىي رەقىبىمنى يۇدۇپ، يۆلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىمەنمۇ ئەمدى؟ مەن ئۇنىڭغا بىر دەم نەپرەت بىلەن قاراپ تۇردۇم-دە، كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ سوغۇق شامال ھۇۋلاپ كىرىشكە باشلىغانىدى. نېمىشقىدۇر بىردىنلا يەنە كەينىمگە ياندىم. ئىشخانا بەكمۇ سوۋۇپ كەتكەنىدى. كېچىچە ئۇ بۇ يەردە ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ”ئۆلۈم“ دېگەن سۆزنى ئويلاپ تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. ئىلاجىسىز ئېڭىشىپ ئۇنى يۆلىدىم. ئۇنى يۆلەپ مۇشۇ ئۆلۈم مەيدانىغا قاراپ ئاياغ باستىم.

سىرتتا چەكسىز قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرەتتى. يەر-جاھانىنى ئاپئاق قار كېپەندەك ئوراپ تۇراتتى، ئاچچىق شامال ئادەمنى نەشتەردەك چاقاتتى، قار ئۇچقۇنداۋاتاتتى. مەكتەپنىڭ ئىچى جىمجىتقىنا بولۇپ، جىمجىتلىق ماڭا ھېلىلا ھەممە ئەتراپنىڭ پارتلاپ كۇمپەيكۇم بولۇشىدىن بېشارەت بېرىدىغاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياتاق بىناسى تەرەپكە بارىدىغان چوڭ يول بويىدىكى ئېگىز-ئېگىز تېرەكلەر قاراڭغۇلۇق قوينىدا گويا قاتىللىق قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئادەمدەك بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

قەلبىمنى ئاچچىق بىر ئەلەم چۇلغىۋالدى. ماڭا شۇ قەدەر ھاقارەت قىلغان ئەبلەخنى يەنە يۆلەپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ئويلاپ، ئۆز غۇرۇرۇمنى ئۆزۈم يەرگە ئۇرغانلىقىمدىن قاتتىق سەسكەن-

دىم. ۋۇجۇدۇمدا ئۆچمەنلىك ئوتى قايتىدىن ئەسەبىيلەرچە
لاۋۇلداشقا باشلىدى. كۆڭلۇمدە: ”مەن ئادەم ئۆلتۈرىمەنمۇ؟“
دەپمۇ ئويلاپ باقمىدىم. پەقەت كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ ئايالىمنى
قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتقان مەنزىرىسى ۋە ئايالىمنىڭ جاندىن ئۆتىدى-
غان مۇزدەك سوغۇق قاراشلىرى (بۇرۇن بۇ قاراشلار مېنى
بۇنداق ئازابلاپ باقمىغانىدى. ئەمدى ئويلىغانسېرى ئاشۇ قاراش-
لار كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ، يۈرىكىمگە سانجىلىپ، چىدىغۇ-
سىز دەرىجىدە ئېچىشتۇرۇۋاتاتتى) گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ
گەۋدىسى تېگىپ تۇرغان مۇرىلىرىم نىجاسەت بىلەن بۇلغانغاندەك
قورۇنۇپ كەتتى. ۋەھشىي ئۆچمەنلىك نېرۋىلىرىمنى قالايمىقان-
لاشتۇرۇپ خۇدۇمنى يوقاتقانىدىم. ئۇنى يۆلەپ كېتىۋاتقان قول-
لىرىمنىڭ ئۇنى قويۇۋەتكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ سەزمەي، يول بويى-
دىكى تەكشى قىرقىلغان پاكار ئارچىلار تۈۋىدە بىر هازا تۇرۇپ-
تىمەن. پەقەتلا مېڭەمنىڭ ۋاڭىلداپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى، يۈرى-
كىمنىڭ مۇزلاپ قېتىپ قېلىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇنىلا سېزى-
مەن، ئۇنىڭدىن باشقا هېچنەرسىنى سەزمەيتتىم.

مەن ئادەم قېنى بىلەن قولۇمنى بۇلغاشنى خالىمىدىم. ئۇ
مېهرى-مۇهەببەت، ئۆچمەنلىك، رەهىمدىللىك، ۋەهشىيلىك
دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ بولمىغان، جانسىز، هېسسىياتسىز تەبى-
ئەتنىڭ قولىدا ئۆلدى. ئۇنى تىرىك هالدا دەهشەتلىك سوغۇق-
نىڭ رەهىمسىز قوللىرىغا تاشلاپ قويۇپ كەتتىم. ئۇ هېچنەر-
سىدىن خەۋەرسىز هالدا قار ئۈستىدە يېتىپ قالدى. ئىككى كۈن
ئاۋۋال ئەگەر ئۇنى ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرىۋېلىشقا توغرا
كەلسە، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بەلكىم ئۆز جېنىمدىن كېچىشكىمۇ

تەييار بولغىدىم، لېكىن بۇ نۆۋەت ئۇنى ئۆزۈم ئۆلتۈردۈم. بۇنى ھېچكىشى ئۇقمايدۇ...

بىرنەچچە رەت كەينىمگە يېنىپ باققان بولسامۇ ياۋۇز قەلبىم قىلچىمۇ ئېرىمىدى...

* * *

كېچىچە قاتتىق قارا باسقاچقا لەۋلىرىم قورقاق بىلەن تو-لۇپ كېتىپتۇ. ھازىر ئويغاق تۇرۇپمۇ بىرنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈ-ۋاتىمەن. ھازىرقى خىياللىرىم چۈشۈمدىنمۇ دەھشەتلىك ۋە قور-قۇنچلۇق. سەھەر چىققان پېتى چۈشكىچە ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپتىمەن.

ئاستا ئايلىنىپ بېرىپ، يول بويىدىكى ئۇزۇن، يۆلەنچۈك-لۈك ئورۇندۇققا ئوق تەگكەن ئادەمدەك ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

— ئەخمەت! — بىر ئازدىن كېيىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز يېنىمدىلا ئىدى. بەلكىم بىرەيلەن يېنىمغا كېلىپ ئولتۇر-غاندۇ. كىم بولسا بولمامدۇ، نېمە كارىم، دۇنيادا مېنىڭ زادى كىمىم بار؟

مەن ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئولتۇرىۋەردىم. ئۇ قولىنى دولامغا بوشلا قويدى. گويا قولۇمغا ئەرۋاھنىڭ قولى تەگكەندەك شۈركىنىپ كەتتىم، بىراق ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچمىدىم. بەرد-بىر، ھەممىسى بەربىر، ئۆلۈم ئۇچۇن تۇغۇلۇپتۇق، ئۆلۈپ تۈگەيدىغان بۇ جانغا دوست، دۈشمەن دېگەننىڭ نېمە كېرىكى؟

ئاۋاز يېنىمدا ئەمەس، بەلكى مېڭەمنىڭ ئىچىدە ياڭراۋاتقا-

ـدەك تۇيۇلدى.

—ھەي، بۇ شۇنداق جاھان ئىكەن. . . ئاشۇ ئەركىننى كىممۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ دېگەن، ئىسىت بىچارە! كېسىلىنىڭ ئازابىغا چىدىماي ھاراق ئىچىپ ئاخىر توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ. . . ئۇ ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بوپتىكەن. . . ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتانلىقىنى بىلىشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بارمـۇ-ھە! . . . ئۇ ئائىلىسىدە يالغۇز ئوغۇل ئىكەن. . . ھەممە دەرد ئاتا-ئا-نىسىغا بولىدۇ-دە. . .

چۆچۈپ يانغا قارىدىم، يېنىمدا بىر خىزمەتدىشىم ئېغىر تىنغىنىچە غەمكىن ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا قارىغاندا بەلكىم كۆزلىرىم ساراڭلارنىڭكىدەك چەكچىيىپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇ ماڭا قاراپلا چۆچىگەن ھالدا سورىدى.

—ئەخمەت، نېمە بولدىڭىز؟!

مەن گەپ-سۆزسىز باشقا ياققا قارىۋالدىم.

—بۈگۈن ئىشخانىغا بارمىدىڭىز، مىجەزىڭىز يوق ئوخشاي-دۇ. سىزگە بىر تەھرىر بۆلۈمىدىن خەت كەپتىكەن، ئۆتكىچە بېرىپ قوياي دەپ مەن ئالغانتىم، —دېدى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن بىر پارچە خەتنى سۇنۇپ. خەتنى ئالمىدىم، بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلمىدىم. ئۇ سەل خىجىل بولۇپ خەتنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كەتتى. خەتنى غەزەپ بىلەن يىرتىپ تاشلىدىم:

”ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، ماڭا ھېچبىر ئادەم، ھېچبىر خەت كېرەك ئەمەس، ھاياتمۇ كېرەك ئەمەس!“ مەن قىرىتمىسى ئۆرلەپ جۆيلۈپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك شۇنداق دې-

دىم. شۇ تاپتا نەزىرىمدە ھايات ماڭا يوكلەنگەن يۈك ئىدى، ئۇ بەكمۇ ئېغىر، بەكمۇ ئېغىر. بىراق ئۇنى تاشلىۋېتىش تېخىمۇ تەس!

مېڭەم گادىرماچ خىياللاردىن قوچۇلۇپ كەتكەنىدى. ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىلۇق خىيال قىلغىنىمىزدە دۇنيا، ھايات دېگەنلەر گويا بىر چۈشتەك، ياكى بىر قۇرۇق خىيالدەك، گاھىدا مەۋجۇت ئەمەستەك تۇيۇلۇپ، خىياللىرىم چىگىشلىنىپ، بىمەنىلىشىپ، ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي، ئەس-ھوشۇمنى يوقاتقۇدەك بولاتتىم. خەتنى يىرتىۋېتىپ قانداقتۇر بىر ئوي كاللامدىن يالت قىلىپ ئۆتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئاندىن ئۇنى ئويلاپ تاپتىم. ”توغرا، ئۆينى ئاختۇرۇپ بېقىش كېرەك. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىمگە پۇشايمان قىلماسلىق، ئۇنىڭغا تېخىمۇ نەپرەتلىنىشىم ۋە ۋىجدانىي ئازاب تارتماسلىقىم ئۈچۈن ئايالىمنىڭ مەندىن خۇپىيانە يازىدىغان كۈندىلىك خاتىرىسى ۋە ئۇنىڭ ئايالىمغا يازغان نومۇسسىز ئىشقى-مۇھەببەت خەتلىرىنى تېپىپ ئوقۇشۇم كېرەك....“

ئاستا قەدەم تاشلاپ ئۆيگە كەلدىم. ئۆيدە ئايالىم ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تازا بىر سىنچىلاپ قاراپ بېقىپ، بۇ كۆزلەردىكى سىرنى بىر يېشىپ بېقىش ئارزۇسى قەلبىمنى چۇلغىۋالدى. مەندە نېمىشقا بۇنداق ئوينىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدىم... مېنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتتى، لەۋلىرى سۇس تىترىدى. ھاپىلا-شاپىلا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ماڭا نېمىدۇر بىر نەرسىنى دېگەندەك قىلدى، بىراق مەن ھېچنەرسە ئاڭلىمىدىم. چۈنكى

بارلىق سەزگۈلىرىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ياش لىغىرلاپ تۇرغان زەئىپ كۆزلىرىگە تىكىلگەنىدىم. ئۇ مېنىڭ ئايالىم بولغاچقا، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەرقانداق ئەزالىرىغا قاراش مېنىڭ تامامەن ئىختىيارىم ئىدى. بىراق مۇشۇ چاقىچە ئۇنىڭ كۆزلە-رىگە تازا سەپسېلىپ قاراپ باقماپتىمەن. نېمىشقىدۇر بۇنداق قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى تولىمۇ سىر-لىق، تولىمۇ تىلسىملىق دۇنيا ئىدى. لەپپىدە قارىساملا دائىم ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچاتتى.

بۈگۈن ھەممە قۇدرىتىمنى يىغىپ ئۇزۇن-ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان ئاشۇ كۆزلەرگە قارىدىم. ئاھ، تېپتىن-نىق، سۈپسۈزۈك، مۆلدۈرلەپ تۇرغان، بولاقتەك شەھلا كۆز-لەر! . . . ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى. ئاشۇ كۆزلەر راستىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرىمىدۇ؟ خۇدا ئۇنىڭغا نېمىشقىمۇ ئاشۇنداق بىر جۈپ جەلپكار، گۈزەل شەھلا كۆزلەرنى ئاتا قىلغان بولغىيتتى؟ بىرەر پەرىشتىنىڭ كۆزلىرىنى ئازغىشىپ ئۇنىڭ كۆزلىرى بە-لەن ئالماشتۇرۇپ قويغان بولغىيمىدى-يا؟!

ئۇ چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى ۋە قوپۇپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىردىنلا نەزىرىم شىرەدىكى كونۋېرتلارغا چۈشتى.

بىر قاراپلا ئەركىنىنىڭ پۆچۈركىسىنى تونۇۋالدىم، ئاشۇ خەتلەر گويا ئەركىنىنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدەك تۈيۈلۈپ، مېنى قاتتىق سۈر باستى، تېنىم شۈركەندى. ماڭىمۇ بېيجىڭدا داۋالىنىۋاتقان چاغلاردا بىر-ئىككى پارچە خەت كەلگە-نىدى. مەن سەل ئالدىراش بولغاچقا پەقەت بىرلا قېتىم جاۋاب

يازالىغانىدىم، لېكىن ئۇنىڭ ئايالىمغا ئايرىم خەت يازىدىغانلىقى-
نى بىلمەي كەلگەنىكەنمەن. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە
ئۇنىڭدىن ئايالىمغا 20 نەچچە پارچە خەت كەپتۇ. مەن كونۋېرت-
لارغا قارىدىم، ھەممىسىدىكى خەتلەر بىر-بىرىدىن قېلىن ئى-
دى. ئەمدى ماڭا ھەممە نەرسە ئايان بولدى. مەن خەتتىن بىرنى
ئېلىپ ئوقۇدۇم:

”سىڭلىم دىلبەر، ياق، سۆيۈملۈك دىلبەر! مەن سىزنى
شۇنداق دەپ ئاتاي، چۈنكى سىز مەن ئۈچۈن سىڭلىمغا ئوخشاش
مېھرىبان، ئەزىز، سۆيۈملۈك!...“

خەت ئەنە شۇنداق باشلانغانىدى. دېمەك ئۇ مېنىڭ ئايالىمنى
”سۆيۈملۈك دىلبەر“ دەپ ئاتاۋاتاتتى. خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاش-
تۇردۇم:

”مېنىڭ دىلبىرىم! ياخشىمۇ سىز؟ يازغان خېتىڭىزنى
تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئاھ، ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا
بۇنداق خەتلەرنى يازماڭ! مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ لەختە-لەختە قان
بولماسلىقى، ھاياتىمنىڭ بىر نەچچە ئېيىنى خۇشال-خۇرام ۋە
ئارمانسىز ھالدا خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋېلىشىم، كۆزلىرىمنىڭ ياش
لىغىرلاپ تۇرغان ھالدا ھەسرەتلىك يۇمۇلۇشىنى كۆرمەسلىكى-
ڭىز ئۈچۈن پەقەتلا سىزنىڭ شاد تەبەسسۇمىڭىز، بەختلىك كۈل-
كىڭىز كېرەك. پەقەت شۇندىلا مېنىڭ مىسكىن يۈرىكىم ئاز-تو-
لا تەسەللى تاپالايدۇ. بىلەمسىز؟ خەتلىرىڭىز مېنىڭ يۈرىكىمنى
رەھىمسىز تۇردە پارە-پارە قىلىۋەتتى. سىزنىڭ مىسكىن، ئىل-
تىجالىق كۆزلىرىڭىز ھامان كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ مېنى
يەتكۈچە قىيىنىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق خەت يازماڭ، مەن

راستتىنلا چىدىيالمايمەن!

دىلبەر، رەھىمسىز ئەجەل مۇدھىش قارا قولىنى سوزۇپ ماڭا يېقىنلاپ كەلمەكتە. بىراق مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى بەختسىز ھېس قىلغىنىم يوق. مەن يەنىلا بەختلىك. چۈنكى مەن ئۆزۈم ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان نەرسەمگە—سىزنىڭ مۇھەببە-تىڭىزگە ئېرىشتىم. شۇڭا ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق. مەن سىز-نى مەڭگۈ سۆيىمەن. شۇڭلاشقا سىزنىڭ بەختىڭىز—مېنىڭ بەخ-تىم. شۇنداق بولغاچقىلا مەن سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى چىن ۋە پاك مۇھەببەت دېيەلەيمەن!

ھېلىمۇ مەن داۋاملىق سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەپ، سىزنىڭ بەختلىك بولىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ئاتا-ئانىڭىزنىڭ سىزنى بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەنسىرىگەنىدىم. چۈنكى مەن ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەن. 30 ياشقا كىرگىچىمۇ ئۆي-لەنمىگىنى بىلەن، ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇنلىغان بۇزۇقچىلىقلارنى قىلغان ئادەم ئىكەن. بىراق ئاتا-ئانىڭىز بۇنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سىزگە چىشىنى بىلەپ يۈرگەن كى-شىلەرمۇ ئاز ئەمەس، مەن سىز بىلەن مۇھەببەتلەشكەندىن كې-يىن بىرمۇنچە كىشىلەر كېچىلىرى يولۇمنى توسۇپ، مېنى ئاگاھلاندۇرغانىدى. شۇڭا سىزنىڭ ئاشۇنداقلارنىڭ ئىپلاس قول-لىرىغا چۈشۈپ، ئاياغ ئاستى بولۇپ ئالدىنىپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن سىزنى ئەخمەت بىلەن تېزرەك توي قىلىشقا ئالدىراتتىم. سىلەرنىڭ خۇشال-خۇرام توي قىلىشقانلىقىڭلارنى كۆزۈمنىڭ ئوچۇ-قىدا كۆرۈۋېلىش مەن ئۈچۈن بەخت ئىدى.

دىلبەر، مۇھەببەت پەقەت جىنسىي ھەۋەس، توي قىلىش ئۈچۈنلىما؟ ياق! بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز بەدەننىڭ فىزىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەقەززاسى ئەمەس، بەلكى ئىككى روھنىڭ— ئىككى قەلبنىڭ تەقەززاسى ئۈستىگە ۋۇجۇتقا كەلگەن. شۇڭا ئۇ ماددا ئۈستىگە قۇرۇلغان ئاچكۆز شەھۋانىي ئىنتىلىشتىن گۈزەل ۋە يۈكسەك! شۇڭا مەن بىزنىڭ توي قىلماسلىقىمىزنى چوڭ بەختسىزلىك دەپ ھېسابلاپ كەتمەيمەن. مېنى پەقەت چىن دىلىڭىز بىلەن ئاخىرغىچە سۆيسىڭىزلا بولدى. قەلب گۈزەللىكى بولسا مەڭگۈلۈك مۇقەددەس گۈزەللىك. سىزنىڭ ماڭا تەقدىم قىلغىنىڭىز مانا مۇشۇ يۈكسەك گۈزەللىك. شۇڭا مەن ئۆزەمنى بەختلىك ھېسابلايمەن! سىز پاك مۇھەببىتىڭىز بىلەن مېنىڭ ھاياتىمنى نۇرلاندۇردىڭىز. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە مەڭگۈ رەھمەت ئېيتىمەن. مەن پەقەت مۇشۇنىلا ھەقىقىي ۋىسال ھېسابلايمەن.

يەنە بىر نەچچە ئايدىن كېيىن كۆز يۇمۇشۇم مۇمكىن. ئاھ، بىر نەچچە ئاي، بۇ بىر نەچچە ئاي سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتسىز ئۆتكەن نەچچە ئون يىلدىنمۇ ئەلا ۋە مەنىلىك. مېنىڭ بۇ بىر نەچچە ئايدا ئېرىشىدىغانلىرىمغا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر 100 يىل ياشاپمۇ ئېرىشەلمەي ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى مۇرادىمغا يەتكۈچە ياشىغاندەك ھېس قىلىمەن.

دىلبەر، بىلەمسىز، ئەخمەت تولىمۇ ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، ساددا يىگىت. ئۇ چوقۇم سىزنى مەندەكلا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مەڭگۈ سۆيەلەيدۇ ۋە سىزنىڭ بەختىڭىز ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلالايدۇ. مەن ئۇنى چۈشىنىمەن، ھايات يولىدا

ھەمراھسىز قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن مەن ئۇنى سىزگە تونۇشتۇ-رۇپ قويدۇم. ئۇ چوقۇم مەڭگۈلۈك سادىق ھەمراھ بولالايدۇ، سىزنى بەختلىك قىلالايدۇ. بەلكىم كېيىنچە سىزمۇ ئۇنى چۈشى-نىپ، ياخشى كۆرۈپ قالارسىز. مەن سىزنىڭ ئۇنىڭغا ياخشى كۆيۈنۈپ ماڭا سادىق بولغاندەك سادىق بولىشىڭىزنى ئۈمىد قىلى-مەن.

ئاھ، دىلبەر... ! مۇدھىش كېسەل مېنى ئۆلۈمگە قاراپ سۆرىمەكتە. رەھىمسىز ئەجەل ماڭا قاراپ كـۈلـۈمـسـىرە-مەكتە... مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سىزدىن يەنە بىر ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن قايتىپ بېرىپ سىز بىلەن كۆرۈشكەندە سىزنى چوقۇم كۆزلىرىڭىزدە خۇشال كۈلكە چاقناپ تۇرغان ھالدا كۆ-رەي. سىزنىڭ ئىللىق كۈلكىڭىز ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئەجەل كۈلكىسىنى يېڭىپ، ماڭا ئۇنى ئۇنتۇلدۇرسۇن! كۆزۈم يۇمۇلۇش ئالدىدىمۇ مەن سىزگە ۋە ئەخمەتكە ئاستا پىچىرلاپ بەخت تىلەي، باشقىلار مېنى بىرەر مۇقەددەس ئايەتنى يادلاۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قالسۇن!

سىزنى مەڭگۈ سۆيۈپ:

ئەركىن

10-ئاينىڭ 20-كۈنى، بېيجىڭ.»

خەتنى ئوقۇپ قاتتىق چۆچۈپ، گويا قىش كۈنى ئۇندەرەپ ئۆيدىن چىقىپ، مۇزدەك سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك ئىخ-تىيارسىز ئەندىكىپ كەتتىم.

مۇقاۋىسى تولىمۇ چىرايلىق ئىشلەنگەن قېلىن بىر خاتىرە دەپتەر شىرەدە تۇراتتى، ئۈستىگە قەلەممۇ قويۇپ قويۇلغانىدى.

خاتىرىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

”باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان سىرلار يۈ-
رەكتە جىمجىت ساقلىنىۋەرسە، گويا تەنىنىڭ ئىچىدە سۇنۇپ
قالغان تىكەنىنىڭ يېرىمىدەك يىرىڭ يىغىپ، جاراھەت كۈندىن-
كۈنگە كېڭىيىپ، ئاخىر يۈرەك بىلەن بىللىلا تۈگىشىدۇ. بىراق
كىشىلەرنىڭ سىر قىلىپ ساقلايدىغىنى كۆپىنچە ئەڭ ئازابلىق
ياكى ئەڭ خۇشاللىق كۈنلىرىدىكى ئەسلىمىلەر بولۇشى مۇم-
كىن. باشقا كۈنلەر ئۇنتۇلىدۇ. بەلكىم بىر كىم سىزگە ئۆمرى-
ڭىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئەھمىيەتسىز ئىشلىرىڭىزنى ئېيتىپ بەر-
سە، ئاشۇ ئىشلارنى راستىنلا ئۆزىڭىز قىلغانلىقىڭىزنىمۇ ئەس-
لىيەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. شۇڭا ئۇ ئىشلارنى قىلغان چاغلى-
رىڭىز ياشىمىغان كۈنلىرىڭىزگە باراۋەر. سىز سىر قىلىپ
ساقلاۋاتقان ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەرلا سىزنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ
جەۋھىرى.

مەن بۇ خاتىرەمگە ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس كۈنلەرنى
— ئەڭ خۇشال كۈنلەرنى ۋە ئەڭ ئازابلىق كۈنلەرنى خاتىرىلەي-
مەن... ئۇ كۈنلەرنىڭ سىر بولۇپلا قېلىشىنى ئويلىسام...
ئاھ، قانداق چىدارمەن؟!...“

”1985-يىل 10-ئاينىڭ 3-كۈنى.

مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئۆزۈم قانچىلىغان كېچىلەر
ئۇيقۇسىز تەلپۈنگەن، قانچىلىك لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى تەسەۋ-
ۋۇر قىلىپ بولالمىغان ئاشۇ سىرلىق ۋە ھارارەتلىك لەۋلەر
(نىڭ) جىسمىمغا تېگىشىدىن پۈتۈن بەدىنىم ئوت ئېلىپ، شې-

رىن تىترەشلەر . . . ھودۇقۇش، تارتىنىشلار ئىلكىدە قالغان، ئۆمرۈمدىكى ئەڭ بەختلىك مىنۇتلارنى مەستخۇش ئۆتكۈزدۈم.

ئاھ، ئەركىن! . . .»

ئاخىرىنى داۋاملىق ئوقۇشقا جۈرئەت قىلالماي، تاقەتسىزلىك بىلەن بەتلەرنى ئۆرۈپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

«1987-يىل 3-ئاينىڭ 2-كۈنى.

ئاھ، بۈگۈن قانداق بىر كۈن؟! . . . مەن مۇشۇ دەھشەتلىك بىر كۈننىڭ مېنىڭ ھاياتىمدىن ئۆچۈپ كېتىشىنى، بۇ بىر كۈننىڭ پەقەت بىر قورقۇنچلۇق خىيالىي چۈش بولۇپ قېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم-ھە! . . . بۈگۈن ھەر كۈنكىگە ئوخشاشلا ئادەتتىكى بىر كۈن ئىدى. يەر، ئاسمان، تاغلار، بىنالار، يوللار، ئورمانلىق، كۈمۈش نۇرىنى چېچىپ تۇرغان ئاي. . . ئاھ، مانا بۇ رېئاللىق ئىدى. ھەر كۈنكىدىن قىلچە پەرقسىز بۇ مەنزىرىلەر شۇ قەدەر دەھشەتلىك، شۇ قەدەر رەھىمسىز. بۇ رېئاللىق ئۆتكۈر خەنجەر بولۇپ يۈرىكىمنى رەھىمسىزلىك بىلەن تىلماقتا. . . ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنىڭ چۈشكە ئايلىنىپ، ئۆيغىنىپ كېتىشىمنى تىلەپ، ئەتراپقا يېلىنىپ قاراشلىرىم بىكار ئىدى.

مەن بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆزلىرى ياش ھالدا كۆرۈشكەندىم. ئۇنىڭ دائىم كۈلكە بىلەن ئوتتەك چاقناپ تۇرىدىغان ئاشۇ كۆزلىرىنى ئۆمرۈمدە ياش ئېقىۋاتقان ھالدا كۆرەرمەن دەپ ئويلاپ باقمىغانىدىم. مەن ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن بىر ھازا تىكىلىپ قاراپ قالدىم، ئاندىن بوش ئاۋازدا سورىدىم:

—ئەركىن، نېمە بولدىڭىز؟ ئۇ ياش لىغىرلاپ تۇرغان زەئىپ كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ بىر هازا تۇرۇپ قالدى. بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ تىرىشاتتى-يۇ، لەۋلىرى تىترەپ، بىردىنلا كىچىك باللارنىڭكىدەك ئۇمچىيىپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى. ئۇ ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ پىچىرلىدى:

—دىل. . .بەر. . . بۇندىن كېيىن مېنى. . . بىز ئايرىلىپ كېتەيلى. . .

مەن هەيرانلىق بىلەن داڭ قاتقىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. گويا گېلىمغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان خەنجەرنى كۆرگەندەك، كۆڭلۈم دەهشەتلىك بىر خەۋەرنى تۇيۇپ، ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى.

—نېمىشقا؟

—بەختسىز بولۇپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن تەكلىپىمگە قوشۇلۇڭ دىلبەر، مەن بىلەن توي قىلغىنىڭىز بىر جەسەت بىلەن توي قىلغىنىڭىزغا باراۋەر. . . مەن كېسىلىمنى تەكشۈرۈتتۈم. . . كېسىلىم. . .

ئۇ ئاۋازى بوغۇلۇپ، گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. مۇدھىش بىر خىيال ۋۇجۇدۇمنى جۇغۇلدىتىپ، لەرزىگە سېلىۋەتتى. قاباهەتلىك بىر چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئەندىكىپ، ئۇنىڭ ئازابتىن گاھ قارىيىپ، گاھ تاتىرىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا تىكىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن بولۇپ، بىر مەيدان هايات-ماماتلىق ئېلىشىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئادەمدەك ئېغىزلىرى گەز باغلاپ، لەۋلىرى قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەنىدى.

—ئاھ! —مەن ئاچچىق ئىڭراپ تاشلىدىم. ئۆتكۈر خەنجەر

يۈرىكىمگە بۆسۇپلا كىرىپ كەتكەندەك بىرلا ئاچچىق تولغىنىپ قېتىپ قالدىم.

بىر هازادىن كېيىن ئۇ گويا قېچىپ كېتىشىمدىن قورققاندەك بىردىنلا ئېتىلىپ كېلىپ قۇچاقلىۋالدى. يۇتلىرىمدا جان قالماي ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالدىم. ئۇنىڭ لەۋلىرى يۈزلىرىمدە يۇ-گۈرۈپ، مۇزدەك قېتىپ قالغان جىسمىمنى نىترىتىپ ئۆتتى. ئۇ گويا مېنى تۇنجى قېتىم سۆيۈۋاتقاندەك شۇنچە ئاچكۆز، شۇنچە ئەسەبىي هالدا سۆيەتتىكى، ئۇنىڭ لەۋلىرى لېۋىمگە ئە-مەس، گويا يۈرىكىمگە تېگىۋاتقان بىر پارچە چوغدەك يۈرىكىمنى داغلىۋەتتى. بىر هازاغىچە خۇدۇمنى يوقاتتىم، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك بولدۇم، گاللىرىم هېلىلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قۇرۇپ كەتكەندى. كۆزلىرىمدىن ياش ئېتىلىپ چىقتى:

—يا...ق...ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس!

ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن مۇقەددەس بولغان باغرىغا ئۆلۈكتەك ئۆزۈمنى تاشلىغىنىمچە يېتىپ قالدىم. دەهشەتلىك هاياجان قاي-ناملىرىدا مېڭەم، تەپەككۇرۇم چېچىلىپ، هېچنەرسىنى خىيال قىلالماي قالدىم. پەقەت ئاللىنېمىلەرنىدۇر خىيالىمغا كەلتۈرۈ-شۇم، ئاللىنېمىلەر ئۈچۈن ئازابلىق ئۆرتىنىپ قانغۇچە ياش تۆكۈشۈم كېرەكلىكىنى غۇۋا هېس قىلاتتىم. لەۋلىرىمدە نېمى-دۇر بىر نەرسىنى پىچىرلايتتىم...

ئۇنىڭ ئاشۇ لەۋلىرى، ئاشۇ ئوتلۇق كۆزلىرى، گۈزەل ناخشا ئاۋازى... بۇلارنىڭ هەممىسى هاياتىمنىڭ هەر بىر مى-نۇت، هەر بىر سېكۇنتىغا ئاجرالماس بولۇپ سىڭىپ كەتكەن

تۇرسا، ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ھاياتنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلاي؟ مېنىڭ پۈتكۈل روھىي دۇنيايىمنى ئۇ ئىگەللەپ بولغان تۇرسا، ئۇنىڭدىن ئايرىلسام مېنىڭ روھىي دۇنيايىم جەسەتنىڭكىدەك قۇپقۇرۇق بولۇپ قالامدۇ؟ ھەممە كۆڭلىرىم پەقەت ئۇنىڭ خىيالى، ئۇنىڭ سۆيگۈسى بىلەنلا ئۆتۈۋاتسا، ئۇنىڭسىز قانداق ياشايمەن؟ مەن ئېسىمنى يىغىپ ئاستا پىچىرلىدىم.

— ئەركىن، مۇشۇ كەڭرى ئالەمدە ماڭا گۈزەل ھېسسىيات، مۇھەببەت ۋە ھايات لەززىتى ئاتا قىلالايدىغان بىردىنبىر ئادىمىم پەقەت سىز! باشقا بارلىق كىشىلەر ھەممىسى تىرىك يۈرسىمۇ ياكى ھەممىسى ئۆلسىمۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر... ئاھ، چۈشەنسىڭىز ئىدى... ئىشقىلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن بولغان ئالاقەم پەقەت ئاۋۇ دەرەخ (لەر)، ئاۋۇ تاشلار... بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئوخشاش ئۆلۈك، ھېسسىياتسىز مۇناسىۋەت. سىزسىز دۇنيا مەن ئۈچۈن بىر قەبرە بولۇپ قالىدۇ. ئاھ، مەن ئاشۇ مۇدھىش قەبرە ئىچىدە قانداق ياشايمەن؟!

— دىلبەر، سۆزۈمگە قوشۇلۇڭ... كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىسىز... مەن سىزنى ئاچكۆز نەپسانىيىتىم ئۈچۈن بەختسىز قىلىشنى خالىمايمەن. پەقەت سىزنى چىن دىلىمدىن سۆيگەچكە... يۈرۈڭ كېتەيلى، — ئۇنىڭ چىرايىدىكى سۇلغۇنلۇق، ئازاب بىراقلا كۈچلۈك بىر قەتئىيلىككە ئۆزگەردى.

ئۇ مېنى قويۇپ بېرىپ، ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلدى-دە، خىلۋەت ئۆستەڭ بويىدىكى تاللىق ئارىسىدا پەيدا بولغان چىغىر يولدا ئۆلۈمدەك ۋەھشىي ۋە سوغۇق (بۇرۇن بىز ئۈچۈن ئەڭ يېقىملىق ۋە ئىللىق ئىدى) ئاي نۇرىغا چۈمۈلگىنىچە دەلدەڭ-

شىپ، سەندىرەكلەپ مېڭىشقا باشلىدى. . . "
خاتىرىدىكى ئىبارىلەر ماڭا تولىمۇ دەھشەتلىك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئارىسىدىن ھېلىلا مېنى بەربات قىلىۋېتىدىغان بىر نەرسە چىقىپ قالىدىغاندەك قورقۇنچ بىلەن كۆزلىرىم ئالاق-جالاق بولۇپ، بەتلەر ئۈستىدە ئۇچۇشقا باشلىدى. بىر نەچچە بەتنى تېز-تېز ئۆرۈۋەتتىم. . . ئەمەلىيەتتە ئالىدىقاچان بەربات بولغانىدىم.

"1987-يىل 5-ئاينىڭ 17-كۈنى.
بۈگۈن مېنىڭ تويۇم. . . تويىنىڭ بۇنداق ئازابلىق بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام. . . ئەرلەرگە ئۆنچە تەلپۈنۈپ، قانچىلىغان كېچىلەر ئۇيقۇسىز ھالدا مۇشۇ كۈننى زارىقىپ كۈتمىگەن بولار ئىدىم. . . بۇ توي ئەمەس، ماتەم.
—سىزنى قارىتىپ قويۇپ، قانداقمۇ باشقىلار بىلەن توي قىلىشقا چىدىيالايمەن؟—دېدىم بىر نەچچە ھەپتە بۇرۇن ئەركىن بىلەن خالىيدا ئۇچرىشىپ،—كېيىنرەك قىلساممۇ ياكى قىلمىساممۇ بولىدۇ.
—ياق، مەن كۆزۈمنىڭ ئوچىقىدا سىزنىڭ بەختلىك ھالدا توي قىلغانلىقىڭىزنى كۆرسەملا ئارمىنىم قالمايدۇ،—دېدى ئۇ ئازاب بىلەن كۈلۈمسىرەپ.
ئاھ، ئۆزى خالىمايدىغان بىر كىشىگە سۇنئىي-تەبەسسۇملارنى ئاتا قىلىش. . . سۇنئىي ھالدا مۇھەببەت ياساپ چىقىشتىنمۇ ئازابلىق ئىش بارمۇ-ھە!
شۇ تاپ كۆز ياشلىرىم خاتىرە بەتلىرىنى ھول قىلىۋەتتى.

ئارقامغا قارىمىسامۇ ئەخمەتنىڭ ئارقامدا جىمجىتقىنا، بىچارىلەرچە مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغانلىقىنى سېزىۋاتتىمەن. ئۇنىڭ ئاشۇ ھەددىدىن ئارتۇق ئاچكۆز، بىراق تارتىنچاق بىچارە كۆزلىرى مەندىن -- ئوت دېگىنىدىن سۇ تەلەپ قىلغاندەك مۇھەببەت تەلەپ قىلىۋاتىدۇ... ئۇنىڭ ئەركىنىنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى كۆرۈپلا ئۇنى تاشلاپ، مەن بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەركىن ئىككىمىز ئارىسىدىكى ئىشلارنى ئۇنىڭدىن مەخپىي تۇتتۇم... كېيىنچە بۇنى... بەلكىم بىز قېرىدىغاندا، ياق... ھە، دۇنيا خىيالىمىزغا كىرىپ چىقمايدىغان، ئاسان ھاياجانلانمايدىغان بولۇپ قالغاندا، مەنمۇ بۇ ئازابلارنى ئۇنۇتقاندا سۆزلەپ بېرەرمەن...

ئەخمەت ياۋاش، ساددا يىگىت ئىكەن. ئەركىنىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنىڭغا سادىق بولۇشۇم كېرەك.“

ئەركىنگە نىسبەتەن نەپرەتنىڭ ئۆزۈمدە پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئايالىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈشكەن ھېلىقى كۈنى يازغان خاتىرىسىنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

”... ئۇنى كۆرۈپ، قۇچىقىغا قانداق قىلىپ ئۆزۈمنى ئاتقانلىقىمنى سېزەلمەي قالدىم. بىردىنلا مېڭەمنى دەھشەتلىك بىر خىيال چۇلغىۋالدى. چۆچۈپ ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشقا ئۇرۇندۇم. ئاھ، مەن... ئېرى بار ئايال تۇرۇپ... ئاھ، بۇ قىلغانلىرىم نېمە شەرمەندىچىلىك؟ بار كۈچۈمنى يىغىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتىم. ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن تارتىشقا قانچە ئۇرۇنغانسېرى لەۋلىرىم ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تېخىمۇ چاپلىشىپ،

مەڭگۈ ئاجرالماس بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ھاياجاندىن پۈتۈن بەدىنىم تىترەيتتى. مېنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان، مەن ئۈچۈن جان بېرىشكىمۇ تەييار تۇرىدىغان ئەخمەتنىڭ مۇڭلۇق، ساددا، بىچارە كۆزلىرىنى ئىزلەپ ئەتراپلارغا چەكچىيىپ قارايتتىم. ئۇنىڭ قوينىدىن يولقۇنۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولاتتىم، بىراق گويا بەدىنىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك ماڭا قىلچە بويسۇنماستىن، ئەسەبىيلەرچە بىر ياۋايى ئىستەك دەستىدىن ئەركىنگە تېخىمۇ چاپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئەخمەتنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمەي مېنى قىينايتتى.

گويا كۆزى ئېتىلىك ھالدا چوڭقۇر ھاڭنىڭ تۆۋىگە كېلىپ قالغان ئادەم كۆزىنى ئېچىپ بىردىنلا چۆچۈپ كەينىگە شوخشىغاندەك ئەركىن مېنى قويىۋېتىپ چۆچۈپ كەينىگە داجىدى، لەۋلىرى تىترەپ، يۈزلىرى لىپىلداپ تارتىشىپ كەتتى.

—دىلبەر، بىز... بىز... بۇ نېمە ئىش؟... بۇنداق قىلساق ئەخمەتكە قانداق يۈز كېلىمىز؟... قاراڭ، ئىشىكمۇ ئوچۇق تۇرسا...—دېدى ئۇ ئەتراپقا چۆچۈپ قاراپ.

—ئەركىن، مېنىڭ پەقەت مۇشۇ رەزىل تېنىملا ئەخمەتكە مەنسۇپ. بىراق روھىمغا پەقەت سىزلا ئىگە... شۇ تاپتا مەن لەۋلىرىم ئارقىلىق سىزگە لەۋلىرىمنى ئەمەس، تەشنا روھىمنى تەقدىم قىلدىم...

گېلىمغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرالماي قالدىم. كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى...»

خاتىرىنى يەرگە قويدۇم... ھەممە ئۇرۇنۇشلىرىم بىكار

كەتتى. ئەركىنگە بولغان ئۆچمەنلىكىمنى ساقلاپ قالالمىدىم. مەن ئەركىننى ئۆلدى دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ھەقىقىي ئۆلگۈچى مەن ئىكەنمەن. مېنىڭ ئۆلۈشۈم پەقەت مۇشۇ خاتىرە دەپتەر بىلەن خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىنلا باشلانغان ئەمەس، بەلكى مەن تولىمۇ ئۇزاق، تولىمۇ ئۇزاق يىللار ئىلگىرىلا ھالاك بولغانىكەنمەن. دىلبەر بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئۇنى مېنىڭ ئۆلۈكنىڭكىدەك مەنىسىز ۋە غۇربەتلىك قەلبىمگە ھەقىقىي ھايات ئاتا قىلدى دەپ ھېس قىلىپتىمەن. مەن مەنىلىك ھەقىقىي ھاياتنى ئۇنىڭ قەلبىدىن، ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن ئىزلىگەنىدىم. بىراق بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئېرىشەلمەپتىمەن. ئۇنىڭ قەلبىدە مەن ئەسلا ياشاپ باقماپتىمەن. بۇنى شۇقەدەر كېچىكىپ ھېس قىلغىنىمنى دەيمەن...

مەن يۈگۈرۈپ دىلبەر بار ئۆيگە كىردىم-دە، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدىم. ئۇ چۆچىگەن ھالدا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا تىكىلدى. لەۋلىرىم قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەنىدى. بوغۇزۇمغا بىر نەرسە قاپلىشىۋالغاندەك ئاۋازىم ئۇزۇلۇپ-ئۇزۇلۇپ چىقتى:

— دىلبەر... جېنىم دىلبەر! ئەركىن ئۆلمىدى. ئۇ مەن ھاياتىمنى بېغىشلاپمۇ ئېرىشەلمىگەن سېنىڭ قەلبىڭدە ياشاۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆلگەن بولسىمۇ مەندىن بەختلىك. بىراق مەنچۇ؟ مەن تىرىك تۇرۇپمۇ ھېچكىمنىڭ قەلبىدە ياشىيالمىدىم. ئاھ، كىممۇ مېنى ئويلاپ قويىدۇ؟ كىممۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ؟ كىممۇ مېنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان، قەلبى يالقۇنلۇق سۆيگۈ ۋە ئىنتىلىشلەر بىلەن تولغان ئادەم ئىكەنلىكىمنى چۈشىنىدۇ؟ ... مەن ساڭا شۇنچە ئاشىق، بىراق ساڭا زادى نېمە ئاتا قىلالى-

دىم؟ دىلبەر، ئەخمەت ئۆلدى. سەن ئۇنى ئۆلدى دەپ ھېسابلا، مەن ئەركىن بولاي. مەن سىنى ئەركىنلىك ئورنىدا ئەركىندەك ھەقىقىي پاك مۇھەببەت بىلەن مەڭگۇ سۆيەي!

*   *   *

قارلەپىلدەپ ياغماقتا. ئەتراپقا گۇگۇم قاراڭغۇلىقى يېيىلماقتا. قاتىللىقىم خەلقى-ئالەمگە ئاشكارا بولۇپ بولغىچە ئەركىنلىك قەبرىسگە بېرىپ قانغۇچە يىغلىۋېلىش ئۇچۇن ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىمەن. . . چۇشۇۋاتقان قارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ ئۇستىگىلا چۇشۇۋاتقاندەك كۆكسۇمدە مۇزدەك بىر سوغۇقلۇق، بىر زۇلمەت ھۆكۇمرانلىق قىلماقتا.



# مەسچۆلى

قولۇمدا چىڭ سىقىمداپ تۇرغان كىچىككىنە، سوغۇق رومكىغا بارغانسېرى قىزىپ، تېپىچەكلەۋاتقان تومۇرلىرىم رىتىملىق ئۇرۇلماقتا...

ھەممىسى بەربات بولدى... مەن ئاخىرقى قېتىم ئەنە شۇنداق دەپ ھېسابلىدىم. ئەمدى ھېچقانداق ئۈمىدنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغاندى. قالغانلىرى ھەممىسى ئەھمىيەتسىز ئۈمىدلەر...

ئاستا قەدەم بېسىپ كېتىپ بارىمەن. سەزگۈلىرىم پۈتۈنلەي ئۆلگەندەك، سەزگۈلەردىن ئۇچۇرسىز قالغان روھىم تولىمۇ بۇرۇقتۇم، بەلكىم ئۇنىمۇ ئۆلدى دېيىشكە بولار. سەزگۈلىرىم ئەتراپىمدىكى مەنزىرىلەردىن بەكمۇ يىراقتا... مەنزىرىسىز، ئادەمسىز، ئاۋازسىز بىر دۇنياغا پالىنىپ، ئۆز رولىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان مەن ئەنە شۇ يەردە كېتىۋاتىمەن.

مەن ئەتىلا يەنە ئۇنى كۆرەلەيمەن، ئۇنىڭ شۇنداق ئىللىق

ۋە سۆزلۈك لەۋلىرىگە يەنىلا سۆيەلەيمەن، بىراق بۇ سۆيۈشلەر ھىجراندىنمۇ ئازابلىق. . .

ئاخلاش سەزگۈم تۇيۇقسىزلا يىراقتىكى قۇيقۇرۇق بوشلۇق ئىلكىدىكى بىر ئاۋاز تەرىپىدىن سۆرەپ ئېلىپ كېلىندى.

تاتلىق شىۋىرلاش. . . بوش كۈلكە. . . قاتتىق چۆچۈپ تۇ-رۇپ قالدىم، ئاندىن ئۇلارغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتىم.

ئۇنىڭ شىۋىرلاشلىرى بەكمۇ يېقىملىق ئىدى. ئۇ بەكمۇ بوش ئاۋازدا شىۋىرلىغاچقا نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالماي قالاتتىم، بىراق ئۇنىڭدىن سورىمىساممۇ، ئىنچىكە قۇلاق سال-مىساممۇ ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى تامامەن چۈشىنەتتىم. ئۇنىڭ شىۋىرلاشلىرى يېنىك مۇزىكا ئاۋازىدەك ۋۇجۇدۇمغا بىۋا-ستە سىڭىپ كىرىۋېرەتتى. ئىككى گەۋدىدىكى ھېسسىيات بىر-بىرىگە چىڭ يېقىلىش ئارقىلىق ئاۋازسىزلا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. مەن پات-پات ئۇنىڭ سۆزلىرىنى سۆيۈشلىرىم ئارقىلىق ئۈزۈپ قوياتتىم. . .

ئۇدۇللا بېرىپ بىر قاۋاقخانىغا كىردىم. بۇ مەن تولا كىرد-دىغان قاۋاقخانا ئىدى. قاۋاقخانا ئالدىغا كەلگەندە نېمىدۇر بىر نەرسە تۇيۇقسىز دىققىتىمنى تارتىپ قالدى. ئادەتتە بىرنەچچە ئاغىنىمىز بىلەن قاۋاقخانىنى كېلىشىۋېلىپ يۇرمىسىمىزلا قا-ۋاقخانا ئىسمىنىڭ سىز بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى بولمايدۇ. شۇڭا قاۋاقخانىلارنىڭ ئىسمىغا دىققەت قىلىش ھاجەتسىز ئىدى. لې-كىن مەن پەقەت بۈگۈن بىردىنلا دىققەت قىلىپ قالغىنىمغا ھەيران قالدىم. خۇددى مەن بۇرۇندىنلا بىلىدىغان، بىراق ھې-

لىلا ئۇنتۇلۇپ قالغان نەرسىنى ئېسىمگە ئالغاندەك ياكى ئېسىم تۇيۇقسىزلا ئاشۇ خەت تەرىپىدىن سىرلىق هالدا تارتىلىپ كەت- كەندەك، قاۋاقخانىنىڭ بېشىدىكى يوغان يېزىلغان «ئۇمىد تۇم- شۇقى قاۋاقخانىسى» دېگەن سۆزگە قاراپ قالدىم. بەلكىم مېڭەم ئازابلىق خىياللارنىڭ كۆپلىكىدىن بىرەر خىيالنى تاللاپ بولال- ماي قالغاچقا ئاشۇنى كۆرگۈم كېلىپ قالغاندۇ ياكى ئۇمىد دېگەن نەرسە مەن ئۈچۈن ئىنتايىن كېرەكلىك بولغاچقا (گەرچە قاراپ ئوقۇپ بېقىش خىيالىم بولمىسىمۇ) ئۇ سەزگۈلىرىمگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، مېنى ئۆزىگە قاراشقا دەۋەت قىلغان- دۇ. مەن ئۇنىڭغا ئاڭسىز هالدا بىر هازا قاراپ قالغاندىن كېيىن ئىچكىرىگە قەدەم باستىم.

قاۋاقخانا ئىچى ۋاراڭ-چۇرۇڭ، كۇلكە-چاقچاقلار، پاراڭلار بىلەن تولغانىدى. تاماكىلاردىن چىققان كۆكۈچ ئىسلار پاراڭ، كۇلكە-چاقچاقلار ساداسى ئىچىدە قىستىلىشىپ، ئېزىلىپ، تو- رۇسلارغا چاپلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردىكى قىزغىن مەنزىرە كۇلكە-چاقچاقلار مېنى قىستاپ، ئىتتىرىپ، بۇلۇڭغا ئاپىرىپ قويدى. جانسىز ۋۇجۇدۇم بىر شىرە ئۈستىگە هالسىزغىنە تاش- لاندى.

بۇ يەردىكى قىزغىنلىقتا ماسلىشىش ئۈچۈن مەنمۇ يۈرىكىمە- نى ئاچچىق هاراق بىلەن كۆيدۈرۈپ، ۋۇجۇدۇمنى قىزىتىشىم كېرەك.

مەن كۇتكۈچىگە غىزا، قورۇما ۋە ئىچىملىكلەرنى كەلتۈر- گۈزدۈم. تاماقنى پەقەتلا يېگۈم كەلمىدى. قورساق ئاچ بولسىمۇ هاراقنى ئىچىشنى باشلىدىم. هەربىر رومكا هاراق ۋۇجۇدۇمغا

ئاستا تاراشقا باشلىدى. مەن هاراقىنىڭ بەدىنىم ئىچىدىكى هەرى-
كىتىنى جىمجىت كۆزەتكەچ ئالدىرىماي ئىچەتتىم. ئالدىمغا
سەيلەرنى كەلتۈرۈپ قويغىنىم بىلەن زاكۇسقا قىلىشمۇ ئېسىم-
دىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىكەن. كۆزلىرىم رومكىدىكى مۇزدەك
سوغۇق هاراققا تىكىلگەنىدى. ئۇ گۇگۇم چۈشكەندىن كېيىنكى
سۈزۈك هاۋاغا بەكمۇ ئوخشايتتى.

مەن بۈگۈن ئۇنىڭغا قاتتىق نەپرەتلەنگەنىدىم. بەلكىم مۇ-
هەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى نەپرەتتۇر. بۇ نەپرەتلەر يۈرى-
كىمنىڭ بارلىق سۈزۈك قېنى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا هەدىيە
قىلىندى. مەن ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا
مانا مۇشۇ ئەڭ قىممەتلىك يەنى بەدىلى ئەڭ يۇقىرى نەرسەمنى
هەدىيە قىلغانىدىم.

هاراقىنىڭ قورسىقىمدا قىزدۇرۇپ ئاستا ماڭغانلىقىنى كۆ-
زەتكەچ ئۇنى ئۇنتۇماقچى بولغانىدىمەن، بىراق هاراقىنىڭ كۈچى
يۈرىكىم تەرەپكە قاراپ سىلجىۋاتقاندا ئۇنىڭ سالغان ئازابىنى
تېخىمۇ چوڭقۇر سەزمەكتىمەن.

ئۇنىڭ بوش پىچىرلاشلىرى هېلىمۇ هېلىقى دەرەخلىك ئا-
رىسىدا نەمخۇش هاۋاغا ئوتتەك تەپتى بىلەن تارقاپ تۇرغاندۇ.
ئۇنىڭ كۈلكە بىلەن پىچىرلاشلىرى، ئەركىلەشلىرى يىراقتا—
ئاشۇ دەرەخزارلىقتا تۇرۇپ ماڭا خىتاب قىلماقتا:

—سەن تۈگەشتىڭ!

ئەگەر ئۇ مېنى راستىنلا تۈگەشتۈرۈۋېتەلىگەن بول-
سا. . . ئاھ! نەقەدەر ياخشى ئىدى-ھە! بىراق مەن تۈگەشمى-
دىم. بەلكىم تۈگىشىپ كېتەلمىگەنىدىمەن. مۇشۇ گۇمان بىلەن

بىر مەھكۇملۇق مېنى قىينىماقتا. ئەگەر تامامەن تۈگەشكەن بولسام مەندە ئازابمۇ، شادلىقمۇ، ھېچنەرسە قالمايتتى. مەن ھەممىدىن — ئازابىنىڭمۇ، شادلىقىنىڭمۇ پۈچلىشىدىن بىراقلا ئازاد بولاتتىم.

مەن ئەتىلا يەنە بىر خىل سەۋدايىلارچە ھېسسىيات بىلەن ئۇنى ئىزدەپ تېپىشىم، ئۇنىڭ بىلەن خالىي جايلارغا بېرىپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك مۆڭدىشىشىم، ئۇنى مۇزدەك قىزغىنلىق، ئۆلۈمدەك سوغۇق ئىشتىياق بىلەن سۆيۈشۈم مۇمكىن.

ئۇنىڭغا نەپرەتلەنگەنسېرى تەلۋىلەرچە مەھلىيا بولۇپ، تېخىمۇ ھەددىدىن زىيادە قوغلىشاتتىم. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى مۇتلەق خالىمايتتىم. مېنىڭ ھەقىقىي تۈگىشىشىم ئۇنىڭدىن — ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن. . . ئۇنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، سۆيۈشلەر ئارىلىقىدا بوش پىچىرلاپ ئەركىلەشلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشلا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى بەكمۇ ساپ، بەكمۇ ساددا ئىدى. ئاشۇلارغا مەستانىلارچە بېرىلىپ كەتكەن ئادەم ئۈچۈن دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ھەقىقىي نەرسە يوق ئىدى. ئۇنى سۆيۈۋاتقان ۋۇجۇدۇمنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا پېتىناتتىمكى، ئۇنىڭ ئاشۇ قىلىقلىرىنى ساختا دەپ ئويلاشقا قۇربىم يەتمەيتتى. بەلكىم بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن سەممىي، چىندۇر، بەلكىم بۈگۈن ئۇنىڭ باشقا بىراۋلارغا تەقدىم قىلىۋاتقان قىلچە پەرقسىز ئاشۇ قىلىقلىرىمۇ ھەقىقەتەن سەممىيدۇر. ئۇنداق گۈزەللىكنى ساختا دېيىشكە كىممۇ پېتىنالىسۇن؟ ئۇنى ساختا دېيىشكە قەلبىمدىكى نەپرەتتىن، ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېيىشىمدىن باشقا يەنە قايسى دەلىل بار بولسۇن؟!

ئۇنى سۆيۈشنىڭ ئازابلىق ئىكەنلىكىنى دەسلەپتىلا ھېس قىلغانىدىم. دەسلەپ ئۇنى سۆيگىنىمدە— ئۇنىڭ قىپقىزىل يې-لىنجاپ تۇرغان لەۋلىرىگە لېۋىمنى ئېلىپ بارغىنىمدا، ئۇنىڭ كۆزلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى شىددەتلىك غىدىقلىنىشقا بولغان قانماس ھەۋەس بىلەن ۋەھىمىگە تولۇپ، نېمىدۇر بىر نەرسىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدىم. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى كۆزلىرى مەسىھنىڭ سۆيۈشلىرى ئارقىلىق ئۆز تېنىگە جاننىڭ ئاستا تارقىلىۋاتقاندىكى ئازابىنى ھېس قىلغان ھالدا تىرىلىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايتتى. . . ئادەمنى ۋۇ-جۇدقا كەلتۈرىدىغان نەرسە سۆيگۈ ۋە سۆيۈش، بىراق ئۇنىڭ ياشاش خاھىشى بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. بۇ ئۇنىڭ خۇدادىنمۇ ھېيىقمايدىغان جاسارىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

مەن ئۇنى تۇنجى سۆيگەندە يەنە بىر قېتىم سۆيۈشنى تەسەۋ-ۋۇرمۇ قىلالماي قالغانىدىم. ھەتتا مەڭگۇ قايتا سۆيەمەسلىككە قەسەم قىلىۋەتكىلى تاس قالغانىدىم. ئۇنى سۆيگەندىكى غەلىتە سېزىم مېنى ئاشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. بىراق كېيىنچە ئۆزۈمنىڭ تەشنا بولۇپ يۈرگىنىمنىڭ مۇشۇ جىمجىت، بۇرۇق-تۇم ھاياتتىكى دەل ئاشۇ مۆجىزىسىمان غەلىتە سېزىم ئىكەنلى-كىنى كېيىن ھېس قىلىپ، ئۇنى سۆيۈشكە تەشنا بولۇپلا تۇرى-دىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدىم. گويا ماڭا ئاشۇ مۆجىزىۋى ھېسسىياتنى پەقەت ئۇلا ئاتا قىلالايدىغاندەك، ئۇنىڭدا باشقىلار-نىڭ ھەققى يوقتەك ئۆزۈملا جان-جەھلىم بىلەن ئىگىلىۋېلىشنى ئويلىغانىدىم. بىراق مانا بۈگۈن ھېلىقى لەنىتى جايدا، لەنىتى قاراڭغۇلۇق، لەنىتى نەمخۇش ھاۋا قوينىدا مەن تامامەن ئىگىلە-

ۋىلىشنى ئويلىغان نەرسىنى ئۇ باشقا بىراۋغا تەقدىم قىلغانىدى. بەلكىم مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا تامامەن ئىگە بولۇۋېلىشقا ھېچقانداق ھەققىم يوقتۇر. بەلكىم بۇ خىيالىم بىر ئۆكتەملىكتۇر، ئەمما بۇ يولسىز خىيالنى دۇنيادىكى بىردىنبىر ھەقىقەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلغانىدىم. ئۇنىڭ يوللۇق ياكى يولسىزلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپمۇ باقمىغانىدىم. بۇ لەنتى ھېسسىياتتىن قۇ-تۇلۇش تەس ئىدى.

بۇگۈنلا شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىمكى، مەن ئۇنى تامامەن ئىگىلىۋالماقچى بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئەسلىدە ئۇ تەرىپى-دىن ئۆزۈملا ئىگىلىنىپ كەتكەنىكەنمەن.

دائىم كوچىلاردا ياكى باشقا جايلاردا سانسىزلىغان گۈزەل ئاياللارنى كۆرۈپ دۇنيادا چىرايلىق ئاياللار نەقەدەر كۆپ-ھە دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەنىدىم. دەسلەپ ئۇنى سۆيگەندە يۈرىكىم پۇچۇلىنىپ كەتكەنىدى. دۇنيادىكى سانسىزلىغان ئاياللار ئىچىدە خۇددى باشقا ئايال جىنسلىق ھېچكىم قالمىغاندەك، پەقەت ئۇلا قالغاندەك، قالغان ھەممىسى تۇتقىلى، كۆرگىلى بولمايدىغان خىيالىي جىسىملاردەك ھېس قىلغانىدىم. ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا ھەقىقىي مەۋجۇت ماددىغا ئايلانغاندا مەن ئەڭ دەسلەپكى "پۇتۇن-لەي تۈگىشىش" ھېسسىياتىغا كەلگەنىدىم. بىراق كېيىنچە بۇ خىل ھېسسىياتلار مەندىن بەكمۇ يىراقلاپ ياتلىشىپ كەتتى. ئۇ قايتىدىن ئۆزىنىڭ مەۋھۇملۇقى بىلەن مېنى چەكسىز تەشنا قىلىدىغان بولدى. ئۇ بارغانسېرى مەۋھۇملىشىپ بېرىۋاتقان ئاشۇ چاغلاردا مەن ئۇنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ، يالتىراپ تۇرغان كىچىككىنە ئۇماق لەۋلىرىگە سۆيگىنىمدە، قوللىرىم، لەۋلە-

ـرىم، پۈتۈن بەدىنىم، تومۇرلىرىمدىكى ئىسسىق قانلىرىم بىد-
لەن، قىزغىنلىق قوينىدا جانلىنىپ تۇرغان نېرۋىلىرىم بىلەن
ئۇنىڭ دەل ئالدىمدا، پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتتىن
يېقىن هالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى سەزسەممۇ بىراق ئۇ
يەنىلا ئىنتايىن مەۋهۇم هېسسىيات بېغىشلايتتى. باغرىمغا بې-
سىلغان ۋۇجۇد، لەۋلىرىمگە يېقىلغان لەۋلەرنىڭ هەقىقىي مەۋ-
جۇدىيەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەي قالاتتىم.

ئۇنى ئوراپ تۇرغان بىر قەۋەت مەۋهۇملۇق مېنى ئۇنىڭغا
بارغانسېرى ئىنتىلدۈرگەن، ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم هەقىقىي مەۋ-
جۇدىيەتكە ئايلىنىپ مەندە ”تۈگەشتىم. . .“ دېگەن هېسسىياتنى
قايتا پەيدا قىلىشنى زارىقىپ كۈتىدىغان قىلىپ قويدى.

ئاخىر ئۇ پۈتۈنلەي يوقالدى. مەندىن بەكمۇ يىراقلاپ، بىر
خىيال، بىر چۈشكە ئايلىنىپ كەتتى. باشقا ئەركەكلەرنى كۆر-
گەندە ئاجايىپ شوخ چاقناپ، ئويناپ كېتىدىغان كۆزلىرى ماڭا
بەكمۇ ناتونۇش بىلىنىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىنىڭ
مەن ئۇنى تۇنجى رەت سۆيگەن چاغدىكىدەك تونۇشلۇق ئەمەسلىد-
كىنى، پەقەتلا ماڭا خاس ئەمەسلىكىنى بايقاپ قالغانىدىم. هەمم-
مىسى بەربات بولدى!

هاراق ۋۇجۇدۇمغا بۈگۈنكى بەرباتلىق توغرىسىدىكى خىيا-
لىمدەك شىددەت بىلەن سىڭمەكتە. . . تۈگىدى. . . هەممىسى
تۈگىدى! . . .

هاراقتىن بىر رومكا قۇيۇۋېتىپ كىمدۇر بىر كىمنىڭ ماڭا
قاراپ تۇرغان كۆزلىرىنى سەزگەندەك بولۇپ بېشىمنى كۆتۈر-
دۈم. ئۇنى تىكىلىپ تۇردىمىكىن دېگەندەك بىر هېسسىيات مې-

ڭەمدىن غىپپىدە ئۆتۈپ كەتكەندى. ئالدىمدا تۇرغان ئايال مەن
تەرەپكە قاراپ نېمىدۇر بىر نەرسىنى پەملەۋاتقاندەك قىلاتتى.
ئۇنىڭ قارىشى مەن بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز ئىدى. ئىككى-
مىزنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ نەزەرىنى ئالدىراپ
باشقا ياققا يۆتكىۋالدى ۋە ئارقىدىنلا ماڭا يەنە لەپپىدە قاراپ
قويدى. مەن ئەتراپقا تېزلا بىر كۆز يۇگۈرتۈپ، ئۇنىڭ قاراشلى-
رىنىڭ ئالدىمدىكى بوش ئورۇندۇققا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى
بايقاپ قالدىم. ”ئادەملەر ئادەمگە ئەمەس، بەلكى ئورۇندۇققا
ئېھتىياجلىق“ دېگەن بىر خىيال ئىچىمگە ئاچچىق ھاراقتەك
ۋاژژىدە سېپىلدى-دە، باياتىندىن بېرى ئىچكەن ھاراقنىڭ غۇۋا
ئۆركەشلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. ئەتراپتىكى
ھەممە شىرەلەر چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان ئادەملەر بىلەن تولغاندى-
دى، بۇ شىرەدە بولسا مەن يالغۇزلا ئولتۇرغانىدىم، ھېلىقى
ئايال كېلىپلا قارشى تەرىپىمدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۇ
بەكمۇ گۈزەل ئايال ئىدى، شۇڭا سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭدىكى
گۈزەللىكنى ئازاب بىلەن كۆزىتىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي،
خۇددى ئۇنى كۆرمىگەندەك ھارىقىمنى ئىچىشكە باشلىدىم. گويا
ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن پەرۋايىم پەلەك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشكە
ياردىمى بولار دېگەندەك پەرۋاسىز قىياپەتتە چوكىنى ئېلىپ،
باياتىن بېرى يېيىلمىگەن قورۇمىلاردىن يېيىشكە باشلىدىم.
قورۇمىلار ئىنتايىن مەززىلىك پىشۇرۇلغانىدى. بەلكىم باياتىن
يېگەن بولسام بۇنداق تۇيۇلماس بولغىيتتى دېگەندەك بىر ھېس-
سىيات كاللامدا خىرە پەيدا بولدى. ئۇ قالايمىقان خىياللار
بوغۇپ تاشلىغان سەزگۈلىرىمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسا كې-

رەك.

ئايالنىڭ بىر-بىرىگە مىنگەشتۈرۈلگەن پۆتلىرى ئالدىمغىچە سوزۇلۇپ كەلگەنىدى. خۇددى ئۇ پۆتلىرىنى ماڭا تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئۇزىتىپ تۇرغاندەك، گۈزەل ئاياللارغا خاس كېلىشكەن پۇتلار كىشىنى ھاياجاندىن ئەيمەندۈرۈپ، ئۇنىڭ بىر خىيالىي كۆرۈنۈش، بىر سۈرەت ئەمەس، قېنى ئۇرغۇپ ۋۇجۇدىدا ئايال-لىق ھەۋەسمۇ كۆۋەجەپ تۇرغان تىرىك، ھەقىقىي ئايال ئىكەنلى-كىدىن بېشارەت بېرىپ، كىشىنى مەھلىيا قىلىپ نېرۋىلارنى غىدىقلايتتى. ئۇ قاپقارا يالتىراپ تۇرغان رەپتىس شىمى كىيى-ۋالغان بولۇپ، شىم ئۇنىڭ بەدىنىگە چىڭ چاپلىشىپ ئاجايىپ گۈزەل پىگورىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە يۈرىكىم ئېچىشقاندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن لەپپىدە قاراپ قويدۇم. ئۇ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەن قورۇما تىزىملىكىگە قاراپ ئۆزىگە كېرەكلىكلىرىنى تاللاۋاتاتتى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى قارىغان ئادەمنى چىدىغۇسىز غىدىقلايدىغان ۋە ئازاب-لىق ھېسسىياتقا چۆمۈلدۈرەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىدى.

ئۇنىڭ يۈزلىرى سۈپسۈزۈك، ئاق ھەم سىلىق بولۇپ، ئادەمدە بەدەننىڭ بەدەنگە تېگىشىگە بولغان سىرلىق تەلپۈنۈش ۋە چۈشتىكى مەنزىرىلەردەك چۈشىنىكسىز تەسەۋۋۇرلارنى قوز-غايتتى. ئۇنىڭ يالتىراپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرى بەكمۇ قويۇق بولۇپ، يېيىلىپ چۈشۈپ يۈزلىرىنىڭ يېرىمىنى يېپىۋالغانىدى. ئۇنىڭ قىپقىزىل بويالغان لەۋلىرى چىراغ نۇرىدا ئاجايىپ گۈ-زەل جۇلالاپ تۇراتتى. نازۇك، كىچىك قوللىرى بىلەن ئېڭىكى-نى يۆلىۋالغانىدى، قىپقىزىل بويالغان تىرناقلىرىمۇ لەۋلىرى-

نىڭ قىزىللىقى بىلەن قوشۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن-
دەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يۈزلىرىگە يېپىلىپ چۈشكەن چاچلىرىنى
پات-پات كەينىگە قايرىپ قويۇپ، تىزىملىككە بەلگە قويۇشنى
داۋاملاشتۇراتتى.

قاۋاقخانىدا ئاجايىپلا بۇرۇقتۇم بىر ناخشا ئادەمنى ساراڭ
قىلىۋېتىدىغاندەك ياڭرىماقتا. ناخشىنىڭ ساداسى قاۋاقخانىدىكى
كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى بىلەن شۇ قەدەر ئارىلىشىپ كەتكەن
ئىدىكى، گويا توختاپ قالسىلا بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى
قېتىپ، ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى، يۈزلەردىكى
كۆيۈۋاتقان سۇلىياۋ ياكى شامنىڭ ئېرىپ كېتىۋاتقان قىسمىدەك
يالتىراپ تۇرغان كۇلكىلەر دەستىدىن كىشىنىڭ قارىغۇسى كەل-
مەس ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇلار بولسا بۇ ھالىتىدىن چەك-
سىز پەخىرلىنىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار مۇنۇ ئايال بار دۇنيادىن
باشقا بىر دۇنيادا— ئەسەبىيلىك بىلەن تولغان، قارغىش كەتكەن
يىراق دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك ئىدى.

ھاراقنىڭ بەدىنىم ئىچىدىكى ھەرىكىتى بارغانسېرى خىرە-
لىشىپ، ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. قورسىقىم-
نىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى يادىمغا ئالدىم-دە، سوۋۇپ كەتكەن تاماق-
نى خۇش ياقماسلىق بىلەن ئاغزىمغا سېلىشقا باشلىدىم. تاماق
گاھ ئۇ قوۋۇزىمدىن گاھ بۇ قوۋۇزىمغا ئۆتۈپ، ئاغزىمدا بىر
ھازا چاينالغاندىن كېيىنلا ئاران تەستە گېلىمغا ماڭاتتى. ھاراق-
نى ئاچ قورساق ئىچىۋېرىپ مەست بولۇپ قالسام بەكمۇ قاتتىق
قىينىلىپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەپ، تاماقنى زورلاپ يەيتتىم.
كۆزۈم پات-پاتلا ئالدىمدىكى ئايالغا ئېچىرقاش بىلەن تەلمۈرۈپ،

خۇددى ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يىرتىپ ئۆتۈپ يالىڭاچ، ئاپئاق تېرىلىرىنى كۆرمەكچى بولغاندەك كۈچىنىپ تىكىلىپ قالاتتى. ئۇنىڭ تولغان، ئىغىرلاپ تۇرغان كۆكسىنىڭ بەدىنىگە چىڭ يېپىشقان مايكىلىرىنى تېشىپ چىقىدىغاندەك، ھېلىلا قانداقتۇر بىر مۆجىزە پەيدا بولىدىغاندەك بىرھازا كۆزۈمنى ئۈزەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئاندىن ئۇنىڭ ماڭا قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ نەزەرىمنى ئۇنىڭ چىرايىغا ئاغدۇردۇم. ئۇ ماڭا قاراپ مەنىسىز-گىنە تەبەسسۇم قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ تەبەسسۇمى سۇس بىر خىل شامالدەك غۇررىدە ئۇچۇپ كېلىپ ئىزسىز غايىب بولدى. مەنىسىز تەبەسسۇم پەيدا قىلغان مەنىسىزگىنە بىر ھاياجان قەلبىمنى شۈركۈندۈرۈپ ئۆتتى. ئۆزۈمدىكى بۇ مەنىسىز ھاياجاندىن سەل نارازى بولدۇم. ئۇنىڭ سولغۇن چېھرىدىن بىر خىل ھالسىزلىق ۋە مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا قورۇما ۋە ئالىي دەرىجىلىك ۋىنو كەلتۈرۈلدى. مەن كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن يۆتكىۋالدىم ۋە ئۇنىڭ ھېلىقى مەنىسىز تەبەسسۇمىنى ئازاب بىلەن نېمىشقىدۇر خۇددى مۇھىم بىر ئىشنى خىيال قىلغاندەك بىر خىل ھالەتتە خىيال قىلىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن قانداقتۇر بىر مەجبۇرىيەت ۋە زورۇقۇش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، بۇ زادى قانداق مەجبۇرىيەتتۇر؟ ئۇنى كىم مەجبۇرلىدى؟ بەلكىم ئۆزى مەجبۇرلاپ، ئۆزى خالايدىغان تەبەسسۇمنى ئۆزىگە مەجبۇرىي تېڭىپ شۇنداق قىلغاندۇ، مېنى مەسخىرە قىلغانمىدۇ-يا؟ كاللامغا بۇ خىيال كېلىشى بىلەن شۈركىنىپ كەتتىم. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاشۇ تەبەسسۇمىنىڭ ئاچكۆز قاراشلىرىمغا بولغان مەسخىرە بولۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلاتتىم. مەن يەنە ئۇنىڭغا ئىختى-

يارسىز نەزەر تاشلىدىم. ئۇ ھاۋا رەڭ رومكىغا قان رەڭلىك
قىپقىزىل ۋىنونى قۇيۇپ، مەلۇم بىر جىددىي ۋەزىپىنى بېجىرى-
ۋاتقاندەك ئالدىراشلىق بىلەن كەينى-كەينىدىن بىرنەچچە رومكا
ئىچىۋەتتى، ئاندىن ”ئۇھ!“ دەپ قاتتىق بىر تىنىدى-دە، بارماق-
لىرىنى چاچلىرى ئارىسىغا تىقىپ، ئالقىنى بىلەن پېشانىسىنى
تىرەپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە بىر ھازا بېشىنى سىلىپ
تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئىنتايىن دەردمەن بىر ئايال بولۇپ
چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. گۈزەل ئاياللارنى چوقۇم ئىنتايىن
بەختىيار دەپ ئويلايتتىم، بولۇپمۇ ئۇنىڭدەك ئېسىل ياسانغان
ئاياللارنى كۆرسەم خۇددى شۇلارلا دۇنيادىكى بارلىق بەختنى
چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، باشقىلارغا قالدۇرماي ئىگىلىۋېلىپ
ياشاۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ ئېسىلزادىلىكى ۋە بايۋەچچىلىكىگە
نىسبەتەن مەندە بىر خىل ئۆچمەنلىك ۋە ئاچچىق ئىچى تارلىق
پەيدا بولاتتى. بىراق ھازىر نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بىر دەردمەن
بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ قالغانىدىم. بەلكىم مەندىكى بۇ
ئارزۇ بەكمۇ مەنىسىزدۇر. بەلكىم ئۇ دەردمەن بولۇشقا خۇشتار
بولۇپ يۈرگەن غەيرىي پسىخىكىغا ئىگە ئايالدۇر ياكى ئۆزىنىڭ
گۈزەللىكى بىلەن دەردمەنلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەم گۈزەل،
ھەم دەردمەن بولۇشتەك رومانتىك شېرىن ھالىتىدىن پەخىرلە-
نىش ۋە لەززەتلىنىشكە ئادەتلىنىپ قالغاندۇر. ئۇ بېشىنى كۆ-
تۈرۈپ يەنە بىر رەت قاراپ ئىلاجسىزلىق بىلەن مەيۈس كۈلۈم-
سىرەپ قويدى. مەن بۇ كۈلۈمسىرەشتىن بىردىنلا چۆچۈپ كەت-
تىم-دە، باشقا ياققا قارىۋالدىم. بۇ كۈلۈمسىرەش سەزگۈلىرىمدە
بىر ھازا مەستلىك سەزگۈسىدەك لەيلەپ يۈرۈپ يىراقلاپ كەت-

تى، بۇ كۆلۈمسىرەشتىن قانداقتۇر بىر خىل يېقىملىق غۇۋا ھېسسىياتقا چۆمۈپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر رەت ئاۋۋالقىدەكلا ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلىشنى ئويلىدىم، بىراق ئۇنىڭغا قارىيالمىدىم. ھاراقتىن رومكىغا لىق تولدۇرۇپ بىراقلا كۆتۈرىۋەتتىم.

ئايالنىڭ كېيىنىشلىرىنى ۋە گۈزەل قامىتىنى يەنە بىر رەت كۆزىتىشكە باشلىدىم. ئاھ! ئاشۇ گۈزەل تەن كىملەرنىڭ قوينىدا قانچىلىغان كېچىلەرنى ئۆتكۈزگەندۇ-ھە! قانچىلىغان ئەرلەرنى ئاپئاق بەدەنلەر بىھوش قىلغاندۇ، قانچىلىغان ئەرلەرنى ”ئۇھ“ دېگۈزگەندۇ؟ قانچىلىغان ئەرلەرنىڭ نەپەسلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈپ تىنالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغاندۇ!؟... تەپەككۇر قىلغانسېرى نېرۋىلىرىم ئاچچىق غىدىقلىنىپ، چىدىغۇسىز بىر خىل تەشنالىق ھېسسىياتى لەۋلىرىمنى ئىختىيارسىز يالاتقۇزدى. ئۆزۈم بىلەن بۇ دۇنيادا قىلچە ئالاقىسى يوق بىر ئايالدىن ئاللىقانداق بىر ھېسسىياتنى، ئەڭ شېرىن ۋە ئۇلۇغ بىر لەززەتنى يولسىزلىق بىلەن تەمە قىلىش ياكى ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنۇش بەلكىم بىر جىنايەتتۇر. بەلكىم ئۆزۈمەدىكى ئەڭ بۈيۈك ۋە شېرىن ھېسسىياتنى دەپسەندە قىلىشتۇر... بۇ ھېسسىياتلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەست بولۇش كېرەك ئىدى. مەن ئايالغا يېلىنغاندەك قاراپ قويدۇم. بەلكىم ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىنى، دۇنيادا ئۇنىڭدەك گۈزەل ئايالنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ئىمكانىيىتىمدىن مېنى مەھرۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلغانىدىمەن...

— سىز ئۇيغۇرمۇ؟

مەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. يۈرىكىم شىددەت بىلەن سې-

لىپ، سۇس بىر تىترەك ۋۇجۇدۇمنى ئارىلاپ، غۇۋا مەستلىك سەزگۇسى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. مەن ئالاقزادىلىك بىلەن تىترىگەن ئاۋازدا جاۋاب بەردىم:

— هەئە. . .

ئۇ مېنى بىر هازا كۆزىتىپ چىقتى. ئۇنىڭ قىياپىتىدىنمۇ بىر خىل غۇۋا جىددىيلىشىش بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ يەنە نېمە-لەرنىدۇر دېمەكچىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يەنە سۆزلىشىنى شۇنچە خالىسامىمۇ، بىراق سۆزلىمەسلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشماس-لىقنى ئارزۇ قىلاتتىم.

— ئوقۇغۇچىمۇ سىز؟

— هەئە. . .

— قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز؟

— مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا.

ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن تەبىئىي ئىدى. تونۇمايدىغان ئادەم-لەر بىلەن پاراڭلىشىش ئۇنىڭغا هېچبىر مالاللىق ئېلىپ كېلەل-مىگەندەك ئىدى، ئۇ چوقۇم شۇنداق قىلىشىم كېرەك دېگەندەك ياكى بۇ بىر قائىدىدەك بىمالال سۆزلەۋاتاتتى.

— مەن ئۆزى يالغۇز هاراق ئىچىدىغان ئادەمنى دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە ئادەممىكىن دەيمەن. . .

— بەلكىم. . . بىز هەممىمىز بىچارە. . . يالغۇز. . . يې-رىم. . . جەننەتتىكى چىقىمىزدىلا بىزنىڭ يېرىمىمىز يوقالغان، ئۇنى بىز ئۆزىمىز يوقاتقان.

— سىز شائىرمۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

—گەپلىرىڭىز بەكمۇ شائىرانە ياكى روھىي كېسەللەرنىڭ-
كىدەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. . .
—روھىي دۇنياسى ئادەتتىكىچە بولمىغان ئادەملەرنىڭ
ھەممىسى روھىي كېسەل ئادەملەر. مەن ئۆزۈمنى ئۇنچىلىك
دەرىجىگە يېتەلمىدىممىكىن دەپ ئويلايمەن. روھىي كېسەل بو-
لۇش ئىنتايىن قىيىن بىر ئىش.
ئۇ مېنىڭ گېپىمدىن كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى
ئىنتايىن دوستانىلارچە ئىدى. كۈلكىسىدىن سەبىيلىك ۋە ساد-
دىلىق بىلىنىپ تۇراتتى، لېكىن يەنىلا بىر خىل ئېغىر سوغۇق-
قانلىق يەنى گۈزەل دەردمەنلىكمۇ بار ئىدى. كۈلگەندە ئۇنىڭ
چىرايلىق، يوغان، قاپقارا كۆزلىرى ئاجايىپ نۇرلىنىپ، كۆ-
كۈچ رەڭدە بويالغان كەڭ قاپاقلىرىمۇ كۆزلىرى بىلەن بىللە
چاقناپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى بىلەن ماڭا
يېقىن دوستتەك كۆرۈنۈشىدىن ئازاب ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ
يېقىملىق كۈلكىلىرى مېنى ئازابلاشتىن باشقا، ماڭا ھېچنەرسە
ئېلىپ كېلەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئۇ ھامان ناتونۇش
ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ ھالىتىدە ھېچقانداق بىر مەغرۇرلۇق ئىپا-
دىسى بولمىسىمۇ ئۇنىڭ قىياپىتىدىن ئۆز ئېسىلزادىلىكىگە يارد-
شا بىر مەغرۇرلۇق، مۇزدەك سوغۇق بىر ھاكاۋۇرلۇقنى ئىز-
دەيتتىم. بەلكىم بۇنداق گۈزەل ئايال چوقۇم ناھايىتى مەغرۇر
بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىغاندىمەن. بۇنداق كۈلكىلەر ئۇنىڭ
ئارتىسكىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەن شۇلارنى خىيالىم-
دىن ئۆتكۈزگەچ ئۇنىڭ ئاپئاق، پاكىز مەيدىسىدە يالتىراپ تۇر-
غان ئالتۇن رەڭلىك كرېست مېدالىئونغا قاراپ قويدۇم. بۇ

مېدالىئون مېنىڭ خىيالىمنى راست دەپ تەستىقلىغاندەك، ئۇ-
نىڭ كۈلگەندىكى ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ بىرنەچچە رەت لەپەڭ-
شىپ قويدى.

ئەينىكىگە ھەر خىل خەتلەر قىيىپ چاپلانغان دېرىزىدىن
سىرتقا قارىدىم. سىرتتىكى قاراڭغۇلۇق شۇ قەدەر قويۇق ئىدى-
كى، كوچا چىراغلىرى ئۇنىڭغا قىلچىمۇ تەسىر قىلالمىغاندەك
كۆرۈنەتتى. ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ھېلىلا مۇنۇ قاۋاقخانىنىڭ ئىچىگە
بۆسۈپ كىرىپ، بارلىق سەزگۈ ئەزالىرىمنى ئىگىلەپ قاراڭغۇ-
لۇقتىن، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى كۈلۈپ بوش شىۋىرلاشتىن باش-
قا ھېچنەرسىنى ھېس قىلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدى-
غاندەكلا قىلاتتى. كۆزلىرىمنى دەرھال ئېلىپ قېچىپ، ئالدىم-
دىكى گۈزەل ئايالنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك قىي-
ماسلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم.

— كۆزلىرىڭىز بەكمۇ دەھشەتلىك ئىكەن... ئادەمنى ئەي-
مەندۈرۈپ... سىز كۈلۈشنى زادىلا بىلمەمسىز؟... باشقىلار
كۈلگەندە كۈلگىڭىز كەلمىسىمۇ كۈلۈپ قويۇڭ. كۈلكىڭىز
ساختا بولسىمۇ ئەنە شۇنداق كۈلۈۋېرىپ ئادەتلىنىپ قالسىڭىز
ئاخىرىدا راستتىنلا خالاپ كۈلگەن بولسام كېرەك دەپ، كۈلكى-
ڭىزنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىدىغان بولۇپ قالىسىز. بۇنداق ماھا-
رەتنى ئۆگىنىۋالمىسىڭىز تۈگەشكىنىڭىز شۇ!... بەختلىك بو-
لۇشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چارىسى بوق... كۆزلىرىڭىزدىن ماڭا
بولغان ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇرغاندەك قىلىدۇ. باشقىلارنى ياخ-
شى كۆرۈشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز دۇنيادىكى ھەممە ئادەملەر ئۈ-
چۈن سۆيۈملۈك بولالايسىز.

ئۇنىڭ بۇ ئاۋازىنىڭ ماڭا بەكمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇ قەدەر يېقىن ئىدىكى، مېڭەمنىڭ ئىچىدە قايسىدۇر بىر يەردە ئۆزۈمنىڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاچچىق پەرىيادىمدەك قىلاتتى. ئۇ ئايال رېئاللىقتا مەۋجۇت ئەمەس بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مېنىڭ خىياللىرىم توقۇپ چىقارغان كۆرۈنۈش بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاۋازىمنىڭ ئەكس ساداسى بولۇشى مۇمكىن. . .

—قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

—ئون توققۇزغا.

—سىزدىكى بۇنچە ئازابلىق كەيپىيات يېشىڭىزغا پەقەتلا ماس كەلمەيدىكەن. خۇددى قەستەن ئازابلىنىۋاتقاندەك، ياكى ئازابنى ئوغرىلىۋالغاندەك، —ئۇ بۇ ئوخشىتىشنى راسا مۇۋاپىق قوللىنىۋالغىنىغا شادلانغاندەك قىلاتتى. ئارقىدىنلا بۇ كەيپىيات ئازابقا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئازاب ئۇنىڭ چىرايلىق ئەگىم قاشلىرى ئاستىدىكى خىيالچان كۆزلىرىدىن لەپپىدە پۈتۈن چىرايىغا تاراپ قويۇقلىشىپ سىڭىپ كەتتى.

—مېنىڭ ئازابىمنى چۈشەنمەيسىز، بۇ ئازاب يېشىم بىلەن مۇناسىۋەتسىز، سىزچۇ؟ مەن گۈزەللىكىڭىز بىلەن ئازابلىق كەيپىياتىڭىز سىزدە ئەقىلغا سىغمىغۇدەك دەرىجىدە بىرلەشكىنىگە ھەيرانمەن.

—مەن ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىردىم. مېنىڭ كۆرگىنىم سىزنىڭكىدىن كۆپ، —دېدى ئۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ”ئۇھ“ دېگەن چاغدىكى ئاۋازى تولىمۇ يېقىملىق بولۇپ، ئېغىزى بەكمۇ چىرايلىق ئېچىلغانىدى.

—مېنىڭ ئازابىم روھىمدىكى ئازاب، ئۇ رېئاللىق بىلەنمۇ

مۇناسىۋەتسىز. رېئاللىق ئادەمنى ئازابلىيالمايدۇ، ئادەم ئۆزى ئازابلىنىدۇ.

—قېنى، هاراقتىن قۇيۇڭە، تونۇشۇۋالغىنىمىز ئۈچۈن بىر رومكىدىن ئىچىۋېتەيلى. مەن سىزدەك ياش ھەم دەردمەن يىگىت بىلەن تونۇشقىنىم ئۈچۈن خۇشالمەن. . .

ئاپام مېنى 16 يېشىدا تۇغقانىكەن. بۇ ئايال مېنىڭ ئاپام بىلەن تەڭ ئىدى. ئاپام بىلەن تەڭ بىر ئايالغا نىسبەتەن پەيدا بولغان ھېسسىياتىمدىن بىردىنلا خىجىل بولۇپ، يۈزلىرىمنىڭ قىزىرىغاندەك بولۇۋاتقىنىنى ھېس قىلدىم. ئاپام بىلەن بىللە ھاراق ئىچىشىم مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئايال بىلەن بولسا ھاراق ئىچىۋاتىمەن. بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاستا-ئاستا قوزغىلىۋاتقان ئانا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھرىبانلىققا ئوخشىشىپ كېتىدىغان يېقىنچىلىق ھېسسىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

بىز ئۇن-تىنسىز ئولتۇرۇپ يەنە بىر نەچچە رومكىدىن ئىچىشتۇق. ئۇ ھەر بىر رومكىنى ئىچىپ بولغاندا بىر قېتىم ”قانداق؟“ دېگەندەك ياكى ئۆزىنىڭ ھاراق ئىچىشىدىن پەخىرلەنگەندەك ماڭا كۈلۈپ قاراپ قوياتتى.

ئاچچىق ھاراق بەدىنىمگە ئاستا سىڭىپ، ئاچچىق خىياللار بىلەن ئارىلىشىپ، بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كېتىۋاتاتتى. ۋۇجۇ-دۇمدىكى ئازابنىڭ ھاراقتىن ياكى ھەسرەتلىك خىياللاردىن ئى-كەنلىكىنى ئايرىۋېلىش قىيىن بولۇۋاتاتتى.

—ئادەمنى رېئاللىق ئازابلىيالمايدۇ، ئۆزى ئازابلىنىدۇ دې-دىڭىزمۇ؟ بۇ گېپىڭىز تازا توغرا بولمىدى. ئادەم كىچىك چېغىدىلا ئازابنى بىلىپ تۇغۇلغانمۇ؟ ئىنساندىكى ھەممە ھېسسى-

يات كېيىنكى تەقدىر يەنى رېئاللىقتىن كەلگەن. ئادەمگە رېئال-لىق تەسىر قىلمىسا، ھېچقانداق سىرتقى تەسىر بولمىسا ئۇ چوقۇم ياغاچ ئادەم. . . بەلكىم بۇگۈن بىر كىمدىن قاتتىق ئازار يېگەنسىز ياكى يۈرگەن قىزىڭىزدىن ئايرىلغانسىز، سىزنىڭ دەردمەنلىكىڭىزدە چوقۇم بىرەر سەۋەب بار.

—سىزنىڭ گېپىڭىزمۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن. . . ئازاب يەنىلا روھقا مەنسۇپ. مەسىلەن، بەزى ئادەملەر مەشھۇر دۇنيا-ۋى شەخسلەرگە ئايلىنىدۇ، بىراق ھەممە ئادەمنىڭ ئۇلاردەك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. پۈتۈن ئۆمرىدە ئاشۇلاردەك بولالماي ئۆتۈپ كېتىش ئازاب ئەمەسمۇ؟

ئەگەر ئۇنى ئەڭ چوڭ غايە ياكى ۋىجدانىي مەجبۇرىيەت قىلىۋالمىسىڭىزلا بولار ئازاب بولالمايدۇ، يەنىلا خۇشال ياشاۋې-رىسىز.

—دېمەك بىرلا ئىش ئادەملەرنى ئوخشاش بولمىغان بىر نەچچە خىل ھېسسىياتقا كەلتۈرەلەيدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئازابمۇ ھېس قىلالايسىز. . . ئازابلانمايمۇ ياشىيالايسىز. . .

ئىككىمىز يەنە جىمجىت ئولتۇرۇپ قېلىشتۇق.

ئىچكەن ھاراق مېڭەمنى ئاستا-ئاستا ئۆز ئىلكىگە ئالماقتا. مېڭەمدىكى پىكىرلەرنى ھاراق بوغۇۋېلىۋاتقاندەك، سىرتقا چىد-قىپ كېتىشكە تېخىمۇ يول قويمايۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر نەچچە رەت قەستەن كۆلۈمسىرەپ قويماقچى بولدۇم، كۆلسەم يۈزلىرىم قانداقتۇر تېزلا قېتىپ قالىدىغان بىر نەرسىنى سۇرتۈپ قويغاند-دەك ياكى مېنىڭ ئەمەستەك قورۇلغانلىقىنى سېزەتتىم. يۈزلى-رىم بۇزۇلۇپ، ئۆۋۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ياكى بەكمۇ

سەت قىياپەتكە كىرىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ كەتتىم، شۇنىڭ بىلەن كۈلۈپ ئولتۇرۇش نىيىتىدىنمۇ ياندىم. ئۆزۈمنىڭ شۇ چاغدىكى ئەلپازىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم ئالدىمدىكى ئايالنىڭ ماڭا قاراپ تۇرۇشقا تاقەت قىلغىنىغا ھەيران قالىمەن.

ئۇ چوڭلا رومكىغا لىق-لىق تولدۇرۇپ خېلى جىق ئىچىۋەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ ھاراق ئىچكەندىن كېيىن ئېچىلىپ-يېيىلىپ، زىل ئاۋازلىرى بىلەن ئەسەبىيلەرچە قىقاسلاپ كۈلۈشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم، مەست بولۇۋېلىپ ھۆڭرەپ يىغلاشلىرىنىمۇ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنىدىم، بىراق ئۇنىڭ بۇنداق ھالىتىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە ئوپئوچۇق كۆز ئالدىمدا پەيدا قىلالماي پەقەتلا ئاشۇ تەسەۋۋۇرلارنى ئەقلىي يەكۈن ئارقىلىق ئۆزۈمگە تاڭغانىدىم. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئۇنىڭ مەست ھالىتى توغرىسىدىكى خىلمۇخىل تەسەۋۋۇرلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمىغانلا بىر ھالەتتە ئالدىمدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بېشى سەل سىلىنىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ يۈزىگە يېيىلىپ چۇشۇۋالغان چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاش ئۈچۈن پات-پات بېشىنى كۆتۈرۈپ قوياتتى. خۇددى ئېغىر بىر نەرسىنى كۆتۈرۈۋاتقاندەك بىر خىل كۈچىنىش ئۇنىڭ قىياپىتىدە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

يىراق-يىراق بىر يەرلەردە مەستلىك ئاستا ھۇۋۇلداپ مەن تەرەپكە يېتىپ كەلمەكتە.

بىز تۇرمۇش، ھايات توغرىسىدا نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىشتۇق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ پۈتۈنلەي ناتونۇش ئايال بىلەن-ھە! . . . مەيلىلا، ئۇ ئايال مەۋجۇت ئەمەسقۇ؟ ئەجەبا خى-

يالدىكى گۈزەل ئاشۇ ئوبرازنىمۇ رېئاللىق ئارقىلىق بوغۇشۇم، دەپسەندە قىلىشىم كېرەكمۇ؟ بەلكىم ئۇ رېئاللىققا قانچە يېقىن بولسا، بۇ ئىشلار رېئاللىقتا ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ قېلىشى مۇمكىندەكلا ھېس قىلغاندىمەن. ھېلىمۇ ئۇنىڭغا يول قويمىدىم، ئۇنى چىڭ تورمۇزلىۋالدىم. ئەگەر ئۇ كىرىپلا مېنى سۆيسە بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ بۇنداق ئىشنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى رېئاللىققا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ . . . ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھېچقايسىسى يادىمدا قالمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بەلكىم يادىمدا قېلىشىمۇ ناتايىندۇر، چۈنكى يىراقلاردىن سەلدەك يېپىلىپ كېلىۋاتقان مەستلىك سەزگۈسى غايەت زور يالقۇن ئېقىندەك بېسىپ كېلىپ مەندىكى ھەممە خىيالنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، پەقەت بىرلا نەرسىنى يەنى ئېچىرقاپ، ھۆركىرەپ تۇرغان جىنسىي ئىنتىلىشنىلا كۆل قىلالماي قالغاندى. ئۇ ئايالغا بولغان بۇ تەلەپنى ئۇ تېخىمۇ كۈچەيتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭدىن پەقەت شۇنىلا تەلەپ قىلىپ يۈرگىنىمنى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىمگە قاراپ، ئەتىسى ئاشۇ ئىشلارنى قايتا بىر قېتىم كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈپ باققاندىلا ھېس قىلالىشىم مۇمكىن.

ئارىلىقتىكى بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇنى—”جېنىم ھەدە. . . ياق، سىزنى ئاپا دېگۈم كېلىۋاتىدۇ. . . “ دەپ يەنە ئاللىنېمىلەرنىدۇر سۆزلىگەنىدىم. ئۇنىڭغا شۇ قەدەر يېقىنچىلىق قىلغۇم كېلىپ كەتتىكى، دەل شۇ چاغدا—ئۇنىڭغا شۇنداق لاۋزا سۆزلەر بىلەن خۇشامەت قىلىۋاتقاندىمۇ ئۆز ئاغزىمدىن چىقىۋاتقان سۆزلىرىمگە ھەيران قالغاندىم ھەم خىجىل بولغاندىم.

ـدىم.

بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزمۇ، قىياپىتىمىزمۇ قاۋاقخانىدىكى كەيـ-
پىيات—ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ئالجوقا جۆيلۈشلەر، مەستلىك ۋە هاـ
راق پۇراقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەـ
نىدى. بىراق مېنىڭ روهىم يەنىلا هەممىدىن خالىي گۈزەل ۋە
يۈكسەك بىر دۇنيادا ياشاۋاتاتتى. ئالدىمدىكى گۈزەل ئايال بولسا
خۇددى بۇ دۇنيادا ماڭىلا تەۋەدەك ياكى مېنىڭ بىر قىسمىمغا
يەنى مەن بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك تېخىمۇ ئوـ
چۇق، تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ يېقىملىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ
قىياپىتىدىكى مەستلىكمۇ باشقا هېچكىمنىڭ مەستلىكىگە ئوخـ
شىمايتتى. بۇ مەستلىكمۇ ئۇنىڭ ئوماق لەۋلىرىدەك گۈزەل
ئىدى. مەستلىك ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى قىلچىمۇ
خۇنۇكلەشتۈرەلمىگەن بولۇپ، يەنىلا شۇ قەدەر گۈزەل ۋە ئوتلۇق
ئىدى.

مەن ئۇنىڭ تېخىمۇ بەكرەك مەست بولۇپ كېتىشىنى كۈتـ-
تۈم. نېمىشقا شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلغىنىمنى ئۆزۈممۇ
ئۇقمايمەن. بەلكىم ئۇنىڭ مەستلىكىدىن ئاللىنېمىلەرنى تەمە
قىلغاندىمەن. بۇگۈن بىزگە پەقەت مەستلىكلا هەقىقىي ئەركىنـ-
لىك بېغىشلىيالايدۇ.

ئۇ يەنە بىر نەچچە رومكا ئىچىۋەتتى-دە، بېشىنى شىرەگە
قويۇپ كۆتۈرەلمەي قالدى. مەن ئۇنىڭغا قارىغىنىمچە بىر هازا
تۇرۇپ قالدىم. بىزنىڭ مۇشۇ هالىتىمىزنى كۆرسە باشقىلار
چوقۇم دەردمەن ئاشىق-مەشۇقلار دەپ هۆكۈم قىلىشىدۇ دەپ
ئويلاپ، بۇنىڭدىن پەخىرلىنىش بىلەن ئەتراپىمدىكىلەرگە قاراپ

قويغۇم كەلدى، بىراق مەن يەنىلا ئۇنداق قىلمىدىم؛ چۈنكى مەندىكى بۇنداق پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ھېچقانداق بوشلۇق قالمىغان قاۋاقخانا ئىچىگە سىغمايتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا ۋە ماڭا بىرھازا ئەلەڭلەپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئېقىدىكى تو-مۇرلارغا قان يۈگۈرۈپ قىزارغان بولۇپ، قارىچۇقلىرى تىنىم-سىز پىلدىرلايتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر شىددەتلىك ھاياجاننى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقاندەك، نەپسىنىڭ سىقىلىپ كېتىۋاتقانلى-قى ئېنىق ئىدى. كەينى-كەينىدىن بىر نەچچە رەت كۆزۈمگە لەپپىدە تىكىلىپ قارىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايى قاتتىق ئازابلىق كەيپىياتتا تۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ ۋۇجۇدىنىڭ ھەم-مە يېرى بىلەن ماڭا خىتاب قىلماقتا ئىدى: ”— ھەي. . . “

نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولدۇم، ماڭا تەۋە بولغىنى پەقەتلا نومۇسلا ئىكەن. مەن شۇتاپ پەقەت نومۇسقىلا قادىر ئىدىم. چۈنكى نومۇسنى قوبۇل قىلىشقا ھېچقانداق قۇد-رەت كەتمەيتتى. . .

ئۇ لەپپىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە ئۆرۈلدى-دە، دەلدەڭ-شىگەن ھالدا ئادەملەرگە ئۆرۈلۈپ، پۈتلىشىپ، جوزىلارنى ئا-رىلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ قاۋاقخانا ئىچىدىكى قىزغۇچ سۇس چىراغ نۇرى ئارىسىدا كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭا قاتتىق نەپرەت بىلەن يالتتىدە نەزەر تاشلاپ قويدى. بەلكىم چىقىپ كېتىۋېتىپ ئەمەس، ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا، بەلكىم تېخى ئورنىدىن تۇرمىغان ۋاقىتتا شۇنداق قىلغاندۇ. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ قارىشى نەپرەتلىك بولسىمۇ تاتلىق ئىدى. بىپايان ھاراق

دولقۇنى ئىچىدە لەيلەپ يۈرگەن يۈرىكىم ئاچچىق ئىڭرىغاندەك بولدى، ئۇ مەست ئىدى، ئۇنىڭ ماڭا قارىغان-قارىمىغانلىقىنى ئۇنىڭ مەست چىرايىدىن ئىلغا قىلىش قىيىن بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايىدا پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇش، پۈتۈن رېئاللىقتىن ئازاد بولۇش بەلگىلىرى بار ئىدى؛ شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بۇ نەپرەتلىك قارىشىنى خۇددى ئۇ بىر نەچچە مىنۇت ھەتتا بىرەر سائەت بارلىق نۇرىنى ۋە بارلىق نەپرىتىنى كۆزلىرىگە يىغىپ ماڭا قاراۋاتقان-دەكلا ئىنتايىن يارقىن ۋە ئۆچمەس ھالدا ھېس قىلىپ يەتكەن-دىم؛ ئۇ راستتىنلا ئەنە شۇنداق بىر ھېسسىياتتا قارىدىمۇ-قارى-مىدىمۇ كىم بىلىدۇ، بەلكىم مەن شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلغاچقا مەندە ئەنە شۇنداق خىيالىي سېزىم پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ دەقىقە ئارىلىقىدا بولسىمۇ كىشىنى سەۋرسىزلەندۈرىدىغان ئاشۇ نەپرەتلىك بېقىشلىرىنى كۆرگەندىمەن.

ھاراق شىددەت بىلەن ئۆركەشلەپ مېڭەمگە ئۆزلۈكسىز ئۆرلەپ چىقىپ، بوغۇق شاۋقۇن بىلەن تەپەككۇرۇم ئىچىگە ئۆرۈلماقتا.

بىر ھازا قاتقىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ كەينىدىن يۈ-گۈرۈپ چىقىش ئىستىكى مېنى قىينايتتى، بىراق نېمىشقا يۈ-گۈرۈپ چىقىشىم كېرەك؟ يۈگۈرۈپ چىقسام ماڭا نېمە پايدىسى، ئۇنى ياتقىغىچە ئاپىرىپ قويۇشمۇ نۇرغۇن ئازاب.

كۆزلىرىم دېرىزە ئەينەكلىرىدىن سىرتقا تىكىلگەندى. بىر ھازادىن كېيىن كۆزلىرىمنى قاۋاقخانا ئىچىگە يۆتكىدىم. ئەسە-بىي قىزغىنلىق قاۋاقخانا ئىچىدىكى خۇنۇك ئارىلاشما رەڭلىك چىراغ نۇرى ئارىسىدا جىنىنىڭ ئوينىغان ئۇسۇللىرىدەك كۆزنى

ئالچەكمەن قىلاتتى، ئادەملەردىكى قىزغىنلىقنىڭ يوقىرى پەل-لىسى ئەنە شۇنداق بولىدىغان بولسا بۇنىڭدىن مەڭگۈ دەرد-ھەس-رەت بىلەن ئۆتۈش مەنىلىكرەك بولسا كېرەك. بەلكىم ئەھمى-يەت دېگەن نەرسە ئەنە شۇنداق يىرگىنچلىك بولىدىغاندۇ. ئەجەبا بۇنداق يىرگىنچلىك ئەھمىيەت (مەنىلىك) نىڭ نېمە كېرىكى؟ كىشىنى چەكسىز بىزار قىلىدىغان بۇ يىرگىنچلىك قىزغىنلىق-لارغا قاراپ بىردىنلا ئۇ گۈزەل ئايالنىڭ دۇنيانىڭ قەيىرىدۇر بىر يېرىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە، ھېلىلا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاش-قىنىمغا، ئۇنىڭ كېلىشكەن بەدىنىگە ئېچىرقاش بىلەن تىكىل-گەنلىرىمنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەي قالدى. دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇدات ئالدىدا تىكەندەك يالغۇز قالغاند-دىم. بەلكىم باياتىنمۇ شۇنداق يالغۇز ئولتۇرغان بولسام كې-رەك. ئەزەلدىنلا مۇشۇنداق يالغۇز ئىكەنلىكىمنى ئىنكار قىلا-لايدىغان ھېچنەرسە يوق ئىدى. بەلكىم ئۇ ئايالمۇ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەستۇ... ئۇ كۆز ئالدىمدىن ھەش-پەش دېگۈچىلا مەۋجۇت ئەمەس دېگۈزگۈدەك ھالدا بىردىنلا يوقالغانىدى، پەقەت ۋۇجۇدۇمدا ئاچچىق ئېچىرقاش غەزەپلىك ھۆركىرەپ تۇراتتى. بەلكىم ئەسلىدىلا پەقەت شۇ ئېچىرقاشلا بار بولغىيتتى، قالغاند-لىرى ھەممىسى ئاشۇ ئېچىرقاشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن مەج-رۇھ روھىمنىڭ كېسەللىك ھالىتىدىكى خاتا سەزگۈسىدۇ...

ئۇنىڭ مەست بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلغانىدىم. ئۇ راستتىنلا مەست بولۇپ قالدى. بىراق مېنى خۇشال قىلىدىغان ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى.

بىر ئازدىن كېيىن ”ئۇ ئىشىك ئالدىدا بار“ دېگەن ئۇقۇم

مېڭەمگە زورلۇق بىلەن كىرىۋالدى. بۇنىڭغا راستىنىلا شۇنداق بولۇشى مۇمكىن دەپ ئىشىنىش ئەخمەقلىقتەك قىلاتتى. بىراق هامان ئۇ مېنى سەللا يىراقتا كۈتۈپ تۇرغاندەكلا هېس قىلاتتىم. بۇ سەزگۈ غايەت زور بىر كۈچ بولۇپ شەكىللىنىپ مېنى دەرهال ئىشىك ئالدىغا چىقىشقا ئۈندەيتتى. بىراق نېمە ئۈچۈن يەنىلا شۇ قارغىش تەككۈر يەردە مەجبۇرىيەت ئادا قىلىۋاتقاندەك مىدىرلىماي ئولتۇرغىنىمغا هەيرانىدىم. بەلكىم بۇ يەردىن چىقىپ كەتسەملا ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىشكىنىمنى دەلىللەپ، تەسەۋۋۇرۇمنى قوزغايدىغان مەنزىرىلەردىن ئايرىلىپ، هېلى بولغان ئىشنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىمدا مەيۈسقىنە، تىرناقلىرى قىپقىزىل بويالغان قوللىرى بىلەن ئېگىزكىنى تىرەپ، هەسرەتلىنىپ ئولتۇرغان هالىتىنى، يېيىلىپ چۈشۈپ يۈزلىرىنىڭ يېرىمىنى يېپىۋالغان پارقىراق، قاپقارا چاچلىرىنى قوللىرى بىلەن پات-پات كەينىگە قىلىپ قويۇشلىرىنى ئۆز ئەينى كۆز ئالدىمدا پەيدا قىلىپ يەنە بىر هازا ئازابلىق لەززەتلەرگە ئىگە بولۇشتىن مەهرۇم بولۇشنى خالىمىغان بولسام كېرەك، ئۇ شۇتاپ نەلەردىدۇر ئېچىنىشلىق يىغلاۋاتىدۇ، مېنى بار ئاۋازى بىلەن چاقىرىۋاتىدۇ. مەن چوقۇم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشىم كېرەك...

مەن بىردىنلا يۈگۈرگەندەك تېزلىكتە ئىشىك ئالدىغا چىقتىم، چىقتىم-دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ هەقىقەتەنمۇ ئىشىكتىن ئۈچ-تۆت مېتىر نېرىدا تامغا يۆلەنگىنىچە تۇراتتى. قانداقتۇر بىر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىدەك ياكى كىيىمىنى سىلىۋاتقان ئايالنىڭ تېنىگە قاراپ تۇرغان-

ـدەك جىددىيلىشىش ئىچىدە ئۇنىڭغا تىكىلگىنىمچە بىر هازا تۇ-
رۇپ قالدىم. ئۇ ئىككى قولى بىلەن تامنى مەهكەم قاماللىۋالغان
بولۇپ، بەدىنى جانسىز هالدا لەپەڭشىپ قالاتتى. تامنى قامالل-
غان قوللىرىمۇ پات-پات سىيرىلىپ كېتەتتى. ئۇ ئاشۇ هالەتتە
بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن ماغىماقچى بولۇپ كەينىگە ئۆرۈلدى-
دە، بىر-ئىككى قەدەم ئالماي تۇرۇپلا يەرگە يىقىلىپ چۈشتى.
مەن ئۇنىڭ يېنىغا دەرهال يۈگۈرۈپ باردىم. ئۇ مەستلىكتە
خۇدىنى يوقاتقانىدى. مەن ئۇنى يۆلىمەكچى بولۇپ ئېڭىشىپ
گۈزەل، چىرايلىق، سۆپسۈزۈك يۈزلىرىگە ۋە ئالتۇن رەڭلىك
مېدالىئونى يالتىراپ تۇرغان ئاپئاق مەيدىسىگە بىر هازا تىكىل-
دىم. ئۇ كۆزلىرىنى ئاچالمايتتى. ئۇ ھەقىقىي مەۋجۇدىيەت
ئەمەس، خۇددى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئەپسانىۋى خىياللار بىلەن
توقۇپ چىقىرىلغان ئوبرازدەك، تەگسىلا بۇ ئوبراز بۇزۇلۇپ،
توزۇپ كېتىدىغاندەك، دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ ۋۇجۇ-
دى پاكلىقتا ئۇنىڭغا تەڭ بولالمايدىغاندەك، ھەر قانداق بىر
تەننىڭ ئۇنىڭغا تېگىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغاندەك
تۇيۇلاتتى.

ئۇ، يەردە—ئىپلاس ۋە سوغۇق يەردە ياتاتتى. شۇڭا ئۇنى
يۆلەش كېرەك ئىدى. قوللىرىم ئۈيۈشۈپ قالغاندەك قىلاتتى.
قوللىرىمنى ئىنتايىن ئىپلاس بىر قولدەك، ھېلىقى مەستلىك،
جۆيلۈش، چۇقانلاردىن تۆرەلگەن، قارغىش تەگكەن گۇناھكار
قىزغىنلىق دۇنياسىغا تەۋەدەك ھېس قىلىپ، پېتىنالماسلىق ۋە
قىيماسلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. قوللىرىم ئۇنىڭ گەۋدىسى-
گە تېگىپ بولغىچىمۇ بۇ ۋەھىملىك تېگىشىش تەسەۋۋۇرىمغا

سىغماي قالدى.

ئۆركەشلەپ كېلىۋاتقان هاراقنىڭ كۈچى كەينىگە يېنىپ
كەتكەندەك بولدى. تىترەپ تۇرغان قوللىرىم مىسلىسىز گۈزەل-
لىك ئالدىدا مەستلىكنى تەرك ئەتكەندى.

مەن ياردار بولغان گۈزەللىكنى يۆلىگەن هالدا قاراڭغۇ،
تار كوچىلارنى ئارىلاپ مېڭىپ كەتتىم. گۈزەل چۈشلەرنىڭ
بىپايان قاراڭغۇ كېچىلەردە مەۋجۇت ئىكەنلىكى كىشىنى هەيران
قالدۇرىدۇ. بىز شېرىن چۈشلەرگە ئوخشاش بۇ قاراڭغۇلۇق
بىلەن تولغان تار كوچىلارغا سىڭىپ كىرىپ كەتتۇق.

كوچىلاردا ئۇيان-بۇيان ئۆتۈشۈپ يۈرگەن بىرەر-ئىككى ئا-
دەمنىلا ئۇچراتقىلى بولاتتى. نېمىشقىدۇر كوچىلارنىڭ ئادەمسىز
ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ۋۇجۇدۇمغا
چىڭ تېڭىقلىق ئىدى. ئۇنىڭ نازۇك بەدىنىنىڭ بەدىنىمگە تېگى-
شىدىن مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ
كەتكەندەك، مېنىڭ جىسمىممۇ ئۇنىڭكىدەك گۈزەل قىياپەتكە
كىرگەندەك يايراپ كېتىۋاتاتتىم.

ئۇيان-بۇياندىكى قاراڭغۇ دالدىلاردا بىر-بىرىگە چىڭ يېپى-
شىپ، سۆيۈشۈۋاتقان ئاشىق-مەشۇقلار ئۇچراپ تۇراتتى، مەنمۇ
ئۆزۈمنى ئۇلاردەك بەختىيار هېس قىلاتتىم. بۇنداق هېس قى-
لىشقا هېچقانداق هەققىم يوق بولسىمۇ ئەنە شۇنداق بىر هېسسى-
يات ماڭا كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق كېتىۋاتقىنىمىزدا مەن ئۇ-
نىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى نەقەدەر خالايتتىم-هە! بۇنىڭ ئىنتايىن
ئەخمىقانە خىيال ئىكەنلىكى ماڭا ئېنىق ئىدى، بىراق مەن مۇشۇ
ئەخمىقانىلىق بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالالايتتىم. ئۇ بۇنداق كېچى-

دە بۇ يەردە نېمە ئىش قىلسۇن؟ مەن خىيالىمدىكى رېئاللىقتا ئۇنىڭ بۇ يەرگە چىقىپ قېلىشىغا ئېھتىماللىق ئىزدەيتتىم. ئۇ ھېلىقى يەردە يات بىر كىم بىلەن تېخىچە سۆيۈشۈپ، مېنى مازاق قىلىپ تۇرغاندۇ. . . قىلچە سۆيگۈ مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر ئايالنى يۆلەپ ئېلىپ مېڭىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولۇش نەقەدەر بىچارىلىق-ھە! بەلكىم ئۇ ئايال مەست ئەمەس بولسا. . . بولدىلا، ئۇ مەستقۇ، يەنە نېمە دەپ ئۇنىڭ مەست ئەمەس بولۇشىنى خىيالىمغا يەتكۈزىمەن؟

يۈرىكىم بىر ئىشنى كۈتۈپ، شىددەت بىلەن سالماقتا. مەن ئۇنى يۆلىگىنىمچە بىر قاراڭغۇ دالدىغا كېلىپ توختىدىم. ئۇنىڭ نازۇك بەللىرىدىن چىڭ قاماللاپ، ئاچكۆزلۈك بىلەن تۇتقان قوللىرىمنىڭ قېنىنىڭ ئۇرغۇشى بىلەن تومۇرلارنىڭ لۇقۇلداپ تۇرغان ھەرىكىتىنى ئېنىق سېزەتتىم. كاللامنىڭ بارغانسېرى سەگەكلىشىپ، تېنىم ئىچىدىكى ھاراقنىڭ ئاجىزلاپ بېرىۋاتقان كۈچىنىڭ تومۇرلىرىم ئارقىلىق بارماقلىرىمغا ئېقىپ كېلىپ سىرتقا تەپچىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلاتتىم.

بىردىنلا مەن ئۇيلاپمۇ باقمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. قىلچىمۇ قورقماستىن ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق جىددىيلىشىشلەرگە بەرداشلىق بېرىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە بەدىنىمنى چىڭ ياقتىم. ئۇنىڭ كۆكسۈمگە چىڭ يېقىلغان كۆكسىنى گاڭگىراش ئىچىدە سېزەتتىم. ئۇنىڭ كۆكسى تاتلىق شېرنە بولۇپ يۈرىكىمگە ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئەنسىزلىك بىلەن تىكىلدىم. ئۇ ھېلىلا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا نەپرەت بىلەن قادىلىدىغاندەكلا ھېس

قىلىپ كېتەتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان بولۇپ، ئۇ ھېچنەرسىنى ھېس قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە مەست ئىدى. بۇنىڭغا ئاران ئىشەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ "مېنى سۆيۈپ قويۇڭ" دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك ئاز-پاز ئېچىلىپ تۇرغان ئۇماق لەۋلىرىگە قارىدىم. لەۋلىرىمنى ئېلىپ بېرىشقا قىيماي بىرھازا تۇرۇپ قالدىم. قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن، قوپال ۋە يىرگىنچلىك دۇنياغا، قارغىش تەككەن رېئاللىققا تەۋە لەۋلىرىم بىلەن ئاشۇ مىسلىسىز چىرايلىق لەۋلەرنى سۆيۈشكە پېتىنالمىدىم. گويا ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك ئىسراپ بولۇپ كېتىدىغاندەك سۆيۈشكە كىشىنىڭ قىيغىسىمۇ كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھامان گۆشتىن ئەمەس، قانداقتۇر بىر خىل سىرلىق ۋە پاك روھتىن ياسالغاندەك، ئۇنى سۆيۈشكە بەدەن ئەمەس پەقەت بىر روھلا لايىق بولالايدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىم پۇرلىشىپ كەتكەن ئاللىقانداق جانسىز بوغۇق بىر جىسىمدەك ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تەسەۋۋۇرغا سىغمىغۇدەك ھالدا سۈركىلىپ ئۆتتى. ئەسلىدە ئۇنى سۆيۈشنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. قوللىرىمنى ئۇنىڭ بەدىنىنى تۇتۇپ كۆنۈۋالدى دەپ ئويلىغاچقىمىكىن پەقەت ئۇنىڭ كۆكسىنى سىيلاپ باققۇملا كەلگەنىدى. بىراق ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى سۆيۈپ تاشلىدىم-دە، سۆيۈپ بولۇپ بىرھازا تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئاڭسىز ھالدا ئاغزىمنى ئېرتىۋەتتىم. . . مەن زارىقىپ كۈتكەن "تۇگەشتىم" دېگەن ھېلىقى تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمنى ۋاششىدە تىترىتىپ ئۆتتى. مەن بۇنداق تۇيغۇنى مەڭگۈ قايتا ھېس قىلالماسمەنمىكىن دەپ نادامەتتە قالغانىدىم.

يۈرىكىم قانسىرىغاندەك نەپسىم سىقىلىپ كېتىۋاتاتتى ھەمدە قان يۈرىكىمدىن سىرغىپ چىقىپ، تېنىمنىڭ بىرلا يېرى-گە شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇ يەردىكى تومۇرلىرىم چىگدىلىپ، تېنىمدىكى بارلىق سەزگۈم، بارلىق قۇدرىتىم ۋە بارلىق ياشاش قابىلىيىتىم پەقەت شۇلا جايغا يىغىلىۋېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەندىكى بارلىق مېھىر-مۇھەببەتمۇ شۇ يەرگە يىغىلى-ۋالغان بولۇپ، بۇ مېھىر-مۇھەببەتنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بېرىش-كە سەۋرىسىزلىك بىلەن تەشنا بولۇپ تۇراتتى. بىراق مانا بۇ شارائىتتا ئەنە شۇ ئىنسانىي مۇھەببەتكە ئاتالغان جەۋھىرىم بى-كارغا كېتىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇلارنى ھېس قىلال-مايتتى. بىراق كىشىنى قىيناپ تۇرغان ئاشۇ مېھرى-مۇھەببەت جەملەنگەن جەۋھەردىن قۇتۇلۇش ئېچىنىشلىق بولسىمۇ كىشىگە لەززەت بېغىشلايتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇنى قانماي-قانماي سۆيۈشكە باشلىدىم. بىراق بۇ بەكمۇ ئېچىنىشلىق سۆيۈش ئىدى. بىر ئادەمنىڭ سۆيۈشنى ئۆزى يالغۇز ئېلىپ بېرىشىدىنمۇ بىچارە ئىش بارمۇ؟ بىر ھازادىن كېيىن نېمىشقىدۇر ئۇنىمۇ سۆيۈۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. شەكسىزكى، بۇ بىر خاتا تۇيغۇ ئىدى. سۆيۈشكە تەشنا بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا سۆيۈشنى دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن بەخت بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم. ئېھتىمال ئەمدىلا سۆيۈش-نىڭ نەقەدەر ئازاب ئىكەنلىكىنى سېزىۋاتقاندىمەن. ماڭا تەۋە بولغان سۆيۈشلەرلا شۇنداقمىدۇ-يا؟ باشقىلارنىڭمۇ سۆيۈشكەن چاغدا مەندەك تۇيغۇدا بولۇشى ناتايىن. بۇ غەلىتە تۇيغۇلار ئى-چىمدە تۇرۇپ، بىر قورقۇنچلۇق كېسەلگە ئوخشاش مېنى شو-

راپ قۇرۇتماقتا. . . ئاھ! غېرىب سۆيۈش، غېرىب مۇھەببەت!
. . .

تۈيۈقسىز مۇزدەك بىر تىترەك تېنىمگە تاراپ كەتتى. تىترەپ تۇرغان قوللىرىم ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يەرلىرىنى دېگۈدەك ئەنسىزلىك بىلەن ئالدىراپ ۋە چوڭقۇر كۆزىتىپ بىر رەت سىيلاپ چىقتى. ئۇنى سۆيۈۋاتقاندا ئۇنىڭ كۆڭلىكىدىن يالىڭاچ دۈمبىسىگە ئۆتكۈزۈلگەن قوللىرىمدىكى قەھرىتان قىشـتەك ئازابلىق ۋە بىپايان سوغۇق سېزىمنى ھېس قىلىپ، يۈرىـكىم لەڭڭىدە قىلىپ ئېغىپ كەتكەندەك بولدى. گاڭگىراش ۋە ۋەھىمە بىلەن بىر ھازا تۇرۇپ قالدىم. مېڭەمدىكى خىياللار كۆيۈپ كەتكەندەك كاللام خىياللارنىڭ ئاچچىق ئىسسى بىلەن تولغاندى. بىر ھازا سىيلاشلاردىن كېيىن سەزدىمكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شۇقەدەر يۇمشاق، يېقىملىق ۋە ئىللىق بولۇپ، ئۇنىڭ تىرىك ئايال ئىكەنلىكىنى، تېنىدە قاننىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى، ئۇـنىڭدىكى چەكسىز ھاياتىي قۇدرەتنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. شۇنداقلا تېنىمدە قاتمۇقات مۇز قاتلاملىرىدەك سوغۇق قاراسلاپ تۇرغان ئۇيۇشۇپ قېلىشنىڭ ئىزسىز يوقالغانلىقىنى، تېنىمنىڭ ماڭا ئەڭ يېقىن يەردە كۆرۈنمەي تۇرغان قىسمىدىكى، ئايالنىڭ يۇمشاق، سىلىق ۋە ئىللىق تېنىگە سىڭىپ كېتىش تەشنالىقىدا ئۇتتەك قىزغىن چىڭدىلىشتىن پەيدا بولغان يېقىملىق ئاغرىشىنى، ئۇرغۇپ تۇرغان چەكسىز ھاياتىي قۇدرەتنى قايتا بايقىۋالـدىم. بىراق بۇ بايقاش مېنى ھېچقانچىلىك خۇشال قىلىۋېتەلمىدى. يوقاپ كەتكەن نەرسىنى قايتا تېپىۋالغانغا خۇشال بولۇشـنىڭ نېمە ھاجىتى؟ چۈنكى يوقاپ كەتمىگەندە ئۇنىڭ ئۆزۈمدە

بارلىقىدىن ھېچ شادلىق ھېس قىلمايتتىم. . .
بىر ھازا بىخۇدانە سۆيۈشتىن كېيىن ئۇنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ ئەتراپقا بەختىيارلىق نەزىرى بىلەن قاراپ قويدۇم. بىراق دەل ئەنە شۇ بىر چاغدا ئۇنىڭ قولۇمدىن پەسكە سىيرىلىپ تۇرغاندىكى ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدىم-دە، پۈتۈن كائىناتتا، پايانسىز قاراڭغۇلۇق قوينىدا ئۆزۈمنى يەككە-يېگانە ھالدا ئازابلىق، تەشنالىق دەستىدىن ئىڭراپ تۇرغاندەك، كائىنات ئادەمسىز چۆلدەرەپ، مېنىمۇ چۆلدەرەش ئىچىگە يۇتۇۋېتىدىغاندەك ھېس قىلدىم. قۇچىقىمدا مەندىن باشقا يەنە تىرىك ۋۇجۇدنىڭ روھقا ۋە پارلاق جىنسىي تەلپۈنۈشكە ئىگە ۋۇجۇدنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئۆزۈمنى ئىشىنىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن، ئۇنى غېرىب باغرىمغا چىڭ باستىم، قويۇق چاچلىرىنى قوللىرىم بىلەن كەينىگە تاراپ، ئۇنىڭ مەندىن يىراقلىشىپ، كۆز ئالدىمدىن ئۆچۈپ كەتمەكچى بولغاندەك خىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان يۈزلىرىگە بىر ھازا تىكىلدىم. نېمىشقىدۇر ئۇنى سەل يىراقراق جايدىكى كوچا چىرىغىنىڭ ئاستىدىكى نۇر قاينىمى ئىچىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تىكىلىپ تۇرۇپ سۇزۇك ۋە ئاقلىقىنى تاماشا قىلغاچ سۆيگۈم كەلدى. دەل شۇندىلا كۆزلىرىمگە سانجىلىپ، سانسىزلىغان ئادەملەرنىڭ شەكىللىرى بىلەن، رەڭلىرى بىلەن قادىلىپ مېنى قىيناپ كەلگەن قۇياشقا تەشنا بولدۇم. . . قۇياشسىز زۇلمەت قوينىدا ئوغرىلىقچە، جىنايەتكارلارچە سۆيۈشتىن ئۇيالدىم. ئۆزۈمنى بىھۇدە جىنايەتكار ھېس قىلغىنىمدىن پۇشايمان قىلدىم. ئىنسانلار بىھۇدىلا دائىم بىرخىل جىنايى تۇيغۇ ئاستىدا ئازابلىنىپ ياشايدۇ.

ئۇلار ئەزەلدىنلا ئۆزىنى جىنايەتكار ھېس قىلىپ ئۆزلىرى ئىگە
بولالايدىغان دۇنيادىكى بىردىن بىر ئەڭ گۈزەل لەززەتنى زۇل-
مەت قوينىغا يوشۇرۇپ، قاراڭغۇلۇقتا ئۆزلىرىدىكى جىنايى تۇي-
غۇ بىلەن دەپسەندە قىلىشىدۇ. بۇ خىل دەپسەندە قىلىش خۇددى
قانۇنىيەتتەكلا قۇتۇلغىلى بولمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ
كەتكەن.

ئۇنى قانچىلىك ۋاقىت سۆيگىنىمنى بىلمەيمەن، سۆيۈش
ئۇزارغانسېرى، چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۇ مەندىن بارا-بارا يىراقلاپ
كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ بار كۈچۈم بىلەن چىڭ قۇچاقلىۋال-
دىم. ئۇنى سۆيگەچ ئۇنىڭ تىنىقىنىڭ رىتىمىنى جىمجىت تىڭ-
شىدىم. ئۇنىڭ تىنىقىنىڭ بىرخىل ئەمەسلىكىنى، بىردەم بىر-
دىنلا قىسىلىپ تەسلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى، بەدىنىدىكى شىددەت-
لىك غىدىقلىنىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىۋاتقىنىنى، تىنىقى-
نىڭ گاھى-گاھىدا ئېغىر بولسىمۇ، چاندۇرماسلىققا تىرىشىۋات-
قانلىقىنى غۇۋا سېزىشكە باشلىدىم. ئۇنىڭ تىنىقى ماڭا تەۋە
بولمىغان باشقا بىر دۇنيادىكى ماڭا قاراپ سېزىمىنىڭ چوڭقۇرلى-
شىشىغا ئەگىشىپ يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. مەن شۇندىلا ئۇنىڭ
تىنىقىنىڭ گاھ شىددەتلىك، گاھ دولقۇنسىمان شېرىن كۈيگە
ئوخشاش يۈزلىرىم ئارقىلىق روھىمغا ئۇرۇلۇپ، تىنىقىمنى
بىھوش قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئۇرۇلىۋاتقانلىقىنى، نېمىگىدۇر چى-
دىغۇسىز ئىنتىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. شۇنىڭ
بىلەن بىردىنلا چۆچۈپ كەتتىم. ئەگەر ئۇ باياتىندىن بېرى
قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنى سېزىپ تۇرغان بولسا ئۇنىڭ ماڭا مەڭگۈ
يىراق ۋە ناتونۇش ئىكەنلىكى، بىراقلا يەنى پارتلاش شەكلى

بىلەن ئاشكارا بولۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى تاشلاپ قېچىپ كېتەتتىم. كىشىنى بىزار قىلىدىغان خورەك ۋە تەرلىگەن تەنلەردىن تارقالغان سېسىق تەر پۇراقلىرى ئارىسىغا غەرق بولۇپ ئۇيقۇغا كېتەتتىم. بۇ سېسىق پۇراقلار ئەڭ يامان چۈشلەرنى پەيدا قىلاتتى.

سۆيۈشتىن توختاپ ئۇنى يەنە بىردەم كۆزەتتىم. ئۇنى مىدىرلىتىپ، سىلكىپ باقتىم. ئۇنىڭ بەدىنى پەقەت بوش تەۋرەپ سۇس ئىڭراپ قوياتتى. چىرايىدىن كۆزىنى ئېچىش ئۇچۇن تىرىشىۋاتقانلىقى ئېنىقلا چىقىپ تۇراتتى. نېمىگە قاراپ شۇنداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىمنى ئۇقمايمەن. بىراق شۇتاپ ئۇنىڭ ھېچنەرسىنى سەزمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

نەدىدۇر بىر تونۇش يەردە پايانسىز چۆلنىڭ قۇملىرى دولقۇنلىماقتا...

مەن دولقۇنلارنىڭ تېنىمدىكى قان ۋە بارلىق ھاياجان يىغىلىپ چىڭدىلىپ كېتىۋاتقان يەرگە زىمىستان، قەھرىتاندەك ئۇرۇلىۋاتقانلىقىنى سەزمەكتىمەن... مەن مۇشۇ چاغقىچە بىرەر قىزنى ھەقىقىي سۆيۈپ باقمىغانىدىم. شۇڭا سۆيۈشنىڭ، لەۋلەرنىڭ، ئاياللار ۋۇجۇدىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى تازا بىلىپ كېتەلمەيتتىم. بۇنداق ئەھۋال ئۇزۇنغا سوزۇلغانسېرى ئايال جىنسلىقلارغا بولغان تەلپۈنىشىم كۈچىيىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بەدىنىنى تېخىمۇ سىرلىق، گويا مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان، مەڭگۈ تۇتۇپ باققىلى بولمايدىغان، بەدەننىڭ ئۇچىنى تەككۈزگىلى بولمايدىغان بىر خىيال، بىر چۈش، بىر مەۋھۇم جىسىم سۈپىتىدە ھېس قىلاتتىم. ئەتراپىمدا يۈرگەن بىھېساب

ئايالالارنى كۆزىتىپ قاراپ كەتكەنسېرى ئۇلار تولىمۇ ئاددىي
قىياپەتتىن بەكمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلەتتى. گاھى ئۇلارنىڭ
كۈلكە ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنىڭ زادى
قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالماي قالاتتىم.
چۈنكى ھېچ كىشى ئۇنداق ئەمەس ئىدى.

ئۇنى سۆيگەندە پەيدا بولغان تۇيغۇلىرىمدىكى مۇرەككەپلىك-
كە قاراپ بىردىنلا تاسادىپىي ھالدا مۇشۇ چاغقىچە بىرەر قىزنى
ھەقىقىي سۆيۈپ باقمىغانلىقىمنى، ھەتتا ئۇنى سۆيگەندىمۇ ياكى
ئۇنى ھېلىقى ئادەمنى بەربات قىلىدىغان مۇدھىش نەم ھاۋا ۋە
لەنتى ئورمانلىقتا باشقا بىراۋ بىلەن سۆيۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆر-
گەن چېغىمدىمۇ. . . ئىشقىلىپ بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن سۆيۈشكە
مۇناسىۋەتلىك بارلىق كەچۈرمىشلىرىممۇ سۆيۈش دېگەننىڭ ئەس-
لىدە مانا شۇنداق كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئەقىل
يەتكۈسىز سىرلىق غەيرىي ۋە ئەپسانىۋى مۇھىتقا ئىگە ئىكەنلىكى-
نى، سۆيۈش دېگەننىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ۋە چەكسىزلىككە ئىگە
ئىكەنلىكىنى سەزمىگەنىكەنمەن. ئۇنى قانماي يىرتقۇچلارچە سۆ-
يەتتىم ۋە بۇ سۆيۈشۈشنى ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تېخىمۇ چوڭقۇر
كۆزىتىپ، كۆزەتكەنسېرى بۇ سۆيۈشنىڭ تېخىمۇ يېڭى تۇيۇلۇش-
لىرىنى، خۇددى ئەمدىلا لېۋىمنى ئۇنىڭ لېۋىگە ئېلىپ بېرىۋات-
قاندەك تۇيۇلۇشلىرىنى سېزەتتىم. . . ئۇنى سىيلاۋاتقان قوللى-
رىم خۇددى ئۇنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش يۇمشاق ھەم ئىللىق بولۇپ
كېتىۋاتقاندەك، قوللىرىمنىڭ ئالىقىنى ۋە بارماقلىرىمدىكى ئىن-
چىكە تومۇر، ھۇجەيرىلەرنىڭ تىنىمسىز تىترەپ لوقۇلداپ،
يايراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. ئۇنىڭ قىپقىزىل چە-

-رايلىق ئىغىزىنى چىشلەپ-چىشلەپ خۇددى ئاشۇ لەۋلەرنىڭ تې-
-رىلىرىنىڭ ئىچىدە مەن ئۇچۇن ئەڭ كېرەكلىك، تاپالمىسام
نادامەتتە قالىدىغان ئاجايىپ بىر نەرسە يوشۇرۇنغاندەك نېمىدۇر
بىر نەرسىنى تەشنالىق بىلەن ئىزدەيتتىم. شوراپ ئۆزۈمگە
پۈتۈنلەي سۈمۈرۈۋالماقچى بولغان بولسام كېرەك. ئىنسان جەن-
نەتتىن بۇ دۇنياغا مەھبۇس بولۇپ پالانغان، ۋۇجۇدۇمدا ئاشۇ
شەيتاننىڭ يەنە بىر قېتىم قۇتراپ مېنى ئەقىل مېۋىسى يېگۇ-
زۇشتىن خۇدا ساقلىسۇن. مەن ئازابلانماسلىق ئۇچۇن ئۇنى
ئەقلىدىن خالىي بىھوش ھالدا سۆيەي! ئۇنىڭ لەۋلىرىگە بىر
تىكىلىپ، بىر سۆيۈپ ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن تولۇق بەھرىمەن
بولۇش ئىستىكى مېنى قىينىماقتا. ئىبلىسنىڭ گۇناھى ناھەق
ھالدا ئادەملەرگە تېڭىلغان. ئادەملەر ئوتتىن يارالغان ئىبلىسقا
ئالدانغانلىقى ئۇچۇن ھەممە لەززەت، نۇردىن خالىي جايدا، قا-
راڭغۇ زۇلمەتتە ئىلىپ بېرىلماقتا. . . ئۇنى سۆيگەچ سۆيۈش
توغرۇلۇق خىيال قىلاتتىم. ئۇنى سۆيۈۋېتىپ نېمىشقىدۇر بىر-
دىنلا تېنىم شۈركىنىپ كەتتى-دە، توختاپ قالدىم. ئۇ قۇچىقىم-
دا ئۆلۈكتەك تۇراتتى. ئاھ، دۇنيادا كىممۇ بىر ئۆلۈكنى، بىر
جەسەتنى سۆيۈشكە پېتىنالىسۇن؟ دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچ-
لۇق ئىش بارمۇ؟! كىشىلەر شۇنچە تەشنا بولىدىغان ”سۆيۈش“-
تىن شۈركىنىپ كېتىشتىنمۇ بەكرەك ئازاب بارمۇ-ھە؟! شۇن-
چىۋالا غەلىتە ئىشتىنمۇ كىچىككىنە بولسىمۇ ئەيمىنىپ قويماپ-
تىمەن. كىم بىلىدۇ، مېنىڭ روھىمدا مەسىھدەك سۆيۈش ئار-
قىلىق ئادەمنى تىرىلدۈرۈشتەك جاسارەت بارمۇ تېخى؟ سۆيۈش
ئادەمگە جان ئاتا قىلالايدىغان بولغاچقىلا ئىنسانلار سۆيۈشكە

تەشنا بولۇپ كەلگەن بولسا كېرەك. بىراق شۇ تاپ سۆيۈشكە تەشنا بولغۇچى مەن ئىدىم. ئۇ ماڭا جان يەنى ھايات بەخش ئەتسە بولار ئىدى. بىراق ئۇ قۇچىقىمدا ئۆلۈكتەك، جانسىزمۇ، تىترى-لىشنىمۇ كېرەك قىلمايدىغان ئۆلۈكتەك ياتاتتى. بىر تۇرۇپ ئۆزۈمنى يۈرىكى ۋاقىتلىق توختاپ قېلىپ ھوشىدىن كەتكەن ئادەمنى ئاغزىدىن سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم.

سۆيۈشۈمدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا راستتىنلا جان پەيدا بولسا بۇ بەك قورقۇنچلۇق. چۈنكى مەن شۇ ھامان ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولىمەن. ئۇ قۇچىقىمدىكى مۇنۇ ئايال ئەمەس، بەلكى غەزەپلەن-گەن يات بىر ئايال بولۇپ قالىدۇ. بىراق ئۇنىڭ باغرىمدا ئۆلۈكتەك تۇرۇشى ئادەمنى تېخىمۇ ئەيمەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولسامۇ كۆزىنى ئاچسا ئىدى، بەلكى ھېلىمۇ ئۇنىڭ-دىن مەھرۇمدىمەن، راست ئەمەسمۇ، نېمىگە ئاساسلىنىپ ئۇنى ئۆزۈمگە تەۋە دېيەلەيمەن؟ بەلكى ئۇ شۇ تاپ ئۆزىنىڭ زۇلمەتلىك مەستلىكى قوينىدا— كۆرۈنمەس، يىراق ۋە مەخپىي بىر قاراڭغۇ جايدا مېنىڭ سۆيۈشلىرىمدىن قىلچە خەۋەرسىز ياشاۋاتقاندۇ. چۈشىدە ئاللىكىملەرنىڭ سۆيۈشلىرىدىن مەست بولۇپ، ئۇلارنى مەپتۇن قىلىش ئۈچۈن ئەسەبىيلەرچە نازۇكەرەشمە بىلەن بولۇ-شىچە كۈلۈۋاتقاندۇر ياكى پۈتۈن كائىناتتا مەن بىلەن مۇناسىۋەت-سىز بىر كىملەرنىڭ سۆيۈشلىرىگە تەشنا بولۇپ ئاللىقەيەرلەردە ئىڭرىماقچى بولسىمۇ، بىراق ئاۋازسىز ئىڭراپ يۈرگەندۇر. مەن غەلىتە ھېسسىياتلار دەستىدىن ئۇنى سۆيەلمەي بىردەم تۇ-رۇپ قالدىم. ئەتىلا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىزسىز يوقايدۇ. ئۇنى

پۈتۈن ئىشقىمنى بېرىپ، ئۇنى شۇ قەدەر مۇقەددەس چاغلاپ يۈرىكىمنى پۈچۈلاپ سۆيگىنىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. باشقىلارنىڭ بىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ ئۆزى بولسىمۇ بۇنى بىلسە ئىدى... ئاندىن ئەتە بۇنى بىر چۈش ياكى خام خىيال دېمەي، رېئاللىقتا بولۇپ ئۆتكەنلىكىگە ئىشىنەلىسەم.

نەدىدۇر بىر نائېنىق، يىراق، تونۇش، بەكمۇ تونۇش يەردە پايانسىز قاغجىراپ تۇرغان چۆل جان تالىشىپ دولقۇنلىماقتا... ئۆلۈم ئۇنى زەرب بىلەن دولقۇنلىتىپ ھۇۋلىتىۋاتىدۇ... ئاھ! كۆيدۈرگۈچ ئۆلۈم! مۇھەببەتنى بىر ھېسسىيات، بىر تۇيغۇدىن ئۆزگەرتىپ ھەقىقىي مەۋجۇدىيەتكە ئايلاندۇرۇش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەسمىدۇ؟ ئۇ مەۋجۇدىيەتكە ئايلانمايدىغان بولغاچقىلا مەڭگۈلۈك، مەۋجۇدىيەتكە ئايلانسىلا بىردەملىك بولۇپ قالىدۇ. بىراق ئۇنىڭ مەۋجۇدىيەتكە ئايلانماسلىقى نەقەدەر ئازاب-ھە! باياتىن بېرى ئۇنىڭ لەۋلىرىنى قانماي سۆيۈپ كەتكىنىمدە ماڭا ئەجەبمۇ ئۆلۈم تېتىپ قالماپتۇ-ھە؟! ئىككى جۈپ لەۋنىڭ ئارىسىغا ئۆلۈم بىلەن ھايات ئارىسىدىكى ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ دەھشەتلىك پاجىئەنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى قىلچىمۇ ھېس قىلمىغانلىقىمغا، بۇ سۆيۈشنىڭ بىر جان تالىشىش ئىكەنلىكىنى قىلچىمۇ ھېس قىلىپ يەتمىگىنىمگە ھەيرانمەن. ئەتىسى يەنە ئۇنى ئىزدەپ تېپىش ۋە ھەقىقىي سۆيۈشۈشكە — ئۇنىڭمۇ، مېنىڭمۇ سۆيۈشۈمدىن تۈزۈلگەن مۇكەممەل سۆيۈشۈشكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنى تېپىش، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش كېرەك. بىردەملىك ئازابلىق سۈكۈتتىن كېيىن رېئاللىققا قايتىپ كېلىپ چوڭقۇرلىشىپ، چوڭقۇرلاشقانسېرى قالايمىقانلىشىـ

ۋاتقان خىياللىرىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەتراپتىكى جىمجىت ئۆيلەرگە، تار كوچىغا، بارغانسېرى قويۇقلىشىپ بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن قاراڭغۇلۇقلارغا ئىنچىكە قاراپ چىقىشقا باشلىدىم. بۇ ئارقىلىق ھەممىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغانىدىم، بىراق بۇ مەنزىرىلەر بارغانسېرى غەلىتە بىر چۈش مۇھىتىدەك تۇيۇلاتتى. مېڭەم بارغانسېرى سەگەكلىشىپ بارماقتا ئىدى. ھاراقنى ئۆلگۈدەك مەست بولغۇچە ئىچەي دېگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم. كاللام ئادەتتىكى ساق چاغلاردىن نەچچە ھەسسە سەگەكلىشىپ، ئادەتتە ساق چاغلاردا سېزىش مۇمكىن بولمىغان قورقۇنچلۇق تۇيغۇلارغا چىرمالماقتا ئىدى. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر چۈش بولۇپ قېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم-ھە! ئەنە شۇ تۇيغۇلاردىن كېيىن ئۇنى يەنە سۆيۈشۈم مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق بىردەمدىن كېيىن لەۋلىرىم ئىختىيارسىز ھالدا يەنە ئۇنىڭ لەۋلىرىگە سوزۇلدى. قوللىرىم ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ ئاستىدا يالىڭاچ تېنىدىكى ھەر بىر تال ئىنچىكە تومۇرلارغىچە بىر-بىرلەپ سىيلاپ تېپىپ، ئۇلاردا ئۇرغۇپ تۇرغان ئىسسىق قانلارنىڭ ھەممىسىنى ھېس قىلىپ چىقماقچى بولغاندەك تەشنالىق بىلەن سىيلايتتى. قوللىرىم زەئىپ، ئاجىز ۋە ئاچ قالغان بىر دىۋانىدەك يېلىنىش ۋە مۇلايىملىق بىلەن سىيلايتتى، بىراق خۇددى قارىغۇ دىۋانىدەك، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ نازۇك ۋە گۈزەل، تولغان شەكلىدىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي سەرسان ئىدى.

مەن يەنە ئۇنىڭ يۈزلىرىنى كۆزەتتىم. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى

غۇۋا كۆلەڭگىلەر ۋە تاتىرىپ كۆرۈنگەن سولغۇن يۇزلەرگە ئىنىچكە تىكىلدىم. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۇزلىرىدىن غۇۋا، ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان سۇس بىر ھاياجاننى بايقىۋالغاندەك بولدۇم. بۇ ھاياجان ئاللىكىملەر تەرىپىدىندۇر قاتتىق توسۇۋېلىنىپ، ئۇنىڭ چىرايىغا ئېنىق چىقالماي قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر كۆزىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تىنىقىغا يۇزلىرىمنى يېقىن ئەكىلىپ كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. بەلكىم كۆزنى يۇمۇۋالغاندىلا سىرتقى دۇنيانىڭ بارلىق دەخلىسىدىن قۇتۇلۇپ، ھەممە قابىلىيەت ۋە قۇدرىتىمنى جەم قىلالايمەن، شۇ ئارقىلىق سىنچىلاپ كۆزەتكەن نەرسىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمەن دەپ ئويلىغان بولسام كېرەك.

مەن مەندىكى بارلىق مېھرى-مۇھەببەتنىڭ، ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك بولغان، ئىنساننى داۋاملىق ياشاشقا ئىنتىلدۇرىدىغان ئاشۇ روھىمنىڭ، جىسمىمنىڭ جەۋھىرىنى بىرمەستلىككە، بىر ئۆلۈمگە تەقدىم قىلىۋاتاتتىم. بۇلار مېنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر بايلىقىم ۋە مېنىڭ مەۋجۇدىيىتىم ئىدى. مەن ھەممىنى ئۆزىنىڭ ئىگە بولۇۋاتقىنى بىلەن پەرۋايى پەلەك بىراۋغا ياكى ئىگە بولۇۋاتقىنىنى بىلمەيدىغان بىراۋغا تەقدىم قىلىۋاتاتتىم. ئۇ بۇلارنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىسىمۇ ئاشۇلارنى بىلسە ئىدى كاشكى! بۇ بىكاردىن-بىكار جاننى ئىسراپ قىلىش ئىدى. ئەڭ يېقىن، ئەڭ يىراق بىر جايدا بىپايان چۆل شىددەت بىلەن سوغۇق دولقۇنلىماقتا. . . ۋۇجۇدۇمنى ئاشۇ دولقۇنلار پەيدا قىلغان مۇزدەك سوغۇق تىترەك سەۋدايىلارچە كەزمەكتە. قاغجىراپ تۇرغان قۇم ئۆلمەكتە. ئېچىرقاپ دولقۇنلاۋاتـ

قان قۇم ئۆلۈمنى سېزىپ تېخىمۇ شىددەت بىلەن ھۆركىرىمەك-
تە. چوغدەك قىزىق ئۆلۈم ئۇنىڭغا ھۇۋلاش ۋە ئۆز گۆشىنى
ئۆزى يەپ دولقۇنلاشتىن باشقا ھېچنەرسىنى بەخش ئېتەلمەيدۇ.
ئەمدى ئۇنى سۆيۈۋېرىشكە تاقىتىم قالمىغانىدى. شۇنىڭ
بىلەن مەن ئۇنى قولتۇقلاپ گاھى كۆتۈرۈپ قاراڭغۇ تار كوچىلار
ۋە كوچا چىراغلىرى بىلەن قاراڭغۇدىنمۇ بەكرەك خۇنۇك، ئا-
دەمنى دۈتلەشتۈرۈۋەتمەكچى بولغاندەك گاراڭ چىراغ نۇرلىرى
تولغان كوچىلاردىن ئايلىنىپ مېڭىپ كەتتىم. ئۇنىڭ دولىسىغا
ئېسىۋالغان كىچىك سومكىسى ئىچىدىن ئۇنىڭ ئادرېسىنى تې-
پىپ، ئۇنىڭ بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئۇسسۇل فاكۇلتېتىغا ئۇس-
سۇل رېژىسسورلۇقىدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلىكىنى بىل-
دىم. يېرىم كېچە بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرى
ئادەمسىز بولۇپ تېخىمۇ ئازادە، خۇددى ئادەتتىكىدىن بىر ھەس-
سە كەڭرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئادەمگە بىر-
دىنلا چۆلدەرەپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىپ كۆڭۈلنى غەش قىلىپ
قوياتتى. بىزنىڭ يول ماڭغاندا چىقارغان تاۋۇشىمىز بىر مەج-
رۇھ دىۋانىنىڭ قەيەرگە بېرىشنى بىلمەي ئايلىنىپ يۈرگەن
چېغىدىكى ئاياغ تاۋۇشىدەك كەڭرى كوچىغا ئاستا تارقىلاتتى.
ھەر كۈنى ماڭىدىغان بۇ يوللار شۇتاپتا خۇددى ئەزەلدىن مېڭىپ
باقمىغاندەك ناتونۇش ئىدى. ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك يولدىكى
ھەربىر نەرسىنىڭ—يول بويىدىكى ھەر بىر تۈپ دەرەخ، ھەر
بىر رەشاتكىلارنىڭ قىياپىتىدىن مەن بۇرۇن زادىلا كۆرۈپ باق-
مىغان نەرسىلەر چىقىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. بىراق بۇ ئىپادى-
لەرنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيتتىم. ئۇ مېنى يا

خۇشال، يا خاپا قىلالمايتتى. مەندە مۇنداق ئىپادە بىلدۇرۇش قابىلىيىتى قالمىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنى ياتقىغا ئېلىپ كىرىپ كارىۋاتقا ياتقۇزدۇم-دە، قېچىپ كەتمەكچى بولغاندەك تېزلىك بىلەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ، چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئىشىككە قولۇمنى ئۇزىتىشىمغا، ئۇنىڭ ئىڭراپ جۆيلۈگەن ئاۋا-زى ئاڭلاندى. يۈرىكىم لەڭگىدە قىلىپ تېنىمگە تىترەك ئولاش-تى-دە، توختاپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم. ئۇنىڭ جۆيلۈپ قىلغان سۆزلىرىدىن ھېچنەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. بۇلار بىر قاتار بىر-بىرىگە مۇتلەق باغلاشمايدىغان ئۇزۇن تاۋۇشلار قاتارى ئىدى. بەلكىم ئىنسانلار تىل بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمايدىغان ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ يۈكسەك ھېسسىياتنى مانا مۇشۇنداق بىر-بى-رىگە قىلچە باغلاشمىغان تاۋۇشلار قاتارى بىلەن ئىپادىلەيدىغان-دۇر. بەلكىم ئۇ چىقارغان ئاشۇ بىر قاتار تاۋۇشلارنىڭ بىر-بى-رى بىلەن بولغان باغلىنىشى ئادەتتىكى سۆزلەرنى تەشكىل قىل-غۇچى تاۋۇشلارنىڭكىگە قارىغاندا ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقىلا، بۇنداق كۈچلۈك باغلىنىشچانلىقنى بىز تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتەل-مىگەچكىلا ئۇلار ئەنە شۇنداق چۈشىنىكسىز ۋە بىمەنە تۇيۇلىدى-غاندۇ. ئادەمدىكى تۇيغۇلار ئۆزىنىڭ يۈزەكىلىكىنى ئالداپ ئىن-سانلارنى نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ مەھرۇملىقىمىزنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇشنى خالىمايمىز ياكى ناھايىتى ئادەتتىكى نەرسە دەپ ئۆتكۈزۈۋېتىمىز. بۇلار قورقۇنچتىن بولسا كېرەك، شۇنىڭ بىلەن ھاياتىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ مۇقەددەس نەرسى-لەردىن ئۆزىمىز خالاپ بىلىپ-بىلمەيلا كېچىۋېتىمىز. ئۇ پۈتۈن

كائىناتتا، چەكسىز كائىناتتا ھېچ كىشى تاپالماي قالغاندەك بىرلا، پەقەت بىرلا ماڭا سۆزلەۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. بىراق بۇنداق ھېس قىلىشىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشىنەتتىم. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ باغرىمغا بېسىپ جۆيلۈمە، قورقما جېنىم، مەن سېنىڭ يېنىڭدا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ۋە روھىم بىلەن يېنىڭ-دىمەن دېگۈم كېپكەتتى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنىڭ مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا سەل قاراشنىڭ ماڭا نۇرغۇن زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ سۆز-لىرىنىڭ ئارىسىدىكى "ئاھ، جېنىم" دېگەن سۆزنى ئېنىق ئىلغا قىلالمىدىم. ئۇ كىمنىدۇر "ئاھ، جېنىم" دەپ ئاتاۋاتاتتى. ئۇنىڭ جېنى بولالايدىغان كىمدۇ؟ بىر ئادەم ئۈچۈن يەنە بىر ئادەمنىڭ جېنى بولۇش دېگەن نەقەدەر بەخت-ھە!

مەن ئىشىكتىن چوقۇم چىقىپ كېتىمەن دەپ ئويلىغان-دىم. بىراق مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى ناتونۇش بىر كۈچ ئۇ جۆيلۈ-گەندە مەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مېنى ئۇنىڭ يېنىغا ئىتتىرىپ ئېلىپ باردى. ئېغىر سايىدەك ئۇنىڭ يېنىغا ئاستا سۈرۈلۈپ باردىم. سۈرۈلۈپ باردىم-دە، بىردىنلا ساراڭ بولۇپ قالغاندەك ئەسەبىيلەرچە بىر ھەرىكەت بىلەن (بۇ ھەرىكەتنى كېيىن ئويلىغاندا نومۇس قىلىپ كەتتىم. ) ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتتىم.

قاتتىق ھاياجاندىن پەيدا بولغان تىترەك قوللىرىمنى مېنىڭ ئىدارە قىلىشىمدىن قۇتۇلدۇردى، قوللار خۇددى مېنىڭ ئەمەس-تەك ئۇنىڭ كىيىملىرى ئۈستىدە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ

خۇددى تېرىدەك، بەدىنىگە چىڭ يېپىشىپ تۇرغان يارىشىملىق كىيىملىرىنى سالدۇرۇشقا تۇتۇش قىلدىم. ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋاتقاندا خۇددى ئۇنىڭ تېرىسىنى شىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ تېرىلىرى ئاستىدىن قانداقتۇر ئەقىلگە سىغمايدىغان بىرنەرسە چىقىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. يۈرىكىم ئۇيۇشۇپ قېلىۋاتقاندەك قىد-لاتتى... تىترەش قېتىم سانى قانچە كۆپىيىپ، دەقىقىلەر ئارى-لىرىغا سىغماي قالسا يۈرەكتىكى بۇ تىترەك ئەنە شۇنداق ئۇيۇ-شۇشقا ئايلىنىپ كېتىدىكەن.

ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرغۇچە كۆزلىرىم ئۇنىڭ يۈزى-دىن يۆتكەلمەي، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى تەپسىلىي كۆزىتىپ چىقتى. مەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇ-ۋاتقاندا ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئاجايىپ يوشۇرۇن جىددىيلىشىشنى ئېنىق كۆرگەندەك بولدۇم. قاتتىق ھاياجان ئۇنىڭ يۈرىكىنىمۇ پۇچۇلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرايىمۇ خۇددى تېرىسى شىلىنىۋاتقان ئادەمنىڭكىدەك قىياپەتكە كىرگەنىدى. ئۇنىڭ ئا-جايىپ چىرايلىق، ئىنچىكىمۇ ئەمەس، تومپۇ ئەمەس ئەگىم قاشلىرى ئاستىدىكى سۇس كۆك رەڭدە بويالغان كەڭ قاپاقلىرى ئۈستىدە ھەرىكىتىمنىڭ ھەر بىر قەدىمىگە ئەگىشىپ بىر قېتىم قاتار سىزىقچىلار پەيدا بولۇپ، كەينىگە قايرىلىپ تۇرغان ئۇ-زۇن-ئۇزۇن قويۇق كىرپىكلىرى سۇس تەۋرەپ كەتتى. بۇلارنى مەندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆزىتىپ تۇرغانلاردىن باشقىلار-نىڭ كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنى پەقەت مىنىڭلا كۆزۈم كۆرەلەيتتى.

ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى ياستۇق ئۈستىدە يېيىلىپ، ئۇنىڭ

سۈپسۈزۈك ۋە ئاق يۈزلىرى بىلەن سىپىلىشتۇرما بولۇپ، ئاشۇ يۈزلەردىكى تەڭداشسىز گۈزەللىكنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ تۇراتتى.

ئالدىمدا ھەقىقىي بىر تىرىك جان، ھەقىقىي ئايال ھالىتىدە ياتاتتى. مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ھەقىقىي ئايالنى، ئايالنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى — دەل ئۆزىنى كۆرۈۋاتاتتىم. ئۇ مەجرۇھ، كەمتۈك ئايال بولماستىن، بەلكى ساپمۇساق، پۈتۈن ئايال ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىدىن مۇقەددەسلىك، يەنى ئاياللىق، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئايالىلىق ئۇرغۇپ تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭ چۈشلىرىمدىكى ۋە خىياللىرىمدىكى مەۋھۇملۇق تەسىرىدىن شەكلى ئۆزگەرگەن ھەم غايەمنىڭ، ئىنتىلىشىمنىڭ قاتتىق چوڭقۇر بولۇشى بىلەن بۇزۇۋېتىلگەن ئاياللارغىمۇ مۇتلەق ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەسلىدە دۇنيادىكى ئەڭ يۈكسەك گۈزەللىكلەرنىڭ جەۋھىرى بولغان ئاياللار رېئال دۇنيادىلا ئەمەس، چۈش ۋە خىياللاردىمۇ دەپسەندە بولۇش تەقدىرىگە ئۇچراپ كەلگەنىكەن-دە! ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنى ئالدىدا مەن ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىدىم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ۋە پۈتۈن روھىم بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتىم. ئۇنىڭ يېنىدا جالاقلاپ تىترىگىنىمچە تۇرغان ئاشۇ دەقىقىدە مەندە — مېنىڭ يۈرىكىمدە، مېڭەمدىمۇ، گۆش، سۆڭەكلىرىمدىمۇ، نېرۋا ۋە تومۇرلىرىمدىمۇ لاغىلداپ تىترەشتىن باشقا — چەكسىز چۆللۈكنىڭ شىددەت بىلەن قاغجىراپ ئۆلۈم قوينىدا دولقۇنلىشىغا ئوخشاش مۇزدەك سوغۇق ۋە ئۆلۈك دولقۇنلاشتىن باشقا ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس

ئىدى. پەقەت چەكسىز جىددىيلىشىش، تۈگىمەس جىددىيلىشىش ۋە قورقۇنچ ھېس قىلاتتىم. ئەمدى باياتىندىن بېرى پۈتۈن ۋۇجۇدىمنى چوغدەك قىزىق تەپتى بىلەن چىدىغۇسىز يايرىتىۋەتكەن ئەسەبىيلەرچە غىدىقلىنىش ۋە پارتلاش ئالدىدا تۇرغان مەھلىيالىق ئىزسىز يوقالغانىدى. خۇدۇمنى يوقاتقاندەك قىلاتتىم. ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گۈزەللىك ھەرقانداق كىشىنى ئەنە شۇنداق ۋەھىمىگە سالاتتى.

پۈتكۈل كائىنات پەقەت مېنىلا ۋەھىمە بىلەن پۈتۈن ئەس-يادىنى يىغىپ، تىنىقىنى ئىچىگە چىڭ يۇتۇپ كۆزىتىپ تۇرغاندەك ئەتراپنى پايانسىز جىمجىتلىق باسقانىدى. مەن ئەنە شۇ جىمجىتلىقنىڭ پايانسىز قوينىدا پەقەتلا ئۆگە-ئۆگىلىرىمنىڭ پات-پات غەلىتە قاراسلاپ قويۇشلىرى ۋە تۈكۈرۈكۈمنى قىينىلىپ يۇتقان چېغىمدا قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بوغۇزۇمدىن چىقىپ كېتىۋاتقان غەلىتە ئاۋازلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەن چەكسىز تەلپۈنۈپ كەلگەن ھەقىقىي ئايال — قىپيالىڭاچ ئايال ئالدىمدا ئىدى.

ئۇنىڭ يالىڭاچ تېنىدىكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان گۈزەللىكتىن ئالاقىزادە بولۇپ، قانچىلىك تۇرغىنىمنى ۋە نېمىلەرنى خىيال قىلغىنىمنى بىلمەيمەن...

ھاراق ۋۇجۇدۇمغا ئاستا تارقىلىپ، خىياللىرىمغىچە سىڭىپ بارماقتا. قولۇمدا مۇزدەك سوغۇق رومكا چىڭ سىقىپ تۇتۇلغان بولۇپ، ھاراقنىڭ تەسىرىدىن ئالىقانلىرىممۇ قىزىپ كەتكەن، ھاراقنىڭ تېپىچەكلەپ تۇرغان كۈچى تومۇرلىرىمنىڭ سوقۇشىنى كۈچەيتىۋەتكەن. مۇزدەك سوغۇق رومكىغا تومۇرلى-

رىمنىڭ تىنىمسىز سەكرەپ ئۇرۇلۇشىغا زەڭ سالماقتىمەن. بۇ سەكرەش جانىنىڭ سەكرىشى، روھىمنىڭ هاراققا ئۆزىنى ئاچچىق بىلەن ئۇرۇشى بولسا كېرەك.

مەكتەپنىڭ ئىچىدىكى يوللار، گۈللۈكلەر ۋە چىملىقلاردىن كېلىۋاتقان نەمخۇش هاۋامۇ خۇددى هاراقتەك ياكى هاراقنىڭ قېنىق پۇرىقىدەك تېنىمگە سىڭىپ كىرىپ، ئۆركەشلەپ تۇرغان هاراقنىڭ كۆچىگە قېتىلىپ كەتمەكتە...

ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان يوللارنى (نەدىكى بىللە مېڭىش بولسۇن) — مەن ئۇنى قولتۇقلاپ، يۆلەپ ئېلىپ كەلگەن يوللار-نى ئايلانماقتىمەن. بۇ يوللاردا مەن هېچكىم بىلەن بىللە ماڭمى-غانىدىم، پەقەت گۈزەل بىر گەۋدىنىڭ (هېچنەرسىسىنى ئە-مەس) ئېغىرلىقىنىلا كۆتۈرۈپ بۇ يوللاردىن يەككە-يېگانە، غې-رىبانە هالدا ئۆتكەنىدىم.

هاراق بەدىنىمدە ئاچچىق كۆيدۈرۈپ بىر توپ ئېغىر ۋە خۇنۇك بۇلۇتقا ئوخشاش ئاستا سىلجىپ ماڭماقتا...

ئاخشام ماڭدىم دەپ ئويلىغان كوچىلارغا ئاۋاق ۋە ئۇزۇن، بىچارە سايە تاشلاپ كېتىپ بارىمەن.

كوچىلاردىكى مىژىلداپ تۇرغان ئادەملەر توپى بىر-بىرىگە گادىرماچ بىر تەرىزدە ئارىلىشىپ، دۇنيا گىچچىماچچاڭ بولۇپ، پېتىقلىنىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. ئادەملەرنىڭ قالايمىقان قىس-تىلىشىپ تۇرغان خىياللىرىغىمۇ بوشلۇق تار كېلىپ، ساراڭ بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ مېڭىسىگە ئوخشاپ قالغان.

قاتتىق ئاغرىۋاتقان مېڭەمنىڭ هەر بىر قەدىمىگە ئەگىشىپ سىلكىنىشى ۋە بۇ سىلكىنىشكە ئەگىشىپ خىياللىرىمنىڭمۇ تى-

نىمىسىز سىلكىنىشىنى كۆزەتكەچ، بۇ يوللاردا نېمىشقا مېڭىپ
كېتىۋاتقىنىمنىمۇ بىلمەي كېتىۋاتىمەن. بۇ يوللارغا تۇيۇقسىز
قاراڭغۇ چۈشۈپ يەنە ھېلىقى دالدىدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مېنىڭ
ئەمەستەكلا تۇيۇلىۋاتقان باغرىمغا چىڭ بېسىپ تۇرۇشۇم ۋە ئۇنى
ئازاب بىلەن سۆيۈپ تۇرغۇنلىغان بىنورمال خىياللارغا چۆمۈلۈ-
شۇمنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. دۇنيا پۈتۈنلەي ئۆز-
گىرىپ خىيالدىن رېئاللىققا قايتقان. ئەتراپ ئادەملەرنىڭ ھاياتقا
بولغان چۈشىنىكسىز قىزغىنلىقى بىلەن يۇركەلگەن. مەن يەنىلا
ئاۋۋالقىدەك ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز بۇرۇقتۇملۇقىمغا ئەسىر
بولۇپ لەيلەپ يۈرۈپتىمەن. ئۇ چاغدا دۇنيا مەڭگۇ بۇ قىياپىتىگە
قايتىپ كەلمەيدىغاندەك، مەن ھېلىقى دالدىدا مەڭگۇ شۇ پېتى
تۇرىدىغاندەك ھېس قىلغانىدىم. ئەگەر تۈنۈگۈن ئاشۇ ھالدا
ئۆلۈپلا كېتىپ قالغان بولسام پۈتۈن ھاياتىمنى پەقەت ئاشۇ
دالدىدىلا كېچە قوينىدا ئۇنى سۆيگەن ھالدا ئۆتكۈزگەن ھېساب-
لايتتىم.

مۇنۇ رېئال دۇنيادا سانسىزلىغان ئادەملەرنىڭ غەلىتە ھالدا
سانسىزلىغان ئىشلار ئۈچۈن غەلىتە پالاقلاپ يۈرۈشلىرى، ئاللى-
نېمىلەر ئۈچۈندۇ تىنىماي تىرىشىپ يۈرۈشلىرى ۋە ئۆزەمنىڭمۇ
شۇلار بىلەن بىر قاتاردا يۈرگەنلىكىمنى شۇلارغا ئوخشاش ئۆ-
زەمنىڭمۇ بۇرۇندىن باشلاپلا ياشاپ كەلگەن ئىكەنلىكىمنى بىلمى-
گەن بولار ئىدىم.

كوچىدا ئۆتۈشۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ گاھىلىرىنىڭ قاپى-
قى تۈرۈلگەن، گاھىلىرى قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان، گاھىلىرى غە-
زەپلىنىۋاتقان، گاھىلىرى چوڭقۇر خىيالغا پاتقان، گاھىلىرى

مەنىسىز ۋە ئىپادىسىز قېتىپ قالغان چىرايلار بىلەن ئۇياق-بۇ-ياق ئۆتۈشۈپ تۇرۇپتۇ. مېنىڭ بۇ چىرايلارغا زادىلا قارىغۇم كەلمەيتتى. بۇ چىرايلار تامامەن ئۆلۈك ۋە مەۋھۇم ئىدى.

تۇنۇگۇنكى ئاشۇ كېچە— مېڭەمدە كىچىك چاغلىرىمدىن تار-تىپ شەكىللەنگەن مەنا دەپ ھېسابلانغان بارلىق نەرسىلەر بىلەن تولغان ۋە شۇ مەنا ۋە مەنالارنىڭ جەۋھىرىنىڭ بىرىكىشىدىن قۇرۇلغان كېچە راستىنلا مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن بولغىيمىدى؟

نەچچە يىللاردىن بېرى مۇھەببىتىمنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆزۈم دەپسەندە قىلىپ كەلگەن ئىكەنمەن. بىراق بۇ دەپسەندە قىلىش مېنىڭ ئۆزۈملا تۇغدۇرغان پاجىئە ئەمەس. مۇھەببىتىم بەكمۇ چەكسىز ۋە بەكمۇ چوڭقۇر بولغاچقا، بىھۇدە ئىسراپ قىلىنىپ، مۇھەببىتىم چەكسىز بولسىمۇ ئاخىر تۈگەپ كەتكەندى. گەرچە خالىغان جايغا بىھۇدە چېچىلىۋەرگەن ۋە بەكمۇ ئەرزان ھەتتا بىكارلىق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، مۇھەببىتىم بەكمۇ ئۇلۇغ، يۈكسەك ۋە مۇقەددەس مۇھەببەت ئىدى. دۇنيادا مېنىڭ چەكسىز مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلالايدىغان، قوينى ئۇن-داق چەكسىز كەڭرى روھ يوق ئىكەن. ھەممە ئادەمنىڭ روھى تىنىپ، ئۇيۇلتاشتەك قېتىپ كەتكەنىكەن.

تۇنۇگۇن ماڭدىم دەپ ئويلىغان يوللارنى قېزىۋەتتىم. يا-دىمغا ئالسام، ئۇ ناتونۇش كوچىنى ئاشۇ چاغدا پەقەت بىرلا رەت كۆرگەنىكەنمەن... ئۇنى سۆيگەن ھېلىقى دالدا جاينى ھەر قانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم. ئۇ يەر كائىناتنىڭ ھېچ يېرىدە مەۋجۇت ئەمەستەك قىلاتتى. بىراق لەۋلىرىمدىن ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ مۇزدەك سوغۇق هارارىتى تېخىچىلا كەتمىگەن بولۇپ، كىرىست

شەكىللىك كوچىدا سۆيۈش ئارقىلىق ئادەمگە جان بەخش ئېتە-
لەيدىغان خرىستوس كرېستقا مىخلانغاندەك گاڭگىراش ۋە جاسا-
رەت بىلەن ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتىم. خۇدا چەكسىز
يىراقلىقتا تۇرۇپ مېنى كۆزىتىۋاتقاندۇر بەلكىم. خۇدا رېئاللىق-
تىن ھالقىغان ھالەتتە مەۋجۇت بولغاچقا ئۇلۇغ، مەۋھۇم، يەنى
چەكسىز يىراقلىقتا بولغاچقا گۈزەل بولسا كېرەك...

خۇدانىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكى لەۋلىرىمگە ئۇنىڭ لەۋلە-
رىنىڭ ھارارىتىنى ھېس قىلدۇرماقتا...

ئۇنى بار بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان يەرنىڭ ھەممىسى-
نى كېزىپ چىقتىم. ئۇ زادىلا مەۋجۇت ئەمەستەك ھەم مەۋجۇت
بولۇپ باقمىغاندەك قىلاتتى.

دۇنيادا كۆزىتىپ قارىغۇدەك باشقا ھېچقانداق غەلىتە ئادەم
قالمىغاندەك، ئەتراپىمدىن ئۆتكەن ھەممە ئادەمنىڭ نېمىنىدۇر
بىلىۋالغاندەك ھەم ئۇنىڭ داۋامىنى بىلمەكچى بولغاندەك قاراش-
لىرىغا چىداپ سانسىز قېتىم، كېچە بولۇپ ئادەم ئايىغى ئۈزۈل-
گىچە ئۇنىڭ ياتىقىدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردۇم.
بىراق ئۇ ھېلىقى ياتىقىدىن چىقمىدى ياكى باشقا ياقتىن كېلىپ
ياتىقىغا كىرىپ كەتمىدى. سەنئەت فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ ئۇسسۇل مەشىق قىلىدىغان زاللىرىغىمۇ سانسىز قېتىم
قاراپ چىقتىم، بىراق ئۇ يوق ئىدى. ھامان ئۇ ھېلىلا ئۇچراپ
قالىدىغاندەك، ھېلىلا ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قىپقىزىل بويالغان
گىلاستەك لەۋلىرىنى ئالدىغا سوزۇپلا يېنىك ھەم ساددا كۈلۈم-
سىرەپ قويىدىغاندەك ھېس قىلىپ، ئۇنى پەيدا بولدىمىكىن دەپ
ئويلاپ ئالدىمدىكى بوشلۇققا ئىتتىك قاراپ قالاتتىم. بىراق ئۇ

داۋاملىق پەقەتلا مېنى ئىتتىك قارىتىپ كەلگەن بوشلۇقتىن باشقا نەرسە بولماي كەلدى. . .

”سىز ئۇيغۇرمۇ. . .“ دېگەن سۆز پات-پاتلا قۇلىقىمغا كىرىپ قالاتتى. بۇ دەل ئۇنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن چۆچۈپلا ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە قاراپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇنى ئىزدەيتتىم. باشقىلارنىڭ سۆزلىرىدىكى بەزى تاۋۇشلار ئوخشاپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم-يۇ، يەنىلا ئۇ يېنىمدا تۇرغاندەك، ئۇنىڭ ئىللىق تىنىقى يۈزلىرىمگە ئۇرۇلۇپ تۇرغاندەكلا ھېس قىلاتتىم. بۇ سەزگۈنىڭ يالغان ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ تۇرۇپمۇ كېچەلمەيتتىم.

ھەممىسى بەربات بولدى.

ئاخىرقى قېتىمدىن كېيىنمۇ مەن يەنە شۇنداق دەپ ئويلىدىم، بىراق مەندە سۆيگۈ دېگەن نەرسىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەچكە تۇگەشمىدىم، بەلكىم تۈگەشمىگەنلىكىمنى ھېس قىلغاچقا مەندە سۆيگۈ دېگەن نەرسە قالـمىـدى دەپ ئويلىغاندىمەن.

چۆل دولقۇنلىماقتا. مەن ئاشۇ بىپايان دولقۇنلار ئۈستىدە بىر كەپتەرنىڭ قۇرۇقلۇقلاردىن سۇنىڭ قايتقانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىشىنى كۈتمەكتىمەن. . . مەن يەنىلا رەھىمسىز، غەلىتە ۋە شەرمەندىلەرچە تۈگەشتىم دېگەن ھېسسىياتقا قايتا چۈمۈشنى بىتاقەت بولغان ھالدا كۈتەتتىم. دۇنياغا پاتماي قېلىۋاتقان شاۋقۇن-سۈرەن، ناخشا-مۇزىكا ۋە باشقا پېتىقلىنىپ كەتكەن ئاۋازلارنىڭ ئۇيۇشقان تورى ئارىسىدىن ئۇنىڭ مەن ئاڭلاپمۇ باقمىغان، بىراق بەكمۇ تونۇش ئاۋازىنى ئىزدەيتتىم. بۇنداق

ئاۋازنى تېپىش مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى.

ئېزىپ قالغاندەك كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. كوچىدىكى ئادەملەر قاتتىق ئىسسىقتا قايناپ، ئېرىپ، بىر-بىرىگە ئۇماچتەك ئارىلىشىپ كەتمەكتە ئىدى. پاكار ئۆيلەر ئارىسىدىكى ئۇزۇن ۋە ئەگرى-بۈگرى تار يوللاردا مېڭىپ يۈرەتتىم.

مۇنچا...

ئىللىق سۇ بىرخىل رىتىمدا شارىلداپ چۈشمەكتە، ۋۇجۇدۇمنى ئۆزىنىڭ سۈپسۈزۈك ئىللىقلىقى بىلەن يۇيماقتا. ئۇنىڭغا بولغان بارلىق سېغىنىشلىرىمنى پەقەت مۇنچىدا يۇيۇپ چىقىرىۋېتىپ تۇرۇشتىن باشقا ھېچ ئىشقا ئامالىم يوق ئىدى. ئارام بەخش نەملىك روھىمغا ئاستا سىڭىپ كىرىپ، رېئاللىقتىن ھالقىش ئارقىلىقلا شېرىن بولالايدىغان خىياللىرىم ئىنتايىن يەڭگىللىشىپ كېتىدۇ. ئۆزەمنى خۇددى روھىم ۋۇجۇدۇمنى تاشلاپ كۆككە لەيلەپ چىقىپ كەتكەندەك ئازادە ۋە يەڭگىل ھېس قىلىمەن... روھىم بەكمۇ قاتتىق زەخىملەنگەچكە زەئىپلىشىپ كەتكەنىدىم. شۇڭا ئۇ ھەرقانداق غەلىتە ھېسسىياتنى غەلىتە ھېسابلاش ۋە غەلىتە ئىكەن دەپ چەتكە قېقىش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم بولغانىدى، دەل شۇنداق بولغاچقا غەلىتە ھېسسىياتلار ۋە لوگىكىغا سىغمايدىغان خىياللار ئۇنى ھەدەپ بوزەك قىلىپ، قارشىلىقسىزلا ئېگىلىۋېلىۋاتاتتى. ئەقىلگە زادىلا سىغمايدىغان خىياللارمۇ خۇددى ئەڭ تەبىئىي خىياللاردەك ئۇنىڭغا ئۈنسىز سىڭىپ بارماقتا ئىدى.

مۇنچىخانىنىڭ ئىچى رىتىملىق بىرخىل شارىلداش بىلەن تولغانىدى. مۇنچىخانىنىڭ يەنە بىر ئۆيىدىن يۇيۇنۇۋاتقان ئاياللار-

نىڭ ئاۋازلىرى پات-پات ئاڭلىنىپ قالاتتى.

مەن مۇنچىخانىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ شۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. مەن يەنە ئۇنى ئاشۇ مۇنچىخانىدا يۇيۇنۇۋاتقان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىشقا تىرىشتىم. ئۇنىڭ ئوبرازى مۇنچىخانىدا قويۇق ھور ئىچىدە يۇيۇنۇۋاتقان ھالەتتە كۆز ئالدىمغا كەلدى. بۇ گەۋدە ناھايىتى غۇۋا بولۇپ، مەن ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ تولۇق شەكىللەندۈرەلمىدىم، شۇنداقتىمۇ ھور ئىچىدە شۇنداق غۇۋا كۆرۈنۈشى كېرەك دەپ، تۇمان ئارقىلىق ئۆز تەسەۋۋۇرۇمدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاشقا تىرىشاتتىم.

بىرخىل چۈشۈۋاتقان، ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان سۈزۈك سۇ ئۇنىڭ يەلكىسىگە يېيىلىپ چۈشۈپ تۇرغان قويۇق ۋە قاپقارا گۈزەل چاچلىرى ئارىسىدىن جىمجىت سىڭىپ ئۆتۈپ، تىنىمسىز ھالدا ئۇنىڭ بەدىنىگە، لىغىرلاپ تۇرغان تولغان كۆكسىلىرى، زىلۋا يەلكىلىرى ۋە كېلىشكەن ساغرىلىرىغا يېيىلىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى سىيلىماقتا ئىدى، ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ راھەت ھېسسىياتى بىلەن بىرخىل تىنىماقتا. ئەگەر ئاشۇ سۇلار بىردىنلا مېنىڭ قولۇمغا ئايلىنىپ كەتسە. . . بەلكىم بۇ ئۇنىڭغا مۇزدەك سوغۇق تۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ دەررۇ كۆزلىرىنى ئاچىدۇ. . . مەن قوللىرىمنىڭ ئاشۇ مۇنچىدىكى سۇغا ئايلىنىپ كېتىشىدەك شۇ قەدەر بىمەنە خىيالىمۇ خۇددى ئەمەلىيەتتە راستتىنلا شۇنداق بولىدىغاندەك خىيال قىلىپ كېتەتتىم. بۇ زادىلا ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك تۇيۇلمايتتى. شۇنداقتىمۇ مەن خىيالىمنى لوگىكىنى ئىنكار قىلغۇدەك ئەركىن قويۇۋېتىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئۇنىڭ بىردىنلا چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئېچىپ ماڭا

قارىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن خىيالىمنى نېرى قىلالمايتتىم. بەلكىم ئاشۇ كۈنى ئاشۇ كېچىسى مەن ئۇچۇن ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىشى ئەڭ دەھشەت ئىش بولسا كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچماسلىقى — سۆيۈشلەرنىڭ زادى كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالماسلىقى تېخىمۇ دەھشەت ئەمەسمۇ؟

مۇنچىخانىنىڭ يېنىدىن پەرۋاسىز ئۆتۈپ كەتتىم.

ئېرىپ خۇددى بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئۇماچتەك قايناۋاتقان ئادەملەر قاينىمى — كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئادەملەر قاينىمى ئىچىدە بىر پارچە مەڭگۈ ئېرىمەس مۇزدەك ياكى قاتتىق ۋە سوغۇق مېتال پارچىسىدەك ئاستا سىلجىپ كېتىۋاتاتتىم. مەن ئۇنىڭ بار بولۇشىنى قاتتىق ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۇنى ھېچيەردىن تاپالماي، ئاخىر ئۇنىڭ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدا يۈرىكىمنىڭ ئادەمنى سەۋرسىزلەندۈرۈپ، تىنىمسىز بېرىۋاتقان بېشارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىپ، ھاياتىمنى بىردىنلا باشقىچە تۈسكە كىرىپ قالغان ھېلىقى دالدا يەر ۋە ھېلىقى كېچىنىڭ ئاۋلىغا قايتۇرۇش ئۈچۈن ھەدەپ ئۇرۇنۇپ يۈرەتتىم. ئۇ بولسا قەيەردىدۇر بىر ناتونۇش جايلاردا تۇرۇپ، مەيۈس كۈلكىلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ، تىرناقلىرى قىپقىزىل بويالغان قوللىرىنىڭ ئالىقىنى بىلەن ئېڭەكلىرىنى يۆلەپ، ماڭا ئۈن-تىنسىز تىكىلىپ تۇراتتى.

ئۇ مېنى قولتۇقلىۋالدى. مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ قىياپىتى بەكمۇ تەبىئىي بولۇپ، ئۇ مەست

ئەمەس ئىدى. مەن سۆيگەندە ئۇ مەست قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزىنى تاشلىغان هالدا قوينۇمدا تۇرۇپ، مېنىڭ سۆيۈشلىرىمنى پۈتۈن بەدىنى بىلەن كۈزەتمەكتە ئىدى. غۇۋا ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ سولغۇن يۈزلىرى قاتتىق هاياجاندىن تېخىمۇ سولغۇنلىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئاپتاپ بەدىنىمنى قىزدۇراتتى. ئۇنىڭ يالىڭاچ بىلەكلىرى بىلەكلىرىمگە سۈركىلىكلىك ئىدى. مەن ئۇنى بىر سۆيۈشكەن دالدا يەرنىڭ ئالدىدىن يېتىلەپ ئۆتكۈزدۇم. ئۇ ئۇ يەرگە لەپپىدە قاراپ قويدى.

ئاستا قەدەم تاشلاپ ”ئۈمىد تۇمشۇقى قاۋاقخانىسى“نىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈم.

بىر تاكسى كەينى-كەينىدىن بىر نەچچە رەت سىگنال بېرىپ قويۇپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ماش رەڭ ۋېلىسىپىتنى بىر چەتكە تارتىپ، تاكسىغا يول بېرىپ تۇرغان پوچتىكەش تاكسى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ۋېلىسىپىتكە قايتا مىندى-دە، يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇنىڭدىن تۇيۇقسىزلا بىر پارچە خەت كېلىپ قالسا-هە! مەن قولۇمدىكى خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

”قەلبىمدە ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان، دۇنيادىكى باشقا ئادەملەرگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان دەردمەن يىگىت ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟“

ئۇ يۈزلىرىگە يېيىلىپ چۇشۇۋالغان چاچلىرىنى نازۇك قوللىرى بىلەن كەينىگە قىلىپ، ماڭا بىردەم سىنچىلاپ قارىدى، مەنمۇ ئۇنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك قىيماسلىق نەزد-

-رى بىلەن تىكىلدىم. ”كۈلكىڭىز ساختا بولسىمۇ ئەنە شۇنداق
كۈلۈۋېرىپ ئادەتلىنىپ قالسىڭىز، ئاخىرىدا راستتىنلا خالاپ
كۈلۈۋاتقان بولسام كېرەك دەپ، كۈلكىڭىزنىڭ راستلىقىغا ئى-
شىنىدىغان بولۇپ قالىسىز. باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشنى ئۆگى-
نىۋالسىڭىز دۇنيادىكى ھەممە كىشى سىز ئۈچۈن
سۆيۈملۈك...“

ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ماڭا بەكمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلدىم. ئەجەبا ئۇ ئۆزى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ئاشۇ ماھارەتلەرنى
ئۆزى كېرەك قىلمامدىكىنە؟ ئۇنىڭ دەردمەنلىكى ئۇنى تېخىمۇ
مەپتۇن قىلارلىق قىياپەتكە كىرگۈزەتتى.

خەتنىڭ بېشىدىكى بىر جۈملە سۆزدىنلا خەتنىڭ ئۇنىڭدىن
كەلگەنلىكىنى بىلىۋالدىم. خەتنىڭ ئۇنىڭدىن كەلگەنلىكىنى
بىلدىم-دە، يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ، بەدىنىم ئىچىدە سىقى-
لىپ، پاتماي قالدى. كۆزلىرىمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئەسلىدى-
كىدىن نەچچە ھەسسە ئارتىپ كەتكەندەك بولۇپ، كۆزلىرىم
بىرنەچچە بەتنى بىر سۆزنى ئوقۇغاندەكلا ئوقۇۋەتمەكچى بولغان-
دەك خەتلەر بىرھازا كۆرۈش دائىرەم ئىچىگە پاتماي قالدى. مەن
خەتتە ئۇنىڭ مېنى قاتتىق تىللاپ يازغان بولۇشىنى ئارزۇ قىل-
دىم. مەن ئۇنىڭغا ئادرېسىمنى ۋە ئىسمىمنى ئېيتىپ بەرگەندەك
قىلمىغانىدىم. چۈنكى مەن ئۇنى مۇتلەق تونۇمايتتىم. ئۇمۇ
مېنى تونۇمايتتى. چۈنكى بىز ئەزەلدىن تونۇشمىغان. ”...
مەن ئىلاجىسىز سىز بىلەن خوشلاشماي قايتىپ كەلدىم. سىز
بىلەن خوشلىشىشنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى سېزىپ يەتكە-
نىدىم. چۈنكى مەن سىزنىڭ دائىم ياتقىمنىڭ ئەتراپىدا ئايلى-

نىپ يۈرگىنىڭىزنى، سىزدە ماڭا نىسبەتەن ئەسەبىيلەرچە بىر
قىزغىنلىقنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغانلىقىنى سەزدىم. سىزدىكى
بۇنچە زور قىزغىنلىقتىن ئۆزۈمنى چەتكە ئالمىسام زادىلا بولماي-
دىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. چۈنكى سىزدىكى بۇ تەلۋىلەر-
چە قىزغىنلىقتا ھەممىنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان قۇدرەت بار-
لىقىنى ھېس قىلدىم. سىزنىڭ ياتىقىمنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ
نېرى كەتمىگەنلىكىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن ئاستا ئۆزۈمنى
چەتكە ئېلىپ، خالىي جايلارنى تېپىپ قانغۇچە يىغلىۋېلىپ،
يېرىم كېچە بولغاندا سىزنىڭ ياتىقىمنىڭ ئالدىدىن كەتكەنلىك-
ڭىزگە ئىشەنگەن چېغىمدىلا ئاندىن ياتىقىمغا كىرەتتىم. ئۇزۇن
مەزگىلدىن بېرى ئەنە شۇنچىلىك يىغلىۋالالمىغاندىم. ئاشۇ
كۈنلەردە تازا قانغۇدەك يىغلىۋالالىدىم. بۇرۇقتۇم ھاياتىم ماڭا
ئەنە شۇنچىلىك يىغلىۋېلىشىنمۇ بەخش ئېتەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ-
دىن بۇرۇنقى تۈگەشكەن، ھېچنەرسە قالمىغان روھىمدا يىغا
نېمىش قىلسۇن؟! يىغلىغۇدەك ھاياجان، ئادەمنى يىغلاتقۇدەك
بىرەر ھاياجاننىڭ بولۇشىنى نەقەدەر تەشنا بولۇپ كۈتكەنىدىم-
ھە!

سىز ئېيتقاندەك ئادەم دېگەن ھەقىقەتەن بىچارە، زەئىپ،
يېرىم ئىكەن. سىز ئۆزىڭىزنىڭ يالغۇز ۋە يېرىم ئىكەنلىكىڭىز-
گە ئانچە ئازابلىنىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. چۈنكى سىز ھامان
يېرىمىڭىزنى تېپىپ، ئادەملەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادىنىڭ
ئەڭ گۆدەك ۋە پاك چاغلىرىدىكىدەك ھېچ ئادەمگە، مېھىر-مۇ-
ھەببەتكە موھتاجلىق بىلەن تەلمۈرمەيدىغان قەھرىمانانە ۋە ساپ
ھالىتىگە قايتالايسىز. سىز ئەنە شۇ چاغدا بەختنى ھېس قىلالاي-

دىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ھەر قانداق بىر ئىشقا نىسبەتەن
ھەم بەختلىك ھەم بەختسىزلىك ھېس قىلالايدىغان ناچار قۇدرەت-
نىڭ تىنىمسىز ئازابلىشىدىن قۇتۇلالايسىز. ۋۇجۇدىڭىز بىر
گەۋدىگە ئايلىنىشىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل كۆيى بىلەن نۇر چاچالاي-
دۇ. ئۆزىڭىزنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايسىز.
مەنچۇ؟ مەن ئۇنداق ئەمەس! مېنىڭ يېرىمىم ئۆلگەن. ئۇ يېرى-
مىمدا ھېچنەرسە يوق. ئۇ خۇددى مېنىڭ ھاياتىمغا ئوخشاشلا
قۇپقۇرۇق. ئۇ ماڭا مەجبۇري تېڭىلغان. بۇنى مەن ئۆزۈم
تاڭغان. ئۆزۈمنىڭ يېرىمىمنى باشقا يول بىلەن تولۇقلاشقا جۈر-
ئەت قىلالمايمەن. بۇ بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىشقا ئايلانغان. ئۇنى
قورقۇنچلۇق ئىشقا ئايلاندۇرۇۋالغان بىز ئۆزىمىز — بىز ئىنسان-
لار ئۆزىمىزنىڭ جۆيلۈشلىرىمىز ئارقىلىق ئۆزلىرىمىزنى مەتۇ-
لارغا ئايلاندۇرغان، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ مەتۇلىقىمىز بىلەن ئۆ-
زىمىزنىڭ جۆيلۈشلىرىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ تېخىمۇ جۆيلۈي-
مىز. مانا بۇ بىز بويسۇنۇپ كەلگەن مەڭگۈلۈك ۋە ئەلمىساقلىق
قانۇنىيەت.

ئادەملەر ئۆزىدىن ئۆزى قورقىدۇ. مانا بۇ قورقۇنچ ۋەھ-
شىيلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەملەر ئۆزلىرىدىن ۋەھشى-
يانە ھالدا قورقىدۇ. ئۆزىنى دەپسەندە قىلىدۇ. ئۆزىنى قانچى-
لىك دەپسەندە قىلالىسا شۇنچىلىك رازى بولۇشىدۇ. ھەممە ئادەم
شۇنداق بولغانىكەن، مەنمۇ شۇلاردەك بولۇشۇم، ياۋۇزلىشى-
شىم، ئۆزۈمنى قورقۇتۇشۇم ۋە دەپسەندە قىلىشىم كېرەك ئى-
كەن. ھېچكىمنىڭ بۇ توردىن چۈشۈپ قېلىشىغا ئىلاجى بولمىسا
كېرەك. مەن مانا مۇشۇ يول بىلەنلا ئابرويلۇق بولالايدىكەنمەن.

ھەممە ئادەمنىڭ ”ئىسىل ئايال“ دەپ ماختىشىغا ئېرىشەلەيدىكەن-
مەن.

دەردمەن يىگىت، بىلەمسىز؟ ھېلىقى كۈنى، ھېلىقى كې-
چىدىكى دالدا يەردە سىز مېنى راسا سۆيۈۋالدىڭىز. بىراق مېنى
ئويلاپ قويمىدىڭىز. مەن سىزنى سۆيەلمىدىم. سىزنىڭ مېنى
سۆيگەندىكى تىنىغان تىنىقىڭىز نەقەدەر ئېغىر-ھە! سىز تىنىش
— يەنى ئەركىن نەپەس ئېلىش، خۇدا ياراتقان ھاۋادىن نەپەسلى-
نىش ھوقۇقىڭىزغا سۆيۈشنى تېگىشىۋاتاتتىڭىز. ھېلىمۇ كۆ-
زۈمنى سەل يۇمۇپ خىيال قىلسام سىزنىڭ نەدىدۇر كېسەل
ئادەمدەك ئېغىر تىنىۋاتقان ياكى ئەركىن نەپەس ئالالماي قىينى-
لىۋاتقان شەپىڭىزنى ئاڭلايمەن. سىز ھەقىقەتەن كېسەل ئىدى-
ڭىز. سىز كېسەل، مەن بولسام ئۆلگەندىم. چۈنكى مەن
ئۆزۈمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم
بولغانىدىم. بىر ئادەمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە دەلىل بولمىسا
ئۇ ئۆلۈك-دە، بىراق سىز مېنى سۆيۈۋاتقان چېغىڭىزدا مېنىڭ
تېنىم ئىچىدىمۇ ئۇلۇغ ھەم مەھكۇم ھەۋەس ھايات ئادەملەرنىڭ-
كىگە ئوخشاش شىددەت بىلەن ھەم بىچارىلەرچە تىركىشىش
ھالىتىدە ئۆركەشلەپ تۇراتتى...“

ئۇنىڭ يۇمشاق ھەم ئىللىق بەدىنىدە ئوتتەك قىزغىن يې-
قىملىقلىق يېلىنجاپ تۇراتتى. ئۇنى سۆيگەندە پەيدا بولغان ئازاب-
تىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياردىمى بولار دېگەندەك ئۇنىڭ كىيىملى-
رىنىڭ ئاستىدىكى يالىڭاچ تېنى پەيدا قىلغان، دولقۇنلۇق ۋە
تاتلىق مۇزىكىدەك شەكىللەر ئۇستىدە تەشنا قوللىرىم سەرسان
ئىدى. ئۇنىڭ تېنىدىكى ھەر بىر تال ھۈجەيرىلەرنى بىر-بىرلەپ

قالدۇرماي سىيلاپ، كۆزىتىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى لاۋۇلداپ تۇرغان كۈچلۈك ئاياللىقا ۋە ئاياللاردا بولىدىغان شىرىنلىككە ئىگە ھاياتنى بىر-بىرلەپ تېپىپ چىقماقچى بولغاندەك ئۇنىڭ تېنىنى ئەسەبىيلەرچە سىيلايتتىم. . . يىراقلاردىن، بەك يىراقلاردىن سولغۇن، تاتارغان ئىشەنچ خۇددى ۋەھىمىگە ئوخشاش بوغۇق ھەم ئىنچىكە سەزگۈلىرى بىلەن مېنى بىر-بىرلەپ كۆزىتىپ تۇراتتى.

ئايالنىڭ تىنىقى يۈزلىرىمگە گاھ ئىللىق، گاھ سوغۇق، گاھ شېرىن، گاھ يىرگىنچلىك ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

ئۇ كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا قادىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. يالغۇزلۇق ۋە جىمجىتلىق ئۇنى قاتۇرۇپ قويغاندى. ئۇنىڭ بەدىنى قاتقان ھالەتتە تۇرغان شۇنداق پەيتتە، ئۇنىڭ قەلبى ئەڭ جانلىنىپ تىنىمسىز دولقۇنلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە مېنىڭ تىنىقىم ئۇرۇلماقتا ئىدى. ئۇ ئىنتايىن كۈچلۈك بىر نەرسىنىڭ تەپتىنىڭ يۈزلىرىگە ئاستا سىلجىپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىنى سېزىۋاتقاندەك، يۈزلىرىنى ئېلىپ قاچىدىغاندەك قىلاتتى. بىراق ئۇ ئۇنىڭ تېخىمۇ يېقىنلا كېلىشىگە تەشنا بولسا كېرەك. يۈزلىرىنى ئېلىپ قاچمايتتى. يۈزلىرى ئىختىيارسىز سۇس لىپىلدايتتى.

ئۇنىڭ ۋەھىملىك يىغىلىپ، كۈچىيىپ بېرىۋاتقان كۆز نۇرى ۋۇجۇدىدىكى غىدىقلىنىشنىڭ خۇددى ئۆلۈك تەنگە يامراۋاتقان جاندەك تارقىلىپ يۇقىرى پەللىگە چىقىشىنى ۋەھىمە بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قارىچۇقلىرى تېخىمۇ قارىداپ، تېخىمۇ چەكسىز چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولۇپ، ئوتتەك قىزىق، ئېغىر،

ئاچكۆز تىنىقىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن ئاۋازىنىڭ گاھ بوغۇلۇپ، گاھ كېڭىيىشىنى جىمجىت كۆزەتمەكتە ئىدى.

”. . . بىر ئادەمنىڭ هايات ئىكەنلىكىگە دەلىل بولمىسا، ئەلۋەتتە ئۇ ئۆلۈك-دە! سىز، بىر ئۆلۈكتىن كېسىلىڭىزگە شىپا ئىزدىدىڭىز. مەنچۇ، مەن سىزدىن جان سورىدىم. . .“

ئۇ ئايالنىڭ يېنىدا ئۇن-تىنسىز ئولتۇراتتى. قىپقىزىل دېرىزە پەردىسى چىراغ نۇرىدا جانسىز كۆيۈۋاتقان بىر پارچە ئوتتەك ئۆي ئىچىگە سوغۇق قىزىل نۇر تارقاتماقتا، ئۇ ئۇنىڭغا بىر هازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا پاكىزىدە يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ بەدىنى چۇشەكەۋاتقاندەك تىترەيتتى. ئۇ ئىنتايىن قاتتىق كۆيۈنۈش ۋە هەيرانلىق بىلەن نېمە بولدىڭىز دەپ سورىدى. ئۇ بۇنداق چەكسىز كۆيۈنۈشنى قوبۇل قىلمايتتى ئەلۋەتتە. ئۇ بىردىنلا پارتلىدى. كىيىملىرىنى يەشمەستىنلا يىرتىپ تاشلىغاندەك هەش-پەش دېگۈچە هەممىنى سېلىپ تاشلاپ، كارىۋات ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى دەهشەتلىك قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى. چەكچەيگىنىچە قىپيالىڭاچ هالدا، سۇزۇك ۋە ئاپئاق پۇتلىرىنى ئىككى يانغا كەڭرى كېرىپ ”هەي-ي-ي. . . ئـەر! . . .“ دېگەندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئۇنىڭ كۆكسى قاغجىراش ئەلىمى بىلەن سۇس تىترەيتتى.

نەلەردىدۇر بەكمۇ تونۇش، بەكمۇ يېقىن بىر جايدا چۆل جان-جەهلى بىلەن زەئىپ دولقۇنلىماقتا. چۆلدە قاپقارا بىر دولقۇن—قۇپقۇرۇق، كۆيۈك قۇم بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن، قۇمنىڭ چىشلار ئارىسىدىكى غىچىرلىشىدەك مەينەت ۋە قۇپقۇ-رۇق سادا ئۇنى دولقۇنلاتماقتا.

يىلان، جاندەك قۇدرەتلىك بىر يىلان ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ بۇرۇنلا ئۆلگەنىدى. ئۇ يوق ئىدى. ئۇ مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندى. ئۇ چۆلگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۆلگەن قاسراقلىرى چۆلنىڭ بارخانلىرى ئىدى. بۇ بارخانلارنى ئۆلۈم ۋەھشىيلىككە ۋە ئامالسىزلىققا ئىگە قىلغانىدى. بارخانلار تىنىمسىز تىرمىشىپ، نېمىنىدۇر ئىزدەپ ئورنىدىن كۆچۈپ تۇراتتى. بىراق ئۇنىڭ ئۇچۇن كۇلگە ئوخشاش بوراندىن باشقا، مەۋجۇتسىزلىقتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. مەۋجۇتسىزلىق ئۇنى تېخىمۇ دولقۇنلىتىۋاتاتتى. مەۋھۇملۇق ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق قۇدرەت ئاتا قىلغانىدى. ئۇمىدسىزلىك ئۇنى ھەممىدىن كېچەلەيدىغان جاسارەتكە ۋە ۋەھشىيلىككە ئىگە قىلغانىدى. ئۇ ھەممىنى قۇرۇتۇۋەتمەكچى بولغاندەك دولقۇنلاپ يېيىلاتتى. قارىغۇلارچە، مەقسەتسىز، سەۋدايىلارچە ئەتراپقا ئۇرۇلاتتى. ئاھ! بۈيۈك مەۋھۇملۇق! . . .

خۇدا شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلۇغكى، ئۇ رېئاللىقتىن ھالقىغان، ھەم شۇنىڭ ئۇچۇن گۈزەلكى، ئۇ مەۋھۇم يەنى چەكسىز يىراقلىقتا. ئۇ سۆيۈشكە دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادەملەردىن بەكرەك تەشنا بولغاچقا، تەشنالىقى ئەڭ كۈچلۈك بولغاچقىلا ئۇنىڭ سۆيۈشلىرى ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە.

قىيامەتنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقە سېزىلىپ تۇرماقتا. نېمىلەردۇر بۇنىڭدىن بېشارەت بەرمەكتە. بىراق قىيامەتتىن بېشارەت بېرىپ تۇرغان ئىشلارنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەك قىيىن. گويا قىيامەتتىن ھېچقانداق بېشارەت يوقتەك تۇيۇلىدۇ. بىراق قىيامەتنىڭ يېقىنلاپ

كېلىۋاتقانلىقىنى ھەممە ئادەم سېزىپ تۇرماقتا. قىيامەت يېقىنلاشقاندا خرىستوس قايتىدىن دۇنياغا كېلىدىكەن. بەلكىم ئۇ دۇنياغا كېلىپ بولغاندۇ. بۇ دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقنى، مۇقەددەسلىكنى بايقاش ئىقتىدارى قەدىمكى زاماندىكىدەك مىسلىسىز كۈچلۈك ئەمەس. ھازىر ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ھېچنەرسە سىغدىلىپ كىرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى تىنىپ كەتكەن، تارىيىپ كەتكەن، يوقالغان، ۋەيران بولغان، خرىستوسنى قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى ئاۋاز ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىلەن لىق تولۇپ، پەقەتلا سىرتقا سېسىق بۇستەك بىقسىتىپ چىقىرالايدىغان، بىراق كىرگۈزۈلمەيدىغان بولۇپ قالغان. بەلكىم خرىستوس ئارىمىزدا ئۈن-تىنسىز ھالدا مۇقەددەسلىكنى ئاياغلىرىنىڭ يىرتىقلىرى ئارىلىرىغا يوشۇرۇپ ئاللىقانداق يەرلەردە سەرسان بولۇپ يۈرىدىغاندۇ. باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلالماي يۈرگىنىنى كۆرۈپ، سەۋر-تاقەت بىلەن كۈتۈپ-كۈتۈپ ھېرىپ قالغاندۇ، بەلكىم ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولغاندۇ. ئۇلۇغلۇقنى ھېچ كىشىنىڭ ئېتىراپ قىلماسلىقى سەۋەبىدىن ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئۆزىمۇ گۇمانلىنىدىغان، ھەتتا ئىشەنمەس بولۇپ قالغاندۇ. كىشىگە جان ئاتا قىلىدىغان سۆيۈشلىرىنىڭ قەدرىنى ھېچكىم بىلمىگەچكە باشقىلارنى سۆيۈپ تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىغا ئۆزىمۇ ئىشەنمەس بولۇپ قالغاندۇ. بەلكىم ئۆزىنىڭ خرىستوس ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەي يۈرگەندۇ.

كىم ئۇ كرېست شەكىللىك يولدا ئېزىپ يۈرگەن؟ تۆت

كوچا دوقمۇشىنىڭ كرېستقا ئوخشايدىغانلىقىنى ھەممە كىشى ھېس قىلىۋەرمەيدۇ. ھەممە كىشى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قا-راپ ئۇلارنىڭ تىزىلىشىدىن كرېست شەكلىنى ئىزدەۋەرمەيدۇ. ھەممە كىشىنىڭ ئەتراپتىكى نەرسىلەردىن كرېستنىڭ شەكلىنى ھېس قىلىشى ناتايىن.

خرىستوس ھېچ كىشى قوبۇل قىلالمايدىغان، بىراق ھەممە كىشى تەلپۈنىدىغان، مېھرى-مۇھەببەتكە ئوخشاش خىلۋەت ياشى-ماقتا. مۇھەببەتنى پەقەت مۇھەببەتلا قوبۇل قىلالايدۇ. بولۇپمۇ خرىستوسنىڭكىدەك ئىلاھىي سۆيگۈنى پەقەت ئەنە شۇنداق مۇقەد-دەس، قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ بولغان ئىلاھىي سۆيگۇ ئىگىسىلا قوبۇل قىلالايدۇ، بۇنداق ئىلاھىي سۆيگۈگە ئىگە بولغۇچى پەقەتلا خرىستوس. مانا بۇنداق مۇقەددەس سۆيگۈنىڭ يەككە-يېگانىلىقى مەسىھ بىلەن خۇدانى مەڭگۈلۈك بىر گەۋدە قىلىۋەتكەن.

مەن كرېست شەكىللىك يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر نەرسە بىلەن مىخلاپ قويۇلغاندەك ئېسەنگىرەپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدىم. بىراق خرىستوس كرېستقا مىخلانغاندا قىلچە ئىككىلەن-مەستىن، ئېسەنگىرىمەستىن يەھۋەگە قاراپ: ”ئاتا مېنى قو-لۇڭغا ئال!“ دەپ مۇراجىئەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ چېھرىدە ئۇ-لۇغلۇق، جان-مېھرى-مۇھەببەت چاقناپ كەتكەنىدى. يول بويىدا ئاستا كېتىۋاتىمەن. چۆل ھەدەپ ھۇۋلىماقتا. ئاسمان قىزىللىق-قا چۆمگەن. بۇ قىزىللىق ئاياللاردىن ئاققان خۇنغا ئوخشايدۇ. بەلكىم بىر بوۋاق قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

”سىزنىڭ مېنى ھېلىقىدەك ئەسەبىيلەرچە قىزغىنلىق بى-لەن ئىزدىشىڭىزنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەنگەن-

سىز ؟

ھېلىقى كۈنى مەن خۇدۇمنى يوقاتقۇدەك مەست بولۇپ كەتمىگەنىدىم (ئۇنىڭ تېنى شۇ قەدەر يۇمشاق، يېقىملىق ۋە ئىللىق بولۇپ ئۇنىڭ تىرىك ئايال ئىكەنلىكىنى، تېنىدە قاننىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭدىكى چەكسىز ۋە بۈيۈك ھاياتىي قۇدرەتنى نامايان قىلىپ تۇرغانلىقىنى سەزدىم. ئۇنىڭ پۈتۈنلەي مەست بولۇشىنى، ئۆلۈككە ئوخشاش ھېچنەرسىنى سەزمەسلىكىنى قولۇمغا ئۇرۇنۇۋاتقان يۇمشاق تەن ۋە ئىللىقلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلالماي قالدىم. ئۇ ھېلىلا نېمىلەرنىدۇر دەپ تاتلىق شىۋىرلاپ، ۋىلىقلاپ كۈلىدىغاندەك ئۇنىڭ لەۋلىرىگە قارىدىم. بۇ لەۋلەرنىڭ مىدىرلىشىنى ۋەھىمە، جىنايى تۇيغۇ ۋە ئۈمىد بىلەن كۈتتۈم. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. سۆيۈش تۇگۇل سۆزلەرمۇ مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، يەنە بىر ھېسابتا بۇنداق بولۇشى ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ يۇمشاق ۋە تولغان كۆكسىدىن قولۇمغا ۋە قولۇمدىن ئۇنىڭ كۆكسىگە چەكسىز شېرىن بىر سەزگۈ سىڭىشمەكتە. بۇ ئارقىلىق مېنىڭ ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى خۇدۇكسىنىش، ئۆزىنى ۋەيران قىلىش، ئۆزىنى ئىنكار قىلىش، ئۆزىدىن نومۇس قىلىش تۈپەيلىدىن تەن ئىچىگە كىرىۋېلىپ، يوشۇرۇنۇۋالغان جاننى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى تەپچىپ تۇرغان جان تەرەپكە چاقىرماقتا، بىراق ئۇنىڭ جېنى چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چىقماس بولۇپ يوشۇرۇنۇۋالغان). بىراق ئەنە شۇنداق ئۆلگۇدەك مەست ۋە بىھوش قىياپەتكە كىرىۋالدىم. مەن قاۋاقخانىدىن چىققاندىن كېيىن سىزنىڭ كەينىڭىزدىن چىقىد-

شىڭىزغا ئىشەنگەنىدىم. شۇڭا قاتتىق مەست بولۇپ ماڭالماي قالغان بولۇۋېلىپ، سىزنىڭ مېنى يۆلەپ مېڭىشىڭىزنى كۈتتۇم...“

سىز...سىز...تاتلىق بىر...چۈش كۆرۈشنى پەقەتلا خالىمامسىز؟ شېرىن چۈش كۆرۈشتىنمۇ قورقۇمسىز؟ مېنىڭچە بۇنىڭدىن قورقۇشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. چۈش پۈتۈن ئىنسانىيەتتىن، دۇنيادىن، رېئاللىقتىن خالىي ھالدا ئۇلۇغ غېرىبلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ نەزەرگە ئېلىنمايدىغان بىراق ئەڭ مۇقەددەس تەنھالىق. بىز چۈش مۇھىتىدىلا ئۆزىمىزنىڭ ئىنتايىن پاك ئىكەنلىكىمىزنى، ئۆزىمىزدىكى ھاياتىي قۇدرەتنىڭ جىنايەت بولماستىن، بەلكى گۈزەل لەززەت ئىكەنلىكىنى، دۇنيادا گۇناھلىق ئىشلارنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى سېزىپ يېتىمىز. چۈش بىزدىكى جان ۋە جان پەيدا قىلغان ھاياتىي قۇدرەتكە ئوخشاش ئىنسانىيەت ۋە رېئاللىقنىڭ كەچۈرگىسىز دۇشمىنىگە ئايلانمايدۇ. سىزنى ھېچكىشى نېمىشقا ئاشۇنداق چۈشنى كۆردۈڭ دەپ يۈزلىرىنى داپتەك قىلىپ تۇرۇپ، نومۇسسىزلارچە ئەيىبلىيالمايدۇ (باشقىلار سىزنىڭ نومۇسلۇق سىرىڭىزنى بايقاپ قېلىپ سىزنى ئەيىبلىسا خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتسىڭىز، ئۇ ”ئۆز ئىشىدىن ئاھانەت ھېس قىلدۇردۇم“ دەپ ئويلاپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەندە سىزنىڭ خىجىل بولىشىڭىز ئۆز سىرىڭىز ياكى قىلمىشىڭىزغا پۇشايمان قىلىشتىن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ سىزنى ئەيىبلەۋاتقان چاغدىكى سىزگە قىلچە تارتىنماستىن، نومۇسسىزلارچە قاراپ تۇرغان كۆزلىرىنى ۋە قىياپىتىنى كۆرۈپ، ئىنسانلاردىكى

بۇنداق نومۇسسىز ۋە بىنورمال ھاياجاننى كۆرۈپ تۇرۇشقا يۈزىمىزنىڭ چىدىماي قالغانلىقىدىن بولغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئادەملەرنىڭ كېسەل روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ تۇرۇش نەقەدەر ئېغىر-ھە! باشقىلار بولسا ئۆزىدىكى بۇ كېسەل ھالەتتىن پەخىرلىنىدۇ. ) . . . سىزنى چەتكە قاقالمايدۇ! —دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەستىن، —چۈش ئۈچۈن ھېچكىم سىزنى ئەيىبلىيالمايدۇ. چۈشنى ھېچكىم پۈتۈن جاھانغا ئاشكارىلىۋېتەلمەيدۇ! شۇڭا سىز شېرىن چۈش كۆرۈشلەردىن قورقمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئاھ، ئايال دېگەن ئۇنىڭدەك دەردمەن بولسا نەقەدەر سۆيۈملۈك-ھە! دەپ ئويلىدىم مەن. ئۇنىڭ دەرد بىلەن ئارىلىشىپ تېخىمۇ گۈزەل قىياپەتكە كىرگەن كۈلۈمسىرەشلىرى بەكلا تەبىئىي ئىدى.

ئىشىكنىڭ تۆشۈكىدىن قولۇمنى كىرگۈزدۈم. ئۇ ھاياتلىق ئىشىكنىڭ ھاياجىنىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق ئىشىك بىلەن قولۇم تېگىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، ھاياتلىقنىڭ، تىرىلىشنىڭ ئىشىكى شۇنچە يېقىن بولسىمۇ، دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتتىن يېقىن ھالدا خۇددى ۋۇجۇدۇمنىڭ (مېنىڭ) ئەزەلدىن بار بولغان بىر قىسمىدەك تۇيۇلسىمۇ، ھاياتلىق مەيدانى بەكمۇ يىراقتا ئىدى. ئىشىكنىڭ ئىچىلا چەكسىز قاراڭغۇلۇق، چەكسىز مەستلىك ۋە چەكسىز يىراقلىق بىلەن تولغانىدى. چەكسىز قاراڭغۇلۇق قوينىدا چۆل ھۇۋۇلىماقتا ئىدى. چۆلنىڭ ھۇۋۇلىغان ئاۋازىمۇ زۇلمەتلىك ۋە ئېچىنىشلىق، ئېغىر ۋە تاۋلىق ئىدى.

”هازىر دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنى ئېتىقاد، ئۈمىد ۋە مۇھەببەت، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۈيۈكى مۇھەببەت“[1] دېگەنىدى خرىستوس. قەدىمكى زامانغا تەۋە بولغان بۇ جۈملىلەرنى هازىر ھەممە كىشى چۈشەنگەندەك ھېس قىلىشىدۇ-يۇ، ئەيسانىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى يەنىلا ئاڭقىرالمايدۇ. سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ بارماقتا. ئۇلارنىڭ مەنىسى تىرىلىشكە ئەمەس ئۆلۈمگە ئاياغ باسماقتا.

ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى ۋە ئادەملەرنى بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ كېتىۋاتىمەن. ھېلىقى دالدا جاي ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئەمەستەك ھېچبىر تەرەپتە كۆرۈنمەيتتى. بۇ تار يولنىڭ چوڭ كوچىغا تۇتىشىدىغان يېرىدە بىر پوچتىخانا بار ئىدى.

ئادرېس.

خەت.

كونۋېرت.

ئادرېس.

... ... ...

خەتنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئادرېسى بار ئىدى. . . ئادرېس يوق. . . ئىسمىمۇ يوق، رېئاللىقتا مەۋجۇت بولۇشى مەۋھۇملۇققا تەڭ بىر ئېزىتقۇ، بىر قۇپقۇرۇقلۇق، بىر ئەرۋاھ دۇنيانىڭ قايسىدۇر بىر يېرىدە تۇرۇپ گۈزەل سىيماسى بىلەن مېنى مازاق قىلماقتا. . . ئادرېسى يوق دەپ ئۆزۈمنى ئازابلىغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى. بىراق ئۇنىڭ ئادرېسى بار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس،

---

[1] «روكا ئىنجىلى» 23-بابقا قاراڭ.

مەڭگۈ بولمايدۇ. ئۇ يىراق بىر يەرلەردە جىنايەتكارلارچە ياشاۋا-
تىدۇ.

ھاراقىنىڭ كۈچى تېنىم ئىچىدە ئۆركەشلىمەكتە. قاۋاقخانا
ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بارغانسېرى ئەۋج
ئېلىپ كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ،
بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، غاژىلدىغاندەك خۇنۇك ۋە سەت بىر ئاۋاز-
غا ئايلىنىپ كەتكەن. ئاۋازغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ چىرايلىرىمۇ
ئۆزئارا كىرىشىپ كەتمەكتە، ئارىلاشماقتا، بىر-بىرىگە ئۇيۇپ
كېتىدىغاندەك غۇۋالاشماقتا.

ئۇ زالدا بالېت ئۇسسۇلىنى رەپتىس قىلماقتا. يالتىراپ
تۇرغان ئاپئاق كىيىم ئۇنىڭ ھېچپىرىنى توسۇپ قالالمىغاندەك،
ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بارلىق گۈزەللىك قىپيالىڭاچ ھالدا سەھنىدە
لەرزان مۇزىكا رىتمى ئۈستىدە لەيلەپ تۇرىدۇ. ئۇ بەئەينى بىر
چىرايلىق ئاق قۇغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، سەھنىدە چوڭقۇر
خىيال بىلەن لەرزان ئەگىپ يۈرىدۇ. يەنە بىر ئەر كىشى بولسا
ئۇنىڭغا قاراپ گويا ئۇنى بالا-قازادىن قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى بولغان-
دەك قۇچىقىنى ئېچىپ تۇرىدۇ، ئۇ بىر رەسىم ياكى ھەيكەل.
ئۇ لەرزان پىرقىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ
تۇرغان ئەر كىشىنىڭ يوتىسىغا بىر پۇتى بىلەن دەسسەپ چىقىپ
يەنە بىر پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ تۇرماقچى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ
چىرايى بەكمۇ مۇڭلۇق ۋە خىيالچان ئىدى. مۇزىكا توختاپ
قالمىدى (قاۋاقخانىنىڭ ئىچى تاماكا ئىسى بىلەن لىق تولغان-
دى. ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇرغان مۇزىكا ئاۋازى كىشىلەرنىڭ
ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ بەكمۇ تەستە

ئىدراك قىلغىلى بولاتتى. ئۇنى باشقا ئاۋازلا ئەمەس، كىشى ھەتتا ئىس بىلەنمۇ ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ قالاتتى. بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگىنى مۇزىكا، ئۆزلۈكسىز ۋاڭىلداپ تۇرغىنى تاماكا ئىسىدەك ياكى بارلىق ئاۋازلار قويۇق تاماكا ئىسىغا ئايلىنىپ كېتىپ بارغاندەك تۇيۇلاتتى. تاماكا ئىسى ۋە ئاۋازلار ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى تۇتۇقلاشتۇرۇپ بارماقتا ئىدى) . ياكى مۇزىكىنىڭ رىتىمىدىمۇ بىرەر بۇزۇلۇش كۆرۈلمىدى، بىراق ئۇ پىرقىراپ كېلىپ ھېلىقى ئەر كىشىنىڭ بىر پۇتى بىلەن تىزلانغان ھالدا يەنە بىر پۇتىنىڭ گورىزونتال ھالەتتە مەزمۇت تۇتۇپ تۇرغان تىزىغا توغرا دەسسىيەلمەي قالدى-دە، يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. رېژىسسور كېلىپ ئۇنى غەزەپ بىلەن تىللىدى، مەن ئۇنىڭ مېنى كۆرۈپ قالغىنىنى بايقىدىم.

مەن چوڭ كوچىغا چىقماي ئارقامغا يېنىپ ھېلىقى تار كوچىلارنى يەنە كېزىشكە باشلىدىم.

ئاستا قەدەم بېسىپ كېتىۋېتىپ بىر كىملەرنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا بىر-بىرىنى ۋارقىراپ تىللىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ئۆرۈلۈپ قارىدىم. كىشىلەر بىردەمدىلا ئۇلارنى ئورۇۋېلىشتى. ئۇلار ئادەملەردىكى پارتلاپ كەتكەن بۇ قىزغىنلىقنى خۇددى مەۋجۇت بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان بىر ئىش يۈز بەرگەندەك ياكى ئاجايىپلا غەيرىي كېسەللىك ھالىتىدىكى بىر ئىشنى كۆرۈۋاتقاندەك، باشقىلارنىڭ ھاقارەتلىك ھالىتىدىن، پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىدىن لەززەت ئېلىپ ئۇلارنىڭ مۇشتلىشىشىنى تاماشا قىلماقتا. . .

شۇ تاپ مەن ئۈچۈن ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى مەۋجۇت ئەمەس

ئىدى. ۋاقىت يۇندىغا ئوخشاش بىر ئازگالغا يىغىلىپ قالغانىدى.

هاراق مېڭەمدە ئۆركەشلىمەكتە، خىياللىرىم قېتىپ تاشقا ئايلىنىپ سانسىزلىغان شېغىل تاشلاردەك ئۇنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە ئاستا چۆكۈپ، ئىزسىز يوقىلىپ بارماقتا... بارغانسېرى ئۇششاقلىنىپ، تۇتۇۋالغىلى بولمايدىغان هالدا مېڭەمدىن يالت-يۇلت قىلىپ ئۆتمەكتە. هاراقنىڭ ئۇچىيىمنى ئاچچىق كۆيدۈرۈپ ماڭغان هەرىكىتى سۇسلاپ يوقاپ كەتتى. بۇ خىل تۇيغۇ پۈتۈن بەدىنىمنىڭ هەممە يېرىدە تېپچەكلەپ تۇرغان هاراقنىڭ دولقۇنى ئىچىگە غەرق بولۇپ بېسىلىپ قالغاندۇر بەلكىم. ئۆتمۈش، كېلىچەك، ۋاقىت دېگەن نەرسىلەرنىڭ هەممىسىنى سەزگۈ ئەزالار توقۇپ چىقىرىپ، روهنى تېنىمىسىز مازاق قىلىپ كەلگەن. ئەمدىچۇ؟ بارلىق سەزگۈ ئۆز ئارا ئارىلىشىپ كەتكەن، بىر-بىرىنى يەپ كەتكەن. سەزگۈلەر پەيدا قىلغان بارلىق ئۇقۇملارمۇ، ئۆلچەملەرمۇ ئۆز ئارا كىرىشىپ، يېيىشىپ كەتكەن، ئاخىرىدا هېچنەرسە قالمىغان. مەندە هازىر بار بولغىنى پەقەت هاراقنىڭ ئاغزىمنى كۆيدۈرۈپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، بوغۇزۇمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك هالەتتە تۇيۇلسىمۇ ئەمەلىيەتتە شىددەتلىك دولقۇنغا ئايلىنىپ مېڭەمگە لەيلەپ چىقىشىدىنلا ئىبارەت.

مېڭەمدە هاراقنىڭ بوغۇنۇقۇپ شىڭىلداۋاتقان ئاۋازى ئۇزۇلمەي ياڭرىماقتا.

ئالدىمدىكى هاراق ۋە قورۇملار قويۇلغان شىرە ئېغىرلىشىپ بارغان بېشىمنى ئۆزىگە تارتماقتا، شىرەنىڭ بىر تەرىپى

ئاسمانغا ھەدەپ كەينى-كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ شىرە ۋە ئۆي، ئەتراپىتىكى شىرەلەرنى چۆرىدەپ قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشقان كىشىلەر ھەم ئۇلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىمۇ ھېلىلا ئۆرۈلۈپ كۆمتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك يانتۇلاشماقتا، ئۇدۇلدىكى تامدىكى مەنزىرە رەسىملىرى كۆز ئالدىمدا ئۇچۇپ يوقىلىپ، يەنە ئورنىدا پەيدا بولۇپ، يەنە كۆككە چاچراپ چىقىپ كېتىپ يەنە ئۆز ئورنىدا كۆرۈنۈپ كۆزلىرىمنى ئالىچەكمەن قىلاتتى. بېشىم بەكمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇششاق-چۇششەك خىياللار بېشىمنى ھال-سىرىتىۋەتكەنىدى. بېشىمنى بىرنەچچە رەت كۇچەپ يۇقىرى كۆتۈردۇم، بېشىملا بەك ئېغىر ئىدى، باشقا يەرلىرىم بولسا مەندىن ئايرىلىپ كەتكەندەك ياكى يوقتەك ۋە ياكى بىر تال سىزىقتا ياكى لىپىلداپ تۇرغان بىر نەچچە تال نېرۋىغا ئايلىنىپ قەيەرلەردىدۇر لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلاتتىم. مېڭىدىنىلا قۇتۇلماق تەس ئىدى، ئۇ باشقا ئەزالارغا ئوخشاش يىراقلىشىپ مەۋھۇملىشىپ كەتمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭدىكى خىياللار بەكمۇ زور ۋە ئېغىر ئىدى.

ئالدىمدىكى قۇرۇقدىلىپ قالغان سىگارىت قېپىنى يىرتىپ بىر پارچە قەغەز شەكلىگە كىرگۈزدۈم-دە، ئاندىن قەلەمنى ئال-دىم. . .

بېشىم ئاخىر شىرە ئۈستىگە چۈشۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىردەم ئارام ئالغاندەك بولدۇم، بېشىمنى شىرە ئۈستىگە قويۇ-ۋالغاندىلا ئۆزۈمنىڭ ھېرىقىپ ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكىمنى، قامىشىپ ئۈيۈپ قالىدىغاندەك تۇرغان كاللامنى كۆتۈرۈپ تۇ-رۇش ئۈچۈن ھېلىلا كۈچىگىنىمنى ھېس قىلدىم. مېڭەمدىكى

زىڭىلداپ تۇرغان ئۇتتەك قىزىق ھەم بوغۇق سادانى تىڭشاپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ يەنە بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئالدىمدىكى قەغەزگە قارىدىم.

”يېشىغا ماس كەلمەيدىغان دەردكە ئىگە يىگىت، سىزگە سالام. ئىزدەپ كەلسەم يوق ئىكەنسىز، بۇ خەتنى قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتىم. . .“

بۇ خەتنى نېمىشقا يېزىپ قويدۇم، بىلمەيتتىم.

ئۇنىڭ ئادرېسى.

ناتونۇش بىر شەھەر كوچىلىرىدا كېزىپ يۈرەتتىم. مىژىلداپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدا قاينام-تاشقىنلىق مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى، ئۇلار قايناپ، ئېرىپ، بىر-بىرىگە قانۇنىيەتسىزلا سىڭىشىپ بارماقتا ئىدى. ئۇلارغا قاراپ گاللىرىمنىڭ قۇرۇپ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى، بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى سېزەتتىم.

بۇ پۈتۈنلەي ناتونۇش باشقا بىر شەھەر ئىدى، مەن بۇ يەرگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغانىدىم. مەن بۇجايدىمۇ يەنىلا ھېلىقى دالدا يەرنى ۋە ئۇ يەردىكى غۇۋالىقنى، سۇس تەسىراتنى ئىزدەپ يۈرەتتىم. مەن ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدىم. بىراق بۇ بەكمۇ ئېچىنىشلىق سۆيۈش ئىدى. بىر ئادەمنىڭ سۆيۈشنى ئۆزى يالغۇز ئېلىپ بېرىشىدىنمۇ بىچارىلىق بارمۇ-ھە!

يولدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. يۈرىكىم شىددەتلىك سېلىپ، تېنىم ئىچىگە سىغماي قالدى، ئاۋاز چىققان تەرەپكە چۆچۈپ قارىدىم، ئۆنىڭ ئاۋازىنى پەقەت ۋە پەقەت ئاشۇ بىر قېتىملا ئاڭلىغان بولسامىمۇ دۇنيادىكى

ھەرقانداق ئاۋازدىن بەكرەك تونۇش ئىدى، ھاياتتا بەلكىم پەقەت مۇشۇ ئاۋازلا مەن ئۈچۈن بىردىنبىر تونۇش ئاۋازدۇر.

ئۇ مەندىن ئىككى-ئۈچ مېتىر يىراقلىقتا پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە گۈزەللىكى بىلەن مەۋجۇت ھالەتتە تۇراتتى. بەكمۇ جىددىيلە-شىپ كەتكىنىمدىن قۇرۇپ كەتكەن ئېغىزلىرىم ھەرىكەتلىنەل-مەي، ئۇنى چاقىرغاندا ئاۋازىم چىقمايلا قالدى، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم، باردىم-دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ قاراشلىرى بەكمۇ ناتونۇش ئىدى. دەسلەپ قاراشلىرىلا ناتونۇش-تەك بىلىندى. بىراق ئۇنىڭ كۆزى بىلەن كۆزۈم ئۇچرىششى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ ھەممە يېرى ناتونۇش بىلىنىپ كەتتى. ھېلىلا ئۇنىڭ زادى قەيەرلىرىنى تونۇش ھېس قىلغىنىمنى بىلەلمەي قالدىم. ھېلىلا ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن باشقا تونۇش ئەمەس ھېچ-يېرى يوق ئىدى، ئەجەبا ئۇ بىردىنلا. . . بىراق نېمىلا بولمى-سۇن ئۇ شۇ ئىدى. ئۇ بەدىنىمنىڭ بارلىق بۇلۇڭ-پۇچقاقلى-رىدىكى سەزگۈلەرگىچە تونۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى مۇز پارچىسىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ قىپقىزىل بويالغان سۇزۇك لەۋلىرى مۇز ئۈستىدىكى قىزىل گۈلدەك جۇلا-لاپ تۇراتتى.

—سالامەتمۇ سىز؟ ئاخىر سىزنى تېپىۋالدىم، —دېدىم تىتى-رىگەن ئاۋازدا بوغۇلۇپ تۇرۇپ.

—يىگىت، خاتا تونۇپ قېلىۋاتامسىز نېمە؟

—ياق سىزنى تونۇيالمىسام كورمەن.

دۇنيادا سۆيۈشكە ئەرزىگۈدەك نېمە بار؟ دۇنيادا سۆيۈشكە ئەرزىگۈدەك ھېچنەرسە بار بولمىغاچقا ئېيسا (خىرىستوس) ئى-

لاھىي شەخسكە ئايلانغانىدى. ئەيسا ئۇ بارلىق ئىنسانلارغا مې-ھىر-مۇھەببىتىنى ياغدۇرغان، ھەممە بەندىنى سۆيگەن. بىراق ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە سۆيگۈسىنىڭ قەدرىگە يېتىشى كېرەك بولغان بەندىلەر ئۇنى كرېستقا مىخلاپ ئازابلىغاچقا، ئۇ ئىلاھ بولغان. "قەلبىدە سۆيگۈ بولمىغان كىشىلەر ئىلاھنى تونۇيالماي-دۇ. چۈنكى ئىلاھ دېمەك سۆيگۈ دېمەكتۇر."[1] چۆل ھۇۋۋلىماق-تا. بۇ يەردە ئىلاھ يوقالغان. ئىلاھسىزلىق چۆلنى ھۇۋۋلاتماقتا. خرىستوس باشقىلارنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن سۆيۈپ قويۇپ، ئىلا-ھىي نەپىسىنى ئۆلارنىڭ كېرەكسىز، ئۆلۈك تېنى ئىچىگە كىر-گۈزگەن. بۇ يەردە سۆيگۈچى پەقەت خرىستوسلا بولۇپ، باشقىلار ئۇنى سۆيمىگەن. چۈنكى خرىستوس سۆيۈپ قويغاندا ئۇلار مۇردا ئىدى-دە!

—سىزنى تونۇيالماسلىقىم مۇمكىنمۇ؟—دېدىم مەن.

—كەچۈرۈڭ، مەن سىزنى زادىلا تونۇمايمەن!—ئۇنىڭ ئا-ۋازى كەسكىن ھەم تەبىئىي ئىدى، خۇددى راست سۆزلەۋاتقان-دەكلا تۇيغۇ بېرەتتى.

ئۇ مېنى تونۇمايتتى. چۈنكى سۆيۈش ماڭىلا تەۋە ئىدى. سۆيۈش پەيدا قىلغان لەززەت پەقەت مېنىڭ تېنىمدىلا بار ئىدى. ئۇنىڭ قولىقى ئۆزىنى سۆيۈۋاتقان كىشىنىڭ جىددىيلىشىپ بې-رىۋاتقان تىنىقىنى ئاڭلىمايتتى. كۆزلىرى خىلۋەت ھاياجاننى كۆرمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئۆلۈك ئىدى.

—مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

---

[1] «يۇھاننامە» 4-باب 8-ئايەت.

—بىر جايدا كۆرگەن بولسام ئاندىن ئۆنتۈپ قالغان بولما-
دىم؟ كۆرمىگەن ئادەمنى ئۆنتۈپ قېلىش دېگەن ئىشمۇ مەۋجۇت
بولامدۇ؟ سىزنى ئۆمرۈمدە هازىرلا كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. شۇڭا
ئۆنتۈپ قېلىشىمغا ئەمدىلا شەرت هازىرلاندى، شۇنداقمۇ؟

ئۇ شارتتىدە بۇرۇلۇپ مېڭىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ يەلكى-
سىگە يېيىلىپ چۈشكەن چاچلىرىنىڭ (مەن بۇ چاچلارنى هەقى-
قەتەنمۇ سىيلىغاندىم. بىراق ئۇنىڭ چاچلىرى مەن سىيلاپ
باققاندەك ئەمەس ئىدى. چۈنكى مېنىڭ سىيلاشلىرىم، جىددىي-
لىشىشلىرىم، هاياجانلىرىم پەقەت بارماقلىرىم ئۇچىدىلا يوقال-
غان، چەتكە قېقىلغان ۋە دەپسەندە قىلىنغانىدى) ئوينىشىغا
قارىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم.

قاۋاقخانا ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭ
ئاۋازلار مەندىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. مەن
بېشىمنى قويۇۋالغان شىرەنىڭ پۇتلىرىنىڭ ئاسمانغا بولۇپ قال-
غىنىنى، يەرنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى
هېس قىلدىم.

ئۇ يەنە شۇ تونۇش، يېقىملىق ۋە چاقناپ تۇرغان كۈلكىسى
بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا:

—چۈشىڭىزدىكى ئادەمنى رېئاللىقتىن ئىزدەپ ئاۋارە بول-
ماڭ، بۇ ئەخمەقلىق، دەردمەن، كېسەل يىگىت، —دېدى.

... ...

چۈش مۇهىتىدا ئايان بولغان نەرسىنىڭ ئۆلۈك بولۇشى
ناتايىن، ئەگەر ئۇ ئۆلۈك بولغان بولسا چوقۇم ئۇنىڭ جەسىتى
بار بولاتتى.

. . .   . . .

ھاراقنىڭ كۆچى بەدىنىم ئىچىدە چۆلنىڭ قارا بورىنىدەك شىددەت بىلەن ھۆركىرىمەكتە. بارلىق سەزگۈلىرىم بوران ئىچىدە جانسىز پۇلاڭلاپ قالغان ۋە مەندىن يىراقلاپ كەتكەن.

چۆل بىر جەسەت، جانغا ئېچىرقاپ كەتكەن جەسەت. ئۇنىڭدا جان يوق بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە بوشلۇقتىن، مەۋھۇملۇقتىن جان سورىماقتا.

كۆيدۈرگۈچ ئۆلۈمنىڭ تەپتىدە دولقۇنلاۋاتقان چۆلنىڭ قۇم دولقۇنىغا تامامەن غەرق بولغانىدىم. مېڭەمدىكى زىڭىلدىغان ئاۋاز چۆلنىڭ قانسىرىغاندەك ھۆركىرىشى بىلەن ئارىلىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مەن ياۋۇز قۇم دولقۇنى ئۈستىدە گاھ لەيلەپ، گاھ چۆكۈپ پايانسىز مەۋھۇملۇق قوينىغا قاراپ كېتىۋاتماقتىمەن. . .



# كېسەل

پوۋېستتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە روھىي ماھىيەت مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتى، يەنى رېئاللىق بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ نورماللىق دەرىجىسىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى بولدى. ھازىر ھەممە نەرسە يالىڭاچلانماقتا، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يالىڭاچلانماقتا. ھازىر جىنس توغرىسىدا ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا مۇھاكىمىلەر بولۇۋاتىدۇ، تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇرۇن بۇ سىرلىق نەرسىلەر ئىدى. ئاياللارنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملەرمۇ بارغانسېرى نېپىزلىشىپ ۋە شالاڭلاپ، ئۆز بەدىنىنى بۇرۇنقىدەك بەكمۇ يوشۇرۇپ كەتمەس بولدى. بۇ—بىر يۈزلىنىش. بۇ—بىر دەۋرنىڭ تامغىسى. مانا مۇشۇنداق دەۋردە، ھەممە نەرسە يالىڭاچلىنىۋاتقاندا سىمۋول ۋە يوشۇرۇن بېشارەتلەرنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئەسەردىكى يەنە بىر مەسىلە: رېئاللىق بىلەن يۈكسەكلىك ئوتتۇرىسىدا تىنماتالاڭ بولۇش. مەن ئەسىرىمدە مۇنداق بىر تراگېدىيىنى، يەنى يۈكسەكلىك بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى چەكسىز تېڭىرقاشنى ئىپادىلەشكە تىرىشتىم. ئەسىرىمنىڭ بېشىدىلا ”رېئاللىقتا ھېكايە مەۋجۇت

ئەمەس!“ دېگەنىدىم. شۇڭا ئەسەردە بىر پۈتۈن مۇكەممەل ھېكايە ۋەقەلىكى يوق. چۈنكى رېئاللىقنىڭ ئۆزىلا پارچە-پۇرات ۋە باش-ئاخىرى يوق. ئەسەردىكى پېرسوناژلارمۇ مۇكەممەل ئادەملەر ئەمەس، ئۇلارمۇ خاراكتېر جەھەتتىكى پارچىلىنىشنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا مەن ئەسىرىمدە باشتىن-ئاخىر رېئاللىقنىڭ قانداقلىقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېتىراپ قىلدىم. رېئاللىقتىكى چەكسىز پارچە-پۇراتلىقلارنى قايتا-قايتا ئەسكەرتىپ تۇردۇم. ئادەمنىڭ ياشىشى ئۈچۈن يۈكسەكلىك بولمىسا بولمايدۇ. كىشىلەر پارچە-پۇرات رېئاللىقنى ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك خىياللىرى بىلەن تولۇقلاپ مۇكەممەل قىياپەتكە كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ. شۇڭا ئەسەرنىڭ بايان شەكلىمۇ قوش خاراكتېر كېسىلى قۇرۇلما قىلىندى.

«كېسەل» دىكى پېرسوناژ ”مەن“نىڭ كەچۈرمىشىمۇ ناھايىتى ئاددىيلا، باش-ئاخىرى يوق بىر ئىشلار. ”ئۇ“نىڭ كەچۈرمىشلىرىمۇ ھەم شۇنداق. ئۇلار ئاخىرى ”سەن“ دېگەن يەنە بىر پېرسوناژنى يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ، بىراق بۇ پېرسوناژ يالغان. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاپتورمۇ ئىلاجىسىز رېئاللىق بىلەن يۈكسەكلىك ئارىسىدا تىتماتالاڭ بولىدۇ.

## —ئاپتوردىن

ھەممە نەرسىنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتمەكتە ئىدىم.

ئەمدى ھېچنەرسە قالمىغانىدى.

ھاياتتا ھېكايە مەۋجۇت ئەمەسلىكى ئىسپاتلانماقتا ئىدى. بۇنىڭدىن ئازابلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئازابلىنىش بىلەن ھېكايە بارلىققا كەلمەيدۇ، ئاغىنەم ئىككىمىز كۆپ باش

قاتۇرۇپ خېلى تەستە بىر ھېكايىگە قول تىققانىدۇق. ئاغىنەم دەل مېنىڭ ئويلىغىنىمدەكلا بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرلىشىپ بولغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

—گەپتە زادىلا يېقىن كەلتۈرمىدىمۇ؟ —دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن ھەيران قالغان قىياپەتتە. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك ھېچنېمىسى يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭ ماڭا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەتتىم. مەن بۇنداق جاۋابلارنى تولا ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەنىدىم. نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلسەممۇ يەنىلا جاۋابىنى ئاڭلايتتىم. بىرەر قىزغا سۆيگۈ ئىزھار قىلسام ياكى باشقا بىراۋلارنى ئارىلىقتا ماڭدۇرۇپ باقسام نېمە ئۈچۈندۇر دائىم تەبىئىيلا ھالەتتە، ئۇنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. بارلىق ئېھتىماللىقلارنىڭ ھەممىسىنى كاللامدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزەتتىم. تەلەپ قويۇشتىن خېلى بۇرۇنلا چوقۇم رەت قىلىنىدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە قانداقتۇر بىر ئۈمىدنىڭ تۈرتكىسىدە شۇنداق قىلغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. مەغلۇبىيەت دائىم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئەگەر ھەيران قېلىشقا توغرا كەلسە تەكلىپىمنىڭ تاسادىپىي رەت قىلىنماي قېلىشىنى كۆرگەندە ھەيران قالسام بولاتتى. پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكىنى شۇ بولسا كېرەك.

—زادىلا يېقىن كەلمىدى، —دېدى ئۇ.

—ئۇنداق بولسا بوپتۇ، بۇ ئىشنى قايتا ئېغىزغا ئالمايلى، ۋاي ئاناڭنى. . . جالاپ! ئۆزىگە لايىقتىن بىرنى تېپىۋالسۇن، —دېدىم مەن چاندۇرماستىن. ئۇ مېنى چوقۇم ئازابلىنىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ئېچىنىش بىلەن قاراپ قويدى.

ئۇنىڭ بۇ قارشىدىن ئەلەم ھېس قىلدىم-دە، خىيالىمغا كىرىپ چىقمىغاندەك، بۇ ئىشلارنى چاقچاقتەك ھېس قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرۈتتۈم. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن خۇشال-خۇرام بىللە يۈرگىنىمنى، ئۆيۈمگە كېلىپ تاماق ئېتىپ بەرگەنلىرىنى، تۇرمۇشۇمدا بىرنەچچە كۈن ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئىللىقلىقنى ھېس قىلغانلىرىمنى، ھازىردىن باشلاپ بۇلاردىن تامامەن مەھرۇم بولغانلىقىمنى ئوي-لاپ، يۈرىكىم ۋىژىلداپ ئېچىشىۋاتقان بولسىمۇ، يۈزۈمگە كۈل-كە يۈگۈرتۈشكە ھېچقانچىلىك كۈچ سەرپ قىلمىدىم. بارلىق ئازاب يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئۈن-تىنسىز سىڭىپ كىرىپ كېتىۋېرەتتى. يۈرىكىمنىڭ ئازابنى قوبۇل قىلىش ئىق-تىدارى بارغانسېرى ئېشىپ بارماقتا ئىدى. يۈرىكىمنى چەكسىز چوڭىيىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ھەرقانداق چوڭ ئازاب-مۇ دېڭىزغا تاشلانغان تاشتەك يۈرىكىمنىڭ تەكتىگە ئۈنسىز شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىۋېرەتتى. ھېچنەرسە بولمىغاندەك يۈرۈۋې-رەتتىم. دەسلەپكى چاغلاردا كىچىككىنە دەردلەرمۇ يۈرىكىمگە پاتماي، باشقىلاردىن قىلچىمۇ يوشۇرالماي قالاتتىم. يوشۇرۇشقا شۇنچە تىرىشقان بىلەنمۇ بىكار ئىدى. ھەممىنى خىيالىمدىن جېنىمنىڭ بارىچە نېرى قىلىۋېتىپ، يۈزۈمگە كۈلكە يۈگۈرۈت-سەممۇ باشقىلار يەنىلا نېمە بولغانلىقىمنى سورايتتى. ھېچنەرسە بولمىدىم دېسەم ھېچكىم ئىشەنمەيتتى. بىراق ھازىرچۇ؟ ھازىر كۆڭلۈمدىكى ئازابنى يوشۇرۇشقا ماھىر بولۇپ كەتكەنىدىم. ھەرقانداق ئازابنى باشتىن كەچۈرۈپمۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك قىياپەتتە كىرىۋالالايتتىم. يالغاندىن كۈلۈمسىرەپ قويغان چاغ-

لىرىمدا چىرايىممۇ راستتىنلا كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرسە كېرەك، ھېچكىممۇ مېنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى بايقىۋالالمايتتى، ھەتتا ئۆزۈممۇ بايقىۋالالمايتتىم. يالغاندىن كۈلۈمسىرەشكە زورۇقۇشمۇ كەتمەيتتى. ئۆزۈمنى شۇنچە ئەركىن-ئازادە ۋە خۇش چاقچاق قىياپەتكە كىرگۈزەتتىمكى، ھەتتا ئۆزۈممۇ ئۆزۈمنىڭ يالغاندىن كۈلۈمسىرىگەن قىياپەتكە كىرىۋالغانلىقىمنى ھېس قىلالماي، ئۆزۈمنى راستتىنلا ئازاب ھېس قىلمىغان بولسام كېرەك دەپ ئويلاپ قالاتتىم. مەن بۇنداق ھالەتكە ئادەتلىنىپ كەتكەنىدىم، بەلكىم ئۆزۈمنى ھەقىقىي خۇشال ھېس قىلغان چاغلىرىمدىكى ھالىتىممۇ ئاشۇنداق ئادەتنىڭ نەتىجىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

دوستۇم روھىي ھالىتىمنى كۆزەتكەندەك بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن كەسكىنلىك بىلەن ئېيتتى:

—ياق، بۇنداق دەپ ئۈزۈۋەتمە، ئۆزۈڭ بىرەر قېتىم تەپسىلىي پاراڭلىشىپ باق. بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى قارارى بولۇشى ناتايىن، سەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولساڭ بىر مەزگىل قوغلاپ باقمامسەن؟ مەن چاقچاق قىلغاندەكلا دەپ قويغان گەپكە ئۇ ئېنىق ئىپادە بىلدۈرۈپ، سەن بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتسا بولامتى؟! قىز بالا دېگەن ئەنە شۇنداق بىر مەزگىل ناز قىلىپ باقىدۇ، ئۇنى-بۇنى دەپ باقىدۇ، ھېچقانداق بىر قىز ئۆزىنى سەن ئويلىغاندەك ئىتتىك تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ.

—بولدى، ئۇنى قوغلىغۇم يوق، قوغلاپ يۈرگۈدەك ئاشىقمۇ بولۇپ كەتمىدىم. قوغلاشقىنىمنىڭ پايدىسىمۇ يوق. ئەگەر قوغلاش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان بولسا ئۇ ھېچ بولمىغاندا

گەپنى ئۇنداق ئۇزۇۋەتمەيتتى. مەن نۇرغۇن قىزلارغا مۇھەببە-
تىمنى ئىزھار قىلىپ باققان. ھەممىسى تەلىپىمنى رەت قىلسا
ھامان خۇددى ئۇلار مېنىڭ ئۆزلىرىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدى-
غان-كۆرمەيدىغانلىقىمنى، مېنىڭ مۇھەببەتتىكى ئىرادەمنى سى-
ناپ بېقىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، ئۇلار-
نىڭ رەت قىلغان سۆزلىرىنىڭ راست سۆز ئىكەنلىكىگە ئىشەن-
مەي، ئۇلارنى مەجنۇنلارچە ئىشتىياق بىلەن قوغلىشىپ يۈرگە-
نىمنى يادىمغا ئالسام نومۇس قىلىمەن،—دېدىم مەن. ئاندىن
گەپنى چورتلا ئۈزۈۋەتتىم،—بولدى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى تىلغا
ئالمايلى!

مانا بىر قېتىملىق مۇھەببەت كەچۈرمىشىم مۇشۇنداق ئا-
خىرلاشتى. خۇددى باشلانماي تۇرۇپلا ئاخىرلاشقان ھېكايىدەك
مېنىڭ تۇرمۇشۇم ناھايىتى ھۆرۈن بىر ئەدەبىي ھەۋەسكارنىڭ
دائىم بېشىنى باشلاپلا ئاخىرىنى يېزىشقا خۇشياقماي تاشلاپ
قويىدىغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرىنىڭ قالايمىقان دۆۋىسىگە نې-
مىدېگەن ئوخشايدۇ-ھە! تۇرمۇش دېگەندە ھېكايە مەۋجۇت ئە-
مەس، بولۇپمۇ مەن كىشىلەرنىڭ كەچمىشلىرىنىڭ بارلىقىغا
ئىشەنمەيمەن، ھايات ئۈزۈن بىر تال ئارغامچا ئەمەس، بەلكى
ئۈزۈك-ئۈزۈك سانسىزلىغان كىچىككىنە يىپلاردىن توقۇلغان
تور. بىز ئاشۇ تور ئىچىدە بېلىققا ئوخشاش تېپىرلايمىز، ئۆزى-
مىزنى ھەريان ئۇرۇپ باقىمىز. بۇ تور بىزگە ئاجايىپ قورقۇنچ-
لۇق بولۇپ تۇيۇلىدۇ. تور ئەمەلىيەتتە نۇرغۇنلىغان ئۈششاق
يىپلارنىڭ بىر-بىرىگە گادىرماچ چىگىلىشىدىن شەكىللەنگەن.
بىز ئادەتتە باشلانماي تۇرۇپلا ئاخىرلاشقان، كەچۈرمىش ھالىتى-

گىمۇ كىرمىگەن، قايتا ئەسلەشكىمۇ ئەرزىمەيدىغان، ھاياتىمىز-
دا خۇددى يۈز بەرمىگەندەكلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۇششاق ئىشلارنى
گويا ئۇزۇك-ئۇزۇك يىپلارنى كۆزگە ئىلمىغاندەك كۆزگە ئىلماي-
مىز. بىراق ئۇ بىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمىزنى شەكىللەندۈرگەن،
بىزنىڭ كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغىنى ئەنە شۇ ئۇزۇك يىپ-
لار. . . مەڭگۈلۈك ۋە چەكسىز كۆپ ئۇزۇك يىپلار. . .

تۇگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ھەر دەقىقە ھېس قىلىپ تۇ-
راتتىم. ئاشۇ كۈنى دوستۇم تونۇشتۇرغان قىزنىڭ جاۋابىنى
ئاڭلاپ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنداق ھېسسىياتقا كەلدىم.
چۈنكى قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ زادىلا ئازابلانمىدىم، يۈرىكىم
كىچىككىنە ئېچىشقاندەك قىلغان بىلەن، يېرىم سائەتتىن كې-
يىنلا ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. ئەتىسى چۈشتە ئاشۇ قىز يەنە
بىر قېتىم ئۇچراپ قالمىغان بولسا، ئۇنى قايتا يادىمغا ئېلىشىم
ناتايىن ئىدى. كوچىدا ئاشۇ قىزنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالغاندا
بىردىنلا قەلبىمنى تۇگىشىپتىمەن-دە! دېگەن خىيال چۇلغىۋال-
دى. تۇگىشىش توغرىسىدىكى بۇ خىيالمۇ ھېچقانداق ئازابلىق
ئەمەس ئىدى. خۇددى ماتېماتىكىدىكى مەلۇم بىر تەڭلىمىنىڭ
يېشىلىشىدەكلا، ھېسسىيات بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بول-
غان، ئەقىل ئارقىلىق چىقىرىلغان بىر يەكۈن ئىدى. ئەگەر
ئۇنى كۆرگەن چاغدا ئازابلانغان بولسام ”تۇگىشىپتىمەن-دە“ دەپ
ئويلىمايتتىم. مېنىڭ تۇگەشكەنلىكىم مەغلۇبىيىتىمدىن ئازاب-
لانمىغانلىقىم ئىدى.

قىزغا پەرۋاسىزلا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتىم. قەلبىم
قۇپقۇرۇق بوشلۇقتا ياكى تېگى يوق ھاڭغا ئايلانغانىدى. بۇ تېگى

يوق ھاڭدا نە سۆيگۈ، نە مۇھەببەت ئازابى مەۋجۇت ئەمەستەك
قىلاتتى. مەن ئۇنى كۆرگەندىلا ئۇنىڭ قەلبىمدىن پۈتۈنلەي ئۆ-
چۈپ بولغانلىقىنى، ئۇنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىمنى ھېس
قىلدىم. ئۇنى كۆرمىگەن بولسام بەلكىم ئۆزۈمنىڭ ئۇنى ئۇنتۇپ
كەتكەنلىكىمنىمۇ بىلمىگەن بولاتتىم. ئۇ ماڭا قاراپ زورۇقۇپ
سۇسقىنا كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئۇنىڭ بۇنداق كۈلۈمسىرىشى
خۇددى بىر ھەيكەلگە ياكى يول بويىدىكى تاشلىنىپ ياتقان بىرەر
پارچە كېسەككە قاراپ كۈلۈمسىرەشتەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ-
نىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ كۈلگۈم كەلدى، بىراق كۈلمىدىم.
كوچىدىكى سانسىزلىغان ئادەملەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋات-
قان چاغدىكىدەك ئۇنىڭ يېنىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتىم. بۇنىڭدىن
باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ بەلكىم بۇ-
رۇنقى تونۇشلىقىمىزنىڭ يۈزىسىدىن بولسىمۇ ماڭا سالام قىلىش-
نى ئويلىغاندۇ، بىراق مەن پەرۋاسىز ئۆتۈپ كەتكەچكە ئۇ سالام-
مۇ قىلالماي قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇنداق زورۇقۇپ كۈ-
لۈمسىرەشلەرنى تولا كۆرگەنىدىم. شۇڭا ئۇ مەن ئۈچۈن ھېچقان-
چىلىك بىر ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى زورۇقۇپ
كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ قەلبىدە ئادەمگە خاس ھېسسىياتنىڭ بارلى-
قىنى ئايان قىلىپ تۇراتتى. بىراق مەنچۇ؟ مەن بىر ھەيكەل
ئىدىم. شۇڭا تۇگەشكەنلىكىمنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

باشقىلارنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشەلمەسلىكنى ئۇنچىۋالا ئازاب
دەپ ئويلىمايتتىم. مەن ئۈچۈن ھەقىقىي ئازاب—كۆڭلۈمدە ھە-
قىقىي مۇھەببەتنىڭ ئويغانماسلىقى، يۈرىكىمدىكى قىزغىنلىق-
نىڭ يوقالغانلىقى، باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتىنىڭ

مەن بىلەن مەڭگۈ خوشلاشقانلىقى ئىدى. يۈرىكىم قايتىدىن
ھەقىقىي ئادەمنىڭ يۈرىكىگە ئايلانسا، ھەقىقىي مۇھەببەت بىلەن
قانچىلىك پۇچۇلانسا، قانچىلىك كېچىلەرنى دەرد-ھەسرەت بىلەن
قان يۇتۇپ ئۆتكۈزسەممۇ مەيلى ئىدى، مەن ئۈزۈمدىن پەخىرلەن-
گەن بولاتتىم. رىۋايەتلەردىكى ئەسەبىي ئاشىق-مەشۇقلاردەك ئۆز
سۆيگۈمنى داۋراڭ سالغان بولاتتىم. ئۆزۈمنى مۇقەددەس سۆيگۈ-
گە ئىگە ئۇلۇغ ئادەم ھېس قىلغان بولاتتىم. بىراق، ھازىر
ھەممە نەرسە يوقالغانىدى. بىرلا خىل كېتىۋاتقان زېرىكىشلىك
تۇرمۇش مېنى ھەممە نەرسىگە ئۆچ قىلىۋەتكەنىدى. پۈتۈن دۇن-
يادىكى ھەممە ئادەمدىن، ھەممە نەرسىدىن بىزار ئىدىم. دۇنيادا
مېنى ھاياجانغا سالالايدىغان ھېچنەرسە قالمىغانىدى. تۈگىشىش
دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ؟ ئەمدى مەن دۇنيادا قايسىبىر
ئىشتىياق، قايسىبىر ئارزۇ بىلەن ياشاپ ئۆتەي؟! زادى نېمى-
لەرنى قوغلىشاي؟ نېمىلەرگە ئۈمىد باغلاي؟!

كوچىدا سانسىزلىغان كىشىلەرنى ئارىلاپ كېتىۋاتقىنىمدا
ئەتراپتىكى ھەممە ئادەمگە نەپرەت بىلەن نەزەر تاشلاپ، ئۆزۈم-
نىڭ بۇ ئالەمگە نەپرەتتىن باشقا ھېچنەرسە ئاتا قىلالمايدىغانلى-
قىمنى چوڭقۇر سېزىپ يېتەتتىم. بىراق، بۇ نەپرەتمۇ قۇپقۇ-
رۇق نەپرەت ئىدى. مەندىكى بۇنداق نەپرەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى
ئۇلار ھېس قىلالمايدۇ، چۈنكى بۇنداق ئۈنسىز نەپرەتلىنىش
چىرايىمدا سۇس كۈلۈمسىرەش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. گاھىدا
ئۆزۈمنىڭ ھەممە ئادەمگە بولۇشىچە نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىمدىن
خۇشال بولۇپ يايراپ كېتىمەن-تېخى!... ۋاي ئاناڭنى!...
مېنىڭ نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىمنى ئۇلار ھېس قىلمىغانىكەن، دې-

مەك بۇ نەپرەتلىنىشنىڭ نەپرەتلەنمەسلىكتىن نېمە پەرقى بار؟ كوچىلاردا پات-پات ئۇچراپ قالىدىغان گۈزەل ئاياللارغا ھەممىدىن بەكرەك نەپرەتلىنەتتىم. ئۇلارغا يەۋەتكۈدەك، بىراق چاندۇرماستىن قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. ئۇلار بۇنى تۇيمايتتى. ئەگەر ئۇلار تۇيغان بولسا چوقۇم بۇنداق غەلىتە نەپرەتتىن پۈتۈن بەدىنى شۈركىنىپ، ئەندىكىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتىم گاھىدا. ئۇلار چوقۇم قاتتىق چۆچۈپ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار بۇنداق دەھشەتلىك نەپرەتنىڭ بارلىقىنى بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلىپ باققان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ماڭىلا خاس بولغان بۇنداق نەپرەت بىلەن قارىغان ۋاقتىمدا كۆزلىرىمنى كۆرۈپ قالسا بەلكىم ئاشۇ چاغدىكى قارىشىم ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئورنىشىۋېلىپ، ئۆلگۈچە ئۇنتۇيالماسلىقى مۇمكىن. ئاشۇ مەنزىرە دائىم ئۇلارنىڭ خىيالىغا بۆسۈپ كىرىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بىر ئۆمۈر تىنىمسىز غەش قىلىپ تۇرۇشى مۇمكىن. ئاياللارنىڭ گۈزەل بەدىنى مېنى ئۇلارغا نەپرەتلەندۇرەتتى. مەن ئۇلارنىڭ نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىشىنى خالىمايتتىم. . ئۇلارنىڭ گاھىدا يېرىم كېچىلەردە تۇيۇقسىز ئويغىنىپ، نەپرەت بىلەن قارىغان ھالىتىمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ۋەھىمىگە چۆمۈشىنى ۋە خۇددى مېنى كۆرمەكچى بولغاندەك يان تەرىپىگە بۇرۇلۇپ قارىشىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئېنىقكى، بۇنداق نەپرەتلىك قاراشنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئۇلار مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ، گەرچە بۇ نەپرەتلىك قاراشنىڭ نېمە ئۈچۈن دائىم خىيالىغا كىرىۋالىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلمىسىمۇ، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن قۇتۇلۇشقا، ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە ھەرقانچە

تىرىشىمۇ، بۇ نەپرەتلىك قاراش ھامان ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەي ئۇلارنى قىينايدۇ.

ئۇنىڭ خەتلىرىنى زادى قەيەردە كۆرگەنلىكىمنى ئەسلىيەل-مەيمەن. ئۇنىڭ ئۆزى يازغان خەتلەرنى بەكمۇ مەخپىي تۇتىدىغان-لىقى ئېنىق يادىمدا. بىراق ئۇنىڭ يازغان خەتلىرىنى مەن تولۇق كۆرگەن. ئۇ زادى كىم؟ مەن بۇنى چورتلا ئۇقمايمەن! خۇددى ئۆمرۈمدە ئۇنداق بىرسىگە ئۇچراپ باقمىغاندەك. بىراق، ئۇنىڭ يازغان خەتلىرى ۋە بەزى كەچۈرمىشلىرى ھەتتا ئىچكى سىرلىرى مېنىڭ شۇنداق ئېنىق ئېسىمدە. ئۇ زادى كىم؟ مەن ئۇنى نەدە كۆرگەن، ئۇنى نېمە ئۈچۈن تونۇيمەن. ئۇنىڭ خەتلىرى زادى قانداق بولۇپ ئېسىمدە قالدى؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا پۈتۈنلەي قاراڭغۇ. بىراق ئۇنىڭ خەتلىرىدىكى ھەر بىر قۇر، ھەر بىر سۆز، چېكىت-پەشلەرگىچە خۇددى ئاشۇ خەتلەر يەنىلا قولۇمدا تۇرغاندەكلا يادىمدا قاپتۇ.

”سالام، ئوماق قىزچاق!“ ئۇ دائىم خېتىنى شۇنداق باشلايتتى. بۇ پەقەت ئۇنىڭغىلا خاس ئالاھىدىلىك بولسا كېرەك، مەن باشقىلارنىڭ خېتىنى ئۇنداق باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغا-نىدىم.

”... يەنە سىزگە خەت يېزىۋاتىمەن، ھەرقاچان مەندىن تازىمۇ بىزار بولغانسىز. بوپتۇ، سەۋر قىلىڭ، بۇ ئەڭ ئاخىرقى-سى بولۇپ قالسۇن...

ئەگەر بىرەر يىل ئاۋۋال بىرەيلەن ماڭا بىر ئادەم بىر قىزنى ھاياتىدىن كەچكۈدەك دەرىجىدە بۇنداق جان-جەھلى بىلەن ياخشى كۆرىدۇ دېگەن بولسا ئىشەنمىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى،

لېكىن ھازىر مۇتلەق ئىشىنىدىغان، گۇمان قىلمايدىغان بولۇپ
قالدىم. بەلكىم سىزدە بۇنداق ھېسسىيات يوقتۇر، شۇڭا بۇ گەپ
سىزگە بەلكىم كۈلكىلىك تۇيۇلار...

مەن سىزنى تازىمۇ كۈتتۇم. باشقىلارنىڭ سىزنى شۇنداق
ھالدا تاشلىۋېتىشىنى بىلەتتىم. سىزنى «كۆرەلمەيۋاتىدۇ» دەپ
ئويلاپ قالمىسۇن دەپ بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچمىغانىدىم، سىزنىڭ
باشقىلار تەرىپىدىن شۇنچە ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقىڭىزغا ئېچىنى-
دىم ۋە خۇشال بولدۇم. مەن ئۈچۈن شۇنچە قىممەتلىك بولغان،
ئېرىشىش قىيىن بولغان سۆيگۈڭىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىر
تىيىن بولغانلىقىغا ئېچىندىم، بىراق باشقىلارنىڭ سىزنى تاشلى-
ۋېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم، چۈنكى باشقىلار سىزنى تاشلىۋەتكەن-
دىلا ئاندىن مەن سىزگە ئېرىشەلەيتتىم، شۇڭا مەن بۇنى كېچە-
كۈندۈز كۈتتۇم. ئاخىر تاشلانغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا
خۇشاللىقتىن يايراپ كەتتىم. سىزنىڭ ئامەتسىزلىكىڭىزدىن
خۇشال بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ خاپا بولماسلىقىڭىزنى سورايمەن.
بەلكىم سىز باشقىلارنىڭ سىزنى تاشلىۋېتىشى سەۋەبىدىن ئۆزى-
ڭىزنى بەختسىزمۇ ھېس قىلمىغانسىز! چۈنكى سىز بۇنىڭغا
كۆنۈپ كەتكەن. بەلكىم باشقىلار سىزنى تاشلىۋەتمىگەن چاغدىمۇ
ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلىپ كەتمىگەن بولغىيتتىڭىز،
چۈنكى سىز ئۆز گۈزەللىكىڭىزگە ئىشىنىسىز، بىراۋ تاشلىۋەت-
سە يەنە باشقىلارنىڭ دەرھال چىقىدىغانلىقى سىزگە ئايان. تاش-
لىۋېتىش سىز ئۈچۈن ھېچنەرسە ئەمەس، چۈنكى سىز ئەزەلدىن-
لا تاشلىنىقلىق. پەقەت مەنلا سىزگە ئېرىشەلمىگىنىم بىلەن
باشقىلار سىزگە خالىغانچە ئېرىشەلەيدۇ. سىز يەرگە تاشلانغان

بىر تال گۈلگە ئوخشايسىز، سىز تاشلىنىقلىق بولسىڭىزمۇ
باشقىلارنىڭ سىزنى قايتا قولىغا ئالىدىغانلىقىنى بىلىسىز، بى-
راق، سىز تاشلىنىپ ياتسىڭىز زادى كىمنىڭ سىزگە ھەقىقىي
ئېچىنىپ، سىزنىڭ سولغۇن بەرگىڭىزگە كۆز ياشلىرىنى تېمى-
تىپ تۇرۇپ، كۆزلىرىگە سۈرتۈپ قولىغا ئالىدىغانلىقىنى، ئۆ-
زىنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن سولغۇن بەرگلىرىڭىزنى جانلاندۇرى-
دىغانلىقىنى بىلمەيسىز! باشقىلار سىزنى قولىغا ئالىدۇ، بۇ
چوقۇم! لېكىن ئۇلار باشقىلارنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىن توزۇپ
چىقىپ بەرگىڭىزگە قونغان توپىلارنى سۈرتۈۋېتەيمۇ دېمەستىن
سىزنى پۇراپ قويۇپلا يەنە شۇ توپا توزىتىپ تۇرغان سانسىز
ئاياغلار ئاستىغا تاشلىۋېتىدۇ! سىز بولسىڭىز بەلكىم بۇنىڭغا
ئانچە ئېچىنىپمۇ كەتمەيسىز، تاشلىنىشنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇ-
شىنى ئارزۇ قىلىسىز، چۈنكى تاشلىنىشنىڭ كۆپلۈكى سىزنى
قولىغا ئالغۇچىلارنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.
قانچە كۆپ ئادەم قولىغا ئالسىلا ئاندىن شۇنچە كۆپ تاشلىنى-
سىز، تاشلانغانلىقىڭىزدىن پەخىرلىنىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى
بۇنداق كۆپ تاشلىنىشلاردىن ئۆز قىممىتىڭىزنى ھېس قىلالاي-
سىز... چۈنكى قانچە كۆپ تاشلانسىڭىز شۇنچە كۆپ قولغا
ئېلىنىسىز...“

ئۇ ئەنە شۇنداق خەتلەرنىمۇ يازغان. ئۇ خەتلىرىنىڭ بەكمۇ
كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا ھېس قىلغانىدى، بىراق
قايتىدىن يازاي دېمىدى، چۈنكى قايتا يازسا خېتىنىڭ تېخىمۇ
كۈلكىلىك بولۇپ كېتىپ تېخىمۇ كۆپ مەسخىرىگە قالىدىغانلى-
قىنى بىلەتتى. چۈنكى ھەرقانداق ئادەم مۇھەببەت خېتىنى كۈل-

كىلىك ھېس قىلماي قالمايدۇ، چۈنكى ئۇ سېنىڭ سىرلىرىڭ-
نى، نومۇسلۇق ئىچكى خىياللىرىڭنى ئاشكارىلىۋېتىدۇ. ئەمە-
لىيەتتە باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئېرىشىش بىلەن سۆيگۈسىگە
ئېرىشىش ئوخشاشلا بىر ئىش. چۈنكى نېمىلا بولمىسۇن بىرنەر-
سىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگىمۇ ئېرى-
شەلمىسەڭ بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە
ئادەمنى سۆيگىنىڭ بىلەن ھەممە ئادەمنىڭ سېنى سۆيۈشى ناتا-
يىن، شۇنىڭدەك ھەممە ئادەمگە نەپرەتلىنىش ئارقىلىق، ھەممە
ئادەمنىڭ نەپرىتىگە ئېرىشەلىشىڭمۇ ھەممە ئادەمنىڭ سۆيۈشىگە
ئېرىشىشىڭگە ئوخشاشلا قىيىن. باشقىلارنى سۆيۈپ-سۆيۈپ ھال-
سىرىغاندەك باشقىلارغا نەپرەتلىنىۋېرىپمۇ ھالسىرىماي قالماي-
سەن! ئاخىرىدا ھېچكىمنىمۇ سۆيمەيدىغان، ھېچكىمگىمۇ نەپ-
رەتلەنمەيدىغان بولۇپ قالغان چېغىڭدىلا ئۆزۈڭنىڭ تامامەن تو-
گەشكەنلىكىڭنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ يېتىشىڭ مۇمكىن. مانا
بۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان پاجىئە. گۇمران بولۇش، قىيامەت
توغرىسىدىكى سىرلىق خىياللار ۋە تۇيغۇلارمۇ بۇنداق ”تامامەن
تۈگىشىش“تەك ئادەمنى جەلپ قىلالمايدۇ. مېنىڭ دۇنيادىن
تەلەپ قىلغىنىم بەكمۇ كۆپ بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن
دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئەڭ دەسلەپىدە شۇنداق ئەسەبىيلەرچە ھالدا،
خۇددى باشقىلاردىن ئالمىسا بولمايدىغان ھەققى باردەك، ھەممە
ئادەمنىڭ ئۆزىنى سۆيۈشىنى تەلەپ قىلاتتى، چۈنكى ئۇ ھەممە
ئادەمنى سۆيگەنلىكىم ئۈچۈن چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك
دەپ ئويلايتتى. كېيىنچە پەقەت ئەتراپىدىكى ئاياللار، رەسىملەر-
دىكى، كىنولاردىكى ئاياللاردىنلا بۇنى تەلەپ قىلىدىغان بولدى،

بىراق ئەڭ ئاخىرىدا بىرلا ئايالنىڭ سۆيۈشىگە ئېرىشىشكىمۇ قانائەت قىلغان ۋاقتىدا بۇنىڭمۇ ”بەكمۇ كۆپ“ بولۇپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ يەتمىگەنىدى. ھەرقانداق نەرسە بەكمۇ كۆپ بولۇپ كەتسە ئەكسىگە يانىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئادەمنىڭ ئۆزىگە زەربە بېرىدۇ. سۆيۈش بەكمۇ كۆپ بولۇپ كەتسە، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى يەپ تۈگىتىدىغان نەپرەتتىنمۇ بەكرەك ئادەمنى قىينايدۇ. ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە، ئۇ خەتنى يېزىپ بولۇپ، بىرھازا قايتا ئوقۇپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى ئۆزىنىڭ يازغانلىرىدىن ئۆزىنىڭ نومۇس قىلىدىغانلىقىنى، خەتنى چوقۇم يىرتىپ تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. يىرتىپ تاشلىۋەتسە ئىلاجىسىز يەنە قايتا يېزىشقا مەجبۇر بولاتتى. چۈنكى ئۇ ئۇنىڭغا خەت يېزىشى، مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى كېرەك، ئۇنىڭغا قەلبىدە مۇھەببەت ئوتلىرىنىڭ يېنىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدۇرمىسا بولمايدۇ، ئۇ بۇنى چوقۇم ھېس قىلىشى كېرەك، بىراق ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىڭ كېرەك؟ ئۇ بۇنى خىيال قىلىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى؛ بەلكىم قەلبىمنىڭ ئۈچىنى ئاغزىغا سالغىنىچە بىردەم ئويلانغاندۇ ياكى بىرەر تال تاماكا چەككەندۇر، ئىشقىلىپ، بىردەم ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقا زادى نېمە سەۋەبچى بولدى؟ ئۇنى نېمە ئۈچۈن چوقۇم سۆيۈشى كېرەك؟ ئۇنى سۆيۈشكە مەجبۇرلاۋاتقان نەرسە نېمە؟ ھېچنەرسە ئۇنى ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقا مەجبۇرلىيالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ناھايىتى ئەركىن بىر ئادەم، ئەسەبىيلەرچە ئەركىن بىر ئادەم. بۇنداق ئادەمنى سارالڭ

قىلىۋېتىدىغان ئەركىنلىكتىن قۇتۇلۇشقا ئۇنىڭغا چارە يوق، خۇددى ئۇنى سۆيمەسلىككە چارە بولمىغاندەك. . .

باشقىلارنى سۆيۈش پۈتۈنلەي ئىلاجىسىزلىقتىن بولىدۇ. سەن بۇنداق مۇھەببەت ئالدىدا ئامالسىز سەن. باشقىلارغا تەلپۈنۈش، باشقىلارنى سۆيۈش پۈتۈنلەي سېنىڭ بىچارىلىقىڭنىڭ ئىپادىسى، سەن ھەقىقىي قۇدرەتلىك ئادەم بولماقچى بولساڭ چوقۇم باشقىلارنى سۆيمەيدىغان بول! شۇنداقلا ئۆزۈڭنى قۇدرەتلىك دەپ ھېسابلىيالايسەن.

ئۇنى سۆيۈشكە مەجبۇرلاۋاتقان ھېچنەرسە يوق! بىراق، ئۇ ئۇنىڭغا سۆيگۈ ئىزھار قىلىۋاتىدۇ، رەسۋالارچە باشقىلار ئالدىدا يېلىنىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە سۆيگۈ ئاتا قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈنكى، ئۇنىڭغا بۇ ئىشلار دەسلەپتىلا ناھايىتى بىنورمال بولۇپ تۇيۇلغانىدى. كاللىسىنىڭ نورمال ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى، بولمىسا بۇ ئىشلارنىڭ نورمال ياكى بىنورمال ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمىغان بولاتتى. بىراق، تەپەككۇرى شۇنچە نورمال تۇرسا يەنە نېمە ئۈچۈن بىنورمال تۇيۇلغان ئىشلارنىمۇ قىلىۋېرىدۇ؟ ئۇ بۇنى بىلەلمىدى. ھەممە ئادەم باشقىلارغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ، چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىدە باشقىلارغا نىسبەتەن سۆيگۈ بار، بىراق ئۇلار قەلبىدىكى سۆيگۈنى ئىزھار قىلمىسا نېمە بولىدۇ؟ ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرمىسا نېمە بولىدۇ؟ جىنسىي ئېچىرقاش تاماققا بولغان ئېچىرقاشقا ئوخشىمايدۇ، چۈنكى ئادەملەر تاماق يېمىسە ئۆلگىنى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلمىغانغا ئۆلۈپ قالمايدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشكەن ئاشۇ 18 يىلدىن

بۇيان جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرمايمۇ خۇشال-خۇرام ياشاپ كەل-
گەن ئىدىغۇ، ئەجەبا ئەمدى نېمە ئۈچۈن بۇ خىل ھەۋەسنى
قاندۇرۇشقا چارە ئىزدىمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالدى؟ لېكىن
كېيىنچە بۇ ئېچىرقاشنىڭ تاماققا بولغان ئېچىرقاشقا قارىغاندا
گەرچە ئادەم ئۆلتۈرەلمىسىمۇ نەچچە ھەسسە ئازابلىق ئىكەنلىكى-
نى بارا-بارا سېزىپ يەتكەن ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئا-
مالسىز، ھەقىقەتەنمۇ بىچارە ئىكەنلىكىنى سېزىپ يەتتى. موھ-
تاجلىق ئۇنى تۇگەشتۇرمەكتە ئىدى.

—سەندە مىللىي ھېسسىيات، مىللىي ئاڭ دېگەن نەرسىلەر
يوق. سەندە بارى پەقەتلا جىنسىي ئاڭ!—دېگەنىدى ئاغىنەم.
ئۇ شۇنداق دېگەن ئاشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە
تاقابىل تۇرغۇدەك بىرەر سۆزنى ئۇ ئويلاپ تاپالمىغانىدى. ئۆز
مىللىتىنى قانچىلىك سۆيىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇ ئۇنىڭ بۇ
سۆزىگە قاتتىق غەزەپلەنگەنىدى. ئىچىدە بىرنەچچە كۈن غۇم
ساقلاپ، ئازابلىنىپ يۈردى، بىراق بىر كۈنى كېچىدە ئۆزى
يالغۇز كوچىلارنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، بىر كوچا چىرىغىنىڭ
يېنىدا توختىدى-دە، تۇيۇقسىز ”ۋاي! ئاناڭنى! . . .“ دەپ سال-
دى. چىراغنىڭ خۇنۇك يورۇقى ئاستىدا بىچارە سايىسى بەكمۇ
يالغۇز ئىدى. بەلكىم ئەتراپتا ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن سۆزنى
ئاڭلىغان ئادەم يوقتۇر، چۈنكى ئۇ ناھايىتى كېچىدە ئادەمسىز
قالغان كوچىنى ئايلىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. كوچىنىڭ تېخىمۇ
ئادەمسىز، قۇپقۇرۇقلۇقى ئۇنىڭ قەلبىدىكى غېرىبلىق تۇيغۇسى-
نى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتەتتى، ئۇ شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ يەككە-يې-
گانە ۋە مەغرۇر قىياپەتكە كىرەتتى. ئۆزىنىڭ تەنھالىقىنى ئازاب

بىلەن تاماشا قىلاتتى. يولدا كېچىلىك سورۇن ياكى ئولتۇرۇشلاردىن قايتىپ كېلىۋاتقان بىرەر مەست ياكى قونىدىغان يەر تاپالماي ئايلىنىپ يۈرگەن بىرەر مۇساپىر ياكى باشقىلار ئۇچراپ قالسىلا كەيپى ئۇچۇپ ئۇلارنى ئىچىدە مىڭنى تىللايتتى. كوچا قاراڭغۇ ياكى كوچا چىراغلىرى ئانچە يورۇق بولمىغاچقا، ئۇچراپ قالغان كىشىنىڭ زادى قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلمەك تەس ئىدى، شۇڭا ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭدا مىللىي ھېسسىياتنىڭ بولۇشى ناتايىن ئىدى. بۇ توغرۇلۇق ئويلىنىپمۇ ئولتۇرمايتتى.

مىللىي مۇھەببەتمۇ جىنسىي مۇھەببەتنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن”ۋاي، ئاناڭنى!...“ دېگەن سۆز ئېغىزىدىن چىقىپ كەتتى. بىرھازاغىچە زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق خىيالغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى، بەلكىم تا ھازىرغىچە بۇنى ئېنىق بىلەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم ئۇ بىر قالايمىقان خىيالدۇر. بۇ سۆزنى باشقىلار ئاڭلىسىمۇ ئۇنىڭغا قاتتىق نەپرەتلىنىشى مۇمكىن، بىراق بۇنداق نەپرەتكە ئېرىشىش مۇھەببەتكە ئېرىشىشكە ئوخشاشلا ئىش! باشقىلار ئۇنى نورمال ئادەم ئەمەسكەن دەپ ئويلىشى مۇمكىن، نېمە ئۈچۈن چوقۇم نورمال ئادەم بولۇش كېرەك؟ سېنىڭ مىللىتىڭ سېنىڭلا ئەمەس، يەنە باشقا ئادەملەرنىڭمۇ مىللىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار سېنىڭ مىللىتىڭگە نىسبەتەن خالىغانچە ھېسسىياتتا بولۇشىغا يول قويمايدۇ، خۇددى سېنىڭ ھېسسىياتىڭدا ھەققى باردەك. شۇنىڭ بىلەن سەن زادى ئۇلار بىنورمالمۇ ياكى ئۆزۈڭ، بۇنى بىلىپ يېتەلمەيسەن.

ئۇ تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بىچارە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، چۈنكى ئاشۇ چاغقىچە مىللىتىنى سۆيۈپ كەلگەنىدى. سۆيگەندىمۇ قاتتىق سۆيگەنىدى، مۇشۇنداق سۆيگۈگە موھتاج بولۇپ كەلگەنىدى. خۇددى بۇ سۆيگۈ بولمىسا ياشىيالمايدىغاندەك!

شۇ چاغدا بىر ھازاغىچە ئۆز خىيالىغا ھەيران قېلىپ، خۇددى يەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەن يۇندىدەك تۇرغان خۇنۇككىنە غۇۋا سايىسىگە قاراپ بىرھازا تۇرۇپ قالدى، ئاندىن بۇنداق خىيال قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ زادىلا تايىنى يوق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دەرھال يىراقتىكى بىر بىنانىڭ يورۇق تۇرغان دېرىزىسىگە قارىدى، بەلكىم بۇنداق قىلىش ئارقىلىق خىيالىنى بۇ تېمىدىن يۆتكىمەكچى بولغاندۇر... بەلكىم ئاشۇ دېرىزە ئىچىدە بىر ئايال، بىر ئەر مۇھەببەتلىشىپ ياتقاندۇر-ھە! دېگەن خىيال ئۇنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى.

كىشىلەر بىرنەرسىنى سۆيگەندە ئۆزىدىكى مەلۇم بىر ھەۋەسنى قاندۇرۇش ئۈچۈن سۆيىدۇ، مىللەتنى سۆيۈشمۇ شۇنداق. باشقىلارنى سۆيۈش باشقىلاردىن پايدىلىنىپ ھەۋەس قاندۇرۇش دېمەكتۇر. بۇ باشقىلارنى قۇل قىلىشتۇر. بۇ باشقىلارنى دۈشمەن كۆرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس! باشقىلاردىن پايدىلىنىشقا نېمە ھەققىمىز بار؟

ئۇنىڭ ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ يۈرۈشىدىكى مەقسىتى ئېنىقكى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭ بۇنى ھېس قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن، ئۇ بولسا ئۆزىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقىنىنى بىلمەيدۇ، مەنمۇ ئۆزۈم-

نىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن! ياق بۇنى ھېس قىلغان تەقدىردىمۇ يول قويىمەن، بۇنىڭغا موھتاجمەن دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۆزەتتى.

ئۇ ئۇنىڭغا يازغان سۆيگۈ خېتىدە ئۇنى بىر تال گۈلگە ئوخشاتقانىدى. ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئايال گۈلگە ئوخشىمايدۇ، چۈنكى گۈلدە ئاياللارنىڭكىدەك قىپيالىڭاچ بەدەن ۋە نازۇكەرەشمە يوق! ئاياللاردەك شۇنچە گۈزەل نەرسىنى ھېچنەرسىگە ئوخشاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى كېيىنچە، يەنى ئېچىرقاش ئازابىنى ھېس قىلىپ يەتكەن چاغلىرىدىلا بىلىپ يەتكەنىدى.

ئۇ ئۇنىڭغا نېمىشقا كۆيۈپ قالغىنىنى بىلمەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا جان-جەھلى بىلەن كۆيگىنىنى، ئۇنى ئۇن-تىنسىز ئازاب بىلەن، ئۇمىدسىزلەنگەنسېرى قوغلاشقانلىقىغا، ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ جان-جەھلى بىلەن بىلمەسلىككە تىرىشقىنىنى، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشىغا سەۋەب بولغان نەرسىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەسلىكى بولۇپ چىقىشىنى ھېس قىلىپ يەتمەسلىك ئۈچۈن سانسىزلىغان باشقىچە سەۋەبلەرنى خالىغانچە ھالدا ئەقلىي تەپەككۇرنى دەپسەندە قىلىپ تۇرۇپ توقۇپ چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ توقۇپ چىقارغان نەرسىلىرى بىلەن ئۆزىنى قاتتىق ئىشەندۈرۈپ كەلگەنلىكىنى، ھەممىنى قايرىپ قويۇپ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېلىنىپ كەتكەنلىكىنى، بارلىق رەشىك ئازابلىرىغا چىداپ، ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ رەنجىمەي، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن سۆيۈشۈشلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك قىلچىمۇ كۆڭلىگە ئالماي، ئۇ گويا ئۆزىنىڭ ئاشۇ كۆڭ-

لىگە ئالماسلىقىدىن تەسىرلىنىپ كېتىپ مۇھەببەت ئاتا قىلىدى-
غاندەك، بىلمەسلىككە سېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا خۇشامەت قى-
لىپ كەتكەنلىرىنى ئويلىسا تېنى شۈركىنىپ كېتىدۇ، ھەقىقە-
تەنمۇ شۇ ئىشلارغا ئىشەنگۈسى كەلمەي قالىدۇ. ھازىر مەندە
ئۇنىڭدا بار بولغاندەك ئۇنداق قىزغىن، ئۇنداق سەبىي، ئۇنداق
پاك مۇھەببەت توغرىسىدىكى رومانتىك تەلپۈنۈشلەر تۇگەپلا كەت-
كەنىدى. ئۇ ھەتتا ئۇنى بىرىنى سۆيۈۋېلىپلا بۇنىڭ بەدىلى ئۇچۇن
ئۆلۈپ كېتىشكە توغرا كەلسىمۇ رازى بولاتتىم دېگەندەك ئەسە-
بىي خىياللارنىمۇ قىلغانىدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭغا مەڭگۇ ئېرى-
شەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتكەن-
دەك بولغانىدى. دېمەك، ئۇنىڭ جېنىمۇ ئۇنى بىر سۆيۈشكە
ئەرزىمەي قالغانىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇنى سۆيۈۋېلىشقا
مۇيەسسەر بولغانىدى، بىر قېتىملىق سۆيۈشۈش ئۇلار ئۇچۇن
ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى، ”ئۇنى سۆيۈۋاتقان چاغدا كەچ بولۇپ
كەتكەن بولسا، بەزىلەر ئۇنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇش ئۇچۇن
سۆيۈشتىن توختاپ ئۇنى ياتىقى ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويغان بولۇ-
شى مۇمكىن. دېمەك، ئۇنى يەنە بىرىنى سۆيۈۋەتسىلا مېنىڭ
جېنىمدەك قىممەتلىك نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ، مېنىڭ جېنىم
ئەنە شۇنچىلىكلا نەرسىمۇ؟ باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان
ھەر بىر مىنۇتلىرى ئارىسىدا نۇرغۇن قېتىم مېنىڭ جېنىمغا
تەڭ سۆيۈشلەر لەۋلەر ئارىسىدا ھېچقانچىلىك قىممەتكە ئىگە
بولماي يۈز بېرىۋېرىدۇ، لەۋلەر ئارىسىدا مېنىڭ جېنىمنىڭ
قىممىتى ساماندەك قەدىرسىز ھالدا چېچىلىپ ياتىدۇ. بەلكىم
بەزىلەر ھەتتا ئۇنى سۆيۈۋېرىشتىن زېرىكىپمۇ باققاندۇ...“

دەپ ئويلايتتى ئۇ ھەسرەت بىلەن.

ئۇ ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەت-
كەن چېغىدا، يەنى ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىغا تەن بەرگەن
ۋاقتىدا (ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىغا ھەقىقىي تەن
بېرىپ باقمىغانىدى، تەن بەرگەن بولسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى
ھاياتىنىڭ زادى قانداق بولۇشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغان بولات-
تى. ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىغا زادى قانداق تەن بەرگەنلى-
كىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. تا ھازىرغىچە تەن بەرمىگەندەك
ھېس قىلىۋاتقاندۇر بەلكىم. بىراق، ئۇنى قوغلاشماس بولۇپ
قالغاچقا بەلكىم تەن بەرگەندىمەن دەپ ئويلاشقا مەجبۇر بولغان-
دۇ)، كونكرېت قىلغاندا ئۇنى قوغلاشماس بولغاندا ياكى نەزەرى
باشقا قىزلارغا ئاغدۇرۇلغان چاغلاردىلا ئۇ تامامەن تۈگەشتىم
دەپ ئويلىغانىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇپ، نەدە
يۈرگىنىنى، نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىنى بىلەلمەيلا قالغانىدى.
ئۇيقۇ دورىسى يەۋاتقىنىنى بىلەلمەيلا قالغانىدى. ئۇيقۇ دورىسى
يەۋالغاندەك خامۇش ھالەتتە تۇتقان-قويغىنىنى بىلمەي يۈرگەنى-
دى. ئەينى چاغدا بەلكىم ئۇ پۈتۈنلەي تۈگەشتىم دەپ ئويلىغان-
دۇر، بىراق ئۇنىڭدا پەيدا بولغان تۈگىشىش تۇغرىسىدىكى ئاشۇ
تۇيغۇ ھازىر مەندە پەيدا بولۇۋاتقان ”تۈگىشىش“ تۇغرىسىدىكى
تۇيغۇغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. مەن ئۇنىڭ زادى قانداق تۇيغۇ
ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بەلكىم بۇنى مەڭگۈ بىلمەسلىكىم مۇم-
كىن، چۈنكى بىز تامامەن باشقا-باشقا ئىككى ئادەم. بىر ئادەم-
دىكى ھېس-تۇيغۇنىڭ يەنە بىر ئادەمدە ئوپئوخشاش ھالەتتە بار
بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. خۇددى بارماق ئىزى ئوپئوخشاش

ئىككى ئادەمنى ناپقىلى بولمىغانغا ئوخشاش، تۇيغۇسى ئوپئوخ-
شاش ئىككى ئادەمنىڭ تېپىلىشىمۇ ناتايىن. ئەگەر ئاشۇ چاغدا
ئۇنىڭدا پەيدا بولغاندەك تۇيغۇ مەندىمۇ پەيدا بولۇپ، بۇنىڭدىن
بۇرۇن بىر قېتىم ئەنە شۇنداق پۇتۇنلەي تۇگەشكەن بولسام يەنە
ئىككىنچى رەت پۇتۇنلەي تۇگىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۇن-
كى ئادەم ئۆمرىدە پەقەت بىر قېتىملا تۇگىشىدۇ. . . بىراق،
مەن پۇتۇنلەي ناتونۇش ئاشۇ ئادەمنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى زادى
قانداق بىلگەندىمەن؟

قەلبىمدە ھېچقانداق قىزغىنلىق قالمىغانىدى، توغۇلۇپ
قالغانلىقىم ئۇچۇن ياشىماي ئىلاجىم يوق ئىدى.

— مەن گەپنى ئۇنىڭغا رەسمىي ئوچۇق ئېيتمىدىم، چاقچاق
قىلغان بولۇپلا پۇرتىپ باقتىم، ئومۇ بۇنى چاقچاق دەپ ئويلاپ
قالدى، مەن بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ئېنىق دەپ باقاي، بەلكىم باشقىد-
چە جاۋاب بېرىپ قالار، — دېدى ئاغىنەم.

ئۇ ئۇنى تەلۋىلەرچە قوغلىشىپ يۇرگەن چاغلىرىدا دائىم
مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرەتتى.
ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان ھەر بىر سۆزىدىن ئەنە شۇنداق
يوچۇق ئىزدەيتتى. ھامان بىر يوچۇقنى تېپىپ ئۆزىنى گوللايت-
تى. ھازىر ئاغىنەممۇ باشقا بىر قىزنىڭ جاۋابىدىن ماڭا يوچۇق
تېپىشىپ بېرىۋاتاتتى.

— بولدى، بولدى، — دېدىم مەن، — دۇنيادا قىز ئازمىدى!

بۇ سۆزۈممۇ پۇتۇنلەي ساختا قىياپەتتە ئېيتىلغان سۆز
ئىدى. چۇنكى دۇنيادىكى شۇنچە كۆپ قىزلارنىڭ ھېچقايسىسى-
نىڭ مۇھەببىتىدە مېنىڭ نېسىۋەم يوق بولۇشى مۇمكىن. مەن

قىزلارنى قوغلىشىپ مەغلۇپ بولسام كىشىلەر ماڭا دائىم ئەنە شۇنداق دەپ تەسەللى بېرەتتى. بۇ سۆز ئۆزۈڭنىڭ مۇھەببەتكە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىڭنى ئېغىزدا بولسىمۇ ئىنكار قىلىپ، ئۆزۈڭنىڭ بىچارە ھالىتىڭنى يوشۇرۇشقا ياردەم قىلالايتتى.

ئۇمۇ مېنىڭ ناھايىتى تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىمنى، يەنى باشقىلارنىڭ ياراتماي قېلىشىغا ئۇچرىغىنىمنى يېپىشقا تىرىشقان ھالدا ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلىقىدىن بىردەم ئاغرىنىپ سۆزلىدى. ئۇ سۆزلىرىدە ئامال بار ئۇنىڭ مېنى ياراتمىغۇدەك ئەمەسلىكىنى، يەنى مېنىڭ ئۇ ياراتمىغۇدەك ھالدا ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلاشقا خېلىلا تىرىشتى. ئۇنىڭ بۇنداق سۆزلىرى شۇنچە ياخشى نىيەتتە ئېيتىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق يېغىرىمغا تۇز بولۇپ سېپىلمەكتە ئىدى. ئۇ مېنىڭ ھېلىقى قىز بىلەلمەي قالغان ئارتۇقچىلىقلىرىمنى سۆزلىگەنسېرى ئۇنىڭغا بولغان غەزىپىم تېشىپ، ئۇنىڭ گېلىدىن سىقىپلا سۆزلەشتىن توختىتىپ قويغۇم كەپكەتتى، بىراق ئۇنداق قىلمىدىم، ھېچنېمە بولمىغاندەك كۈلۈمسىرەپ جىمجىت ئولتۇرۇۋەردىم.

—يەنە بىر قىز بار، تونۇشتۇرۇپ قويايمۇ؟—دېدى ئۇ. ئاندىن ئۇنىڭ قانداق قىز ئىكەنلىكىنى، نەدە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، قانچە ياشلاردا بار ئىكەنلىكىنى ۋە باشقا ئەھۋاللارنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچقايسىسى قۇلىقىمغا كىرمىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى توغرىسىدىكى گەپلەر تۇگەپ بولغۇچە تولىمۇ سەۋرى قىلىشقا توغرا كەلدى. ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنىڭغا بۇنى ناھايىتى قوپال سېلىپ ئاڭلاۋاتقان، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەخلاقلىق قىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋاتقاندا

ئالاھىدە دىققەت قىلغان بولۇپ تۇيۇلغان بولۇشۇم مۇمكىن. چۈنكى ئۇ مېنى قىزلارنىڭ ئەخلاقىنى بىرىنچى ئۆلچەم قىلىدۇ دەپ ئويلايدۇ. مەنمۇ دائىم ئەڭ ئالدى بىلەن قىزلارنىڭ ئەخلا-قىنىڭ قانداقلىقىنى كۆزىتىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالىمەن.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ مېنى ماڭا تونۇشتۇرماقچى بولغان قىزنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى. مەن ناھايىتى ئەزمىلىك بىلەن قىزنىڭ ياتىقى بار بىناغا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقتىم. قىزنى كۆرۈشكە ئالدىرىغانسېرى بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىگە، كارى-دورنىڭ تورۇسلىرىغا خۇددى باشقا يەردە كۆرۈپ باقمىغاندەك، بۇ نەرسىلەردە ھېچقانداق يېڭىلىق بولمىسىمۇ، ئۇلارغا ئىنچىكە زەن سېلىپ قاراشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق بولسىمۇ قاراپ ماڭدىم، بەلكىم ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرگۈچە مەندە پەيدا بولغان جىددىيلىكنى مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق يوشۇرۇشقا تىرىشقان-دىمەن.

قىزنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپلا ئۇ ئىشىكنى چەكتى. ئە-گەر مەن ئۆزۈم يالغۇز بولغان بولسام بىردەم ئىشىكنى قاقماي تۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى دەپ ئويلىدىم مەن. ئۇ ئىشىكنى چېكىۋاتقاندا ئېزىپ قالغان ئادەمدەك بىكاردىن-بىكار باشقا ياق-لارغا ئەلەڭلەپ قاراپ تۇردۇم، ئىشىكنى ئاچقان ئاۋاز ئاڭلانغان-دىلا ئاندىن بۇرۇلۇپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ياتاق تەرەپكە قارى-دىم، كۆزۈم قىزنىڭ ئالتۇندەك چاچلىرىغا چۈشتى. قىز بىز بىلەن سالاملىشىپ ياتىقىغا باشلىدى. بىز كىرىپ ئولتۇردۇق، مەن يەنە بىردەم ياتاقنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرگە بىرھازا زەن سېلىپ، قىزنى كۆرمىگەندەكلا، ئۇنىڭ قانداقراق قىز ئىكەنلى-

كنى كۆرۈشكە ئالدىرىغانسېرى ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ئۇنىڭغا قاراپمۇ باقماي ئولتۇردۇم.

قىز ئاغىنەم بىلەن بىردەم ئەھۋال سوراشتى، بىرئازدىن كېيىن ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلدى، مەن ئالدىمغا قويۇلۇۋاتقان ئىستاكانغا قارىۋىدىم، قىزنىڭ قوللىرى-نىڭ سۇس تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. بېشىمنى كۆتۈ-رۈپ يۈزىگە قاراپ باققۇم كەلدىيۇ، يەنىلا قارىمىدىم.

— چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى قىز. ئۇنىڭ ئاۋازى-دىنمۇ بىر خىل جىددىيلىشىشنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا لەپپىدە بىر نەزەر تاشلىدىم، قارىشىمغىلا ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن ھالدا قاراپ تۇرغان كۆزلىرىگە كۆزۈم چۈشتى. قىز دەرھال كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. قىزنىڭ چىرايى ئادەتتىكىچە ئىدى. ئۇنى چىرايلىق دېيىشكە بولمايتتى، سەت دېيىشكىمۇ بولمايتتى. يۈزلىرىدە ناھايىتى ئۇششاق سەپكۈنلەر بار ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ يۈزلىرى سەل قارامتۇل بولغان بولسا بۇ سەپكۈنلەر چوقۇم بىلىنمىگەن بولاتتى دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ يۈزلىرى بەكمۇ ئاق بولغاچقا سەپكۈنلەرنىڭ رەڭگى بۇ ئاقلىق بىلەن سېلىشتۇرما بولۇپ ناھايىتى ئېنىقلا بىلىنىپ تۇراتتى ھەم ناھا-يىتى كۆپتەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ چىرايى قارامتۇل بولغان بولسا بۇ سەپكۈنلەر ئۇنىڭ چىرايىنى ئانچىۋالا سەتلەشتۈرەلمىگەن بو-لۇشى مۇمكىن ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇ ھازىرقىغا قارىغاندا سەل چىرايلىقراق كۆرۈنەتتى.

قىزغا تەپسىلىيرەك قاراپ بېقىشتىن بىردەم ئۆزۈمنى تو-تۇۋېلىپ، يەنىلا ئۇياق-بۇياقلارغا قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇلار ئاللى-

نىمىلەر توغرىسىدا تاغدىن-باغدىن پاراڭلىشىۋاتاتتى. مەن ئۇ-
لارنىڭ پاراڭلىرىغىمۇ ئارىلاشمىدىم. بىر ئازدىن كېيىن ئاغىنەم
مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى. دېمەك بىز تونۇشتۇق. بەلكىم
ئاشۇنداق بىر پۇرسەت بولمىسا مەڭگۈ تونۇشماس بولغىيتتۇق.
بىرەر كىم سېنىڭ ئىسمىڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، كەسپىڭنىڭ
نېمىلىكىنى، نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىڭنى، قايسى مەكتەپتە
ئوقۇغانلىقىڭنى، هازىر قەيەردە خىزمەت قىلىدىغانلىقىڭنى باش-
قىلارغا بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇلار
بىلەن تونۇشالايسەن. ئەڭ بولمىغاندا باشقىلار بىلەن تونۇشتۇم
دېگەن هېسسىياتقا كېلەلەيسەن. باشقىلار بىلەن تونۇشۇش دېگەن
ئەنە شۇنچىلىكلا بىر ئىش. سەن توغرىسىدا قىلىنغان ئاشۇ
بىر-ئىككى جۈملە سۆزلا بۇنىڭغا يېتىپ ئاشىدۇ. مەن بىردىنلا
ئادەملەر بىلەن تونۇشۇشنىڭ ناهايىتى ئوڭاي ئىكەنلىكىنى هېس
قىلغاندەك بولدۇم. بىراق، باياتىن كىنوخانا تەرەپكە كېتىۋاتقان
فىگۇرىسى ناهايىتى كېلىشكەن قىز بىلەن، ئاپتوبۇستىكى قىس-
تىلىشتىن پايدىلىنىپ جەينىكىمنى يۇمشاق كۆكسىگە تەگكۈزۈ-
ۋالغان شەهلا كۆزلۈك قىز بىلەن مەڭگۈ تونۇشالماي ئۆتۈپ
كېتىشىم مۇمكىن! بۇ چاغقىچە ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان،
مەن بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز بولغان، مەڭگۈ تونۇشماي
ئۆتۈپ كېتىۋېرىشىم تامامەن مۇمكىن بولغان، دۇنيانى توردەك
چىرماپ تۇرغان سان-ساناقسىز يوللارنىڭ بىرىدە كېتىۋېتىپ
ئۇچرىتىپ قالساق بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قويۇشىمىزمۇ ناتا-
يىن بولغان بىر قىز بىلەن مۇهەببەتلەشمەكچىمەن. هېچنەرسىگە
پەرۋا قىلمىغاندەك جىددىيلىشىشلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشقا تىرى-

شىپ ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئۇ-بۇ نەرسىلەرگە قاراپ خىيالىمنى ئېلىپ قېچىۋاتقان ۋاقتىمدا، ئاشۇنداق خىياللار بىلەن تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. خۇددى ئەمدىلا بۇ ئۆيدە پەيدا بولغاندەك، قىزغا لەپپىدە نەزەر تاشلىدىم-دە، يۈرىكىم لەڭڭىدە قىلىپ بىرلا ئېغىش بىلەن تېز-تېز سوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆپكۆك زەڭ-گەر كۆزلىرى خۇددى قارايدىغان نەرسە تاپالمىغاندەك، نىگاھى ئۆي ئىچىدىكى ئۇ نەرسىدىن-بۇ نەرسىگە تىنىمسىز يۆتكىلىپ تۇراتتى. قىز يەرگە ئېڭىشكەندە ئالتۇن رەڭ چاچلىرى يېيىلىپ كېلىپ كۆزلىرىنى توسۇۋالاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېشىنى كۆ-تۈرۈپ چاچلىرىنى كەينىگە بوش سىلكىپ قوياتتى.

ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ناتونۇش ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى ھېس قىلىپ يېتىۋاتاتتىم، ئۇنىڭ ياتىقىدىن چىقىپ كەتكىملا كېلىپ تۇراتتى، نېمىلەر تەرىپىدىندۇر قىستىلىۋاتقاندەك ھېس قىلات-تىم، بىراق بۇ قىستىلىش كوچا ئاپتوبۇسىدىكى قىستىلىشقا پەقەتلا ئوخشىمايتتى، ئەگەر كوچا ئاپتوبۇسى بولغان بولسا مەن چوقۇم ئۇنىڭ يېنىغا قىستىلىپ بارالايتتىم، ئۇنىڭ بەدىنىگە خۇددى قۇچاقلىشىۋاتقاندەك بەدىنىمنى چىڭ يېقىۋالالايت-تىم... مەن ئۇنى ئۆمرۈمدە بۇرۇن پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىش ئەمەس، دۈش-مەنلىشىشمۇ زادىلا قولۇمدىن كەلمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان بىر كىتابقا كۆزۈم چۈشتى، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى بىلەن ھېچقانداق ئورتاقلىقىم يوق ئىدى، كىتابنى كۆرۈش بىلەن مېنىڭمۇ زۇۋان سۈرۈشىمگە پۇرسەت تېپىلغاندەك ھېس قىلىپ، بېرىپ كىتابنى قولۇمغا ئالدىم-دە،

ئۇنىڭدىن: ”بۇ كىتابنى ئوقۇۋاتامسىز؟“ دەپ سورىدىم. ئاۋازىم مەندىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىغۇدەك بوش چىققان بولسا كې-رەك، قىز سوئال نەزەرى بىلەن ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇپ ئاندىن ئاغىنەم بىلەن پارىڭىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ سو-ئالىمغا جاۋاب بەرمىگىنىدىن خىجىل بولۇپ گەجگەمدىن غۇژژىدە ئىسسىق تەر چىقىپ كەتتى-دە، كىتابنى ئەسلىدىكى ئورنىغا قويۇپ قويۇپ جىم ئولتۇردۇم. مېنىڭ سوئالىم جاۋابسىز قال-دى، ئەمەلىيەتتە ئۇ جاۋاب بەرمىسىمۇ بولاتتى. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ يالغۇز كىشىلىك ياتىقى ئىدى، شۇڭا بۇ كىتابنى ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا مېنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇۋاتام-سىز دەپ سورىشىم پۈتۈنلەي ئارتۇقچە، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتاب ئېچىقلىق ھالەتتە دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇلغانىدى. بىز كېلىپ ئىشىكنى چەككەن چاغدا ئۇ كىتابنى ئوقۇۋاتقان بولۇشى مۇم-كىن، بىزنىڭ ئىشىكنى چەككىنىمىزنى ئاڭلاپ كىتابنى دېرىزى-نىڭ ئالدىغا ئاشۇنداق دۈم تاشلاپ قويۇپ ئىشىكنى ئاچقان بولسا كېرەك. شۇڭا مېنىڭ سورىغان مەنىسىز سوئالىمدىن ئۇ ئاچ-چىقلىنىشقىمۇ ھەقلىق.

بىز ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ چىقتۇق، ئۇ بىزنى ئۇزىتىپ ئىشىك ئالدىغا چىققاندا نېمىدۇر بىر ئىشلار — ناھايىتىمۇ مۇھىم بولغان بىر ئىشلار چالا قېلىپ قالغاندەك بىئاراملىق بىلەن ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇپ قېپقالدى. ئەمەلى-يەتتە بۇ يەردە چالا قالغان ھېچ ئىش يوق ئىدى. مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم ۋە ئۇنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈشىنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ قىلماقچى بولغان بارلىق ئىشىمىز ئىدى. كەم قالغىنى

پەقەتلا ئۆز ئارا سۆيگۈ ئىزھار قىلىش ئىدى. بىز بولساق خۇددى بۇ ئىشلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتىمىز يوقتەك، باشقا بىر مەق-سەت بىلەن كۆرۈشكەندەك كۆرۈشتۇق. بىزنىڭ ئۆزىمىزنى بې-سىۋالغان، يەنى ئۆزىمىزنى دەپسەندە قىلىۋاتقان مۇشۇ ھالىتى-مىزدىن ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىمىزدە ئۆزىمىزدىنمۇ يوشۇرۇ-ۋاتقان ئاشۇ ئەڭ يوشۇرۇن ئىشلارنى قىلىشنى مەقسەت قىلغانلى-قىمىزنى سېزىۋېلىش قىيىن ئىدى.

بىز بىنانىڭ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئاغىنەم ماڭا قاتتىق كايىدى:

—سەن نېمانچە ئېزىلەڭگۈ! مۇشۇنداق ئېزىلەڭگۈلۈك قى-لىۋەرسەڭ قېرىغۇچە خوتۇن تاپالماي بويتاق ئۆتۈپ كېتىسەن. سېنى مەن ئالاھىدە باشلاپ كەلسەم ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي دېمىدىڭ، قىز ساڭا يارىمىدىمۇ-يا!

—نېمە دەيسەن؟ قىلىدىغانغا گەپ تېپىلمىدى، —دېدىم مەن ئېرەنسىزلىك بىلەن، —ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇن تونۇش بولسام ئىدىم، كونا ئىشلارنى ئەسلىشىپ پاراڭ تېپىلاتتى. ھېچ بولمى-غاندا تونۇش-بىلىشلەرنىڭ پارىڭىنى بولسىمۇ قىلىشاتتۇق. ھا-زىر ئۇنىڭ بىلەن قىلىشىدىغان نېمە پاراڭ بار؟

—بۇ قىز بولامدىكەن-قانداق؟

مەن ئۈندىمىدىم. قىزنىڭ چىراي-شەكلىنى قايتىدىن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ كۆڭلۈمدە باھالاپ باقماقچى بولدۇم، بىراق ئۇنىڭ ساپسېرىق چېچىدىن باشقا ھېچيېرىنى كۆز ئالدىمغا كەل-تۈرەلمىدىم. بەلكىم يەنە يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۇنى قايتا كۆرسەم تونۇيالماسلىقىم مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. قىزنىڭ چىرا-

يىدا باشقا قىزلارغا ئوخشىمايدىغان خېلى كۆپ ئالاھىدىلىكلەر باردەك قىلىۋاتاتتى. مەن پەقەت ئۇنىڭ بەدىنى سەۋزە رەڭ ياكى قارا بولماستىن، چوقۇم ئاپئاق دېگەنلەرنى ئويلىدىم، گەرچە ئۇنىڭ تېنىنى كۆرۈپ باقمىغان بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىرىق چاچلىرى ۋە كۆك كۆزلىرىدىن بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇ مېنىڭ مېڭەمدىكى دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان سانسىزلىغان قىزلارنىڭ ئوبرازلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ يوقاپ كېتىشكە يۇزلەنمەكتە ئىدى. مەن ئاغىنەمگە لەپپىدە قاراپ قويدۇم. ئۇ مېڭىشتىن توختاپ ماڭا تىكىلىپ قارىدى. نارازىلىقتىن ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ ماڭا نارازىلىق بىلەن قارىغان مۇشۇ ھالىتىنى مېنىڭ ھېلىقى قىز بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشۇمغا باغلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقماقچى بولدۇم، چۈنكى نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ قاراشلىرى بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بىراق، ئۇ باشقا بىر ئىش توغرىسىدا ماڭا گەپ قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاغىنىدارچىلىقى دەپ ئويلىدىم مەن.
— بىر نەرسە دېسەڭچۇ! ئۇ ساڭا يارىمىغان بولسا شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلايلى، بولىدىكەن دېسەڭ مەن قايتىپ ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ پاراڭلىشىپ چىقاي، كەچتە بىللە كىنو كۆرۈپ بېقىڭلار، ئاندىن بىرەر-ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنى يەنە ئىزدەپ كېلىپ بىللە تانسىغا بېرىڭلار، شۇنداق قىلىپ بارا-بارا چىقىشىپ كېتىسەن. بىراق شۇنى ئوبدان ئېسىڭدە تۇتقىنكى، قىزلار ھەرقانچە ياخشى بولۇپ كەتسەڭمۇ ئېزىلەڭگۈ، تارتىنچاق بولساڭ ياراتمايدۇ جۇمۇ! گەپ دېگەننى جاڭ-جاڭ قىلىپ تۇرساڭ

ئاندىن ئۇلارغا ئوغۇل بالىدەك تەسىرات قالدۇرالايسەن! يارىمى-
غان بولسا ئۆزۈڭلا دېسەڭ بولدى. . .
— بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، — دېدىم مەن، — بىر ئاز ئارىلى-
شىپ باقاي.
— مەن دائىم سېنى باشلاپ كېلىۋەرمەيمەن. ھەي! سېنىڭ
ئۆنى ئىزدەپ كېلىپ ئۆزلۈكىڭدىنلا ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشىڭغا
كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ. . . مىجەز-خاراكتېرى، ئەخلاقى ۋە باشقا
تەرەپلەردىن قانداقلىقىنى ئارىلىشىپ بىلىسەن. . .
— بۇ نەرسىلەر بىلەن چاتىقىم يوق، — دېدىم مەن. بۇ سۆز-
لەرنىڭ قانداق قىلىپ ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەل-
مەيلا قالدىم، ئويلانمايلا شۇنداق دېگەنىدىم.
ئاغىنەم ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدى.
ماڭا يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ گەپ تاپالماي قىلىۋاتقاذ-
دەك قىلاتتى.
— ئەمىسە نېمىگە بىر نەرسە دېيەلمەيسەن؟ ئۇنىڭ چىراي-
تۇرقىنى كۆردۇڭغۇ؟
— كۆردۈم، بىراق يەنىلا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ھازىر
مەندە بۇ توغرىدا ھېچقانداق تەسىرات قالمىدى.
— نېمىشقا؟
— بىلمەيمەن.
— سېنىڭ مۇشۇ غەلىتە مىجەزىڭ-زە. . . ئەمىسە مەن ئۇ-
نىڭغا دەپ قوياي، كەچتە سېنى ساقلاپ تۇرسۇن، بىللە كىنو
كۆرۈڭلار.
مەن ئۈندىمىدىم. بۇ مېنىڭ ماقۇل دېگىنىم ئىدى. ئۇ

مېنىڭ مىجەزىمگە ۋە گەپ-سۆزلىرىمگە ھەيران قېلىۋېرىپ ئاخىرىدا كۆنۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا مېنىڭ خاراكتېرىمنى چۈشەنمەن دەپ ئويلايتتى، ھەتتا ئەتراپتىكى باشقا ئادەملەرگە قارىغاندا مېنى ئەڭ تولۇق چۈشىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ نۇرغۇن قېتىم مەست بولۇپ قېلىپ ماڭا شۇنداق دەپ ئىچ باغرىنى تۆكۈپ بەرگەنىدى. مېنىڭ مىجەزىمگە ھەيران قېلىپ كۆنۈپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن ھەيران قېلىشمۇ ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مەن دائىم ئۇنىڭ مېنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى، قىلچىمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، باشقا كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى سۆزلىرىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان سۆزلىرىمگىمۇ ھەيران قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمگە چوقۇم ھەيران قېلىش كېرەك دەپ قارىسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە ھەيران قالارلىق ھېچنەرسە يوق ئىدى. مەن ئۆزۈمنى بەكمۇ تەبىئىي ھېس قىلاتتىم. چۈنكى مېنىڭ ئەڭ غەلىتە خىياللىرىمنىڭمۇ ئەتراپىمدىكى باشقا كىشىلەرنىڭكى كاللىسىدا مەۋجۇت بولماسلىقى مۇمكىنلىكىگە مۇتلەق ئىشەنمەيتتىم، چۈنكى مەن دائىم دېگۈدەك باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاجايىپ غەلىتە گەپلەرنى ئاڭلايتتىم. بۇ سۆزلەر ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇنداق بىنورمال— كېسەل ھالىتىدىكى خىياللار ھەممە ئادەمدە بار، بىراق بۇنى بەزىلەر ئاشكارىلايدۇ، بەزىلەر بولسا ئۆزىدە ئاشۇنداق خىيالنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەستەك ئۆز خىيالىنى ئۇن-تىنسىز يوشۇرۇپ، ھەتتا ئەنە شۇنداق ھەيران قېلىشلىرى ئارقىلىق خىياللىرىنى يوشۇرۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىندۇرمەي ناھايىتى نورمال قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ، بەلكىم ھەممە ئادەم

خىياللىرىدىكى غەلىتە نەرسىلەرنى يوشۇرماي قويسا، بۇ دۇنيا-
دىكى ناھايىتى نورمال گەپ قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ساراڭ
ھېسابلىنىشمۇ مۇمكىن.

مەن قىزنىڭ چىرايىنى، بوي-تۇرقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ
كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم، بىر ئادەمنىڭ ئەسلىمەڭدىن ئۆ-
چۈپ كېتىشىگە ئەنە شۇنچىلىكلا ۋاقىت كېتىدۇ، بەزىلەرنى
ئۇنتۇيالماي يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مەن ئۇنىڭ چىرايىدىن
ئۆزۈمگە ياقىدىغان بىرەر نەرسە تاپالمىدىم، بىراق ياقتۇرمايدى-
غان بىرەر نەرسىنىمۇ ھېس قىلالمىدىم. مېنىڭ بۇنداق ھېس-
سىياتقا كېلىشىم ناھايىتى تەبىئىي بىر ئىش. ئەنە شۇنداق
قىزنى كۆرگەن چاغدا باشقا كىشىلەرمۇ ھەتتا مېنىڭ ئاغىنەممۇ
شۇنداق خىيالغا كېلىشى مۇمكىن. بىراق، ئۇلار ئۆزىدىكى
سېزىمنى دەرھال ئۇقۇم ھالىتىدە خۇلاسىلەپ يا ئۇنداق، يا
مۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلىپ كېسىپلا بىر تەرەپ قىلىۋېتىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن نورماللىق دەرىجىسىگە يېتىدۇ، ياكى چىرايلىق-
كەن، ياكى سەتكەن، ياكى ئادەتتىكىچە قىز ئىكەن، ياكى يار-
دى، ياكى يارىمىدى دېگەن بۇ. . . ۋاي ئاناڭنى. . . ئۆلگۈر.
نورمال ئادەملەرگە خاس سۆزلەر ئۇلارنى ئۆزىگە ناھايىتى نور-
مال، ناھايىتى سالاپەتلىك، ئەركەكلەرگە خاس مەردانىلىققا ئىگە
ھېس قىلدۇرسا كېرەك.

كەچتە ئاغىنەمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇنى ئىزدەپ كەل-
دىم. ئۇ سۇسقىنا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ مېنى قارشى ئالدى،
نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بۇ سۇس كۈلۈمسىرىشى ماڭا ياقمىدى،
بەلكىم يولدا كەلگۈچە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندىكى ھالەتنى

باشقىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك. مەن يولدا كەلگۈچە ئۇنىڭ ئىشىكىنى بىرئاز تۇرۇۋېلىپ ئاندىن چېكىمەن دەپ ئويلاپ كەلگەنىدىم، بىراق ئىشىكنى كېلىپلا چېكىپ سالدىم. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا ئۇ ناھايىتى خىيالچان ھالدا، ھەتتا قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا مېنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغان بولسا مەنمۇ ئۆزۈمنى خېلى يەڭگىل ھېس قىلغان بولاتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ بۇنداق قىياپىتى مېنىڭ قىياپىتىم بىلەن ماسلىشىپ، ئوتتۇرىمىزدىكى ئارىلىق يېقىنلىشاتتى. ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلگەن ھالىتى ماڭا تەسەللى بولاتتى. ئادەتتە ھىجايغان ياكى كۈلگەن ئادەمنى كۆرسەم ئەرۋاھىم ئۇچاتتى (باشقىلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولسا مەيلى، بىراق ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگەن ئادەمنى ساراڭدەكلا ھېس قىلاتتىم)، كۈلۈمسىرەشلەر خۇددى ئادەملەرنىڭ چىقىرىۋاتقان سېسىق پۇرىقىدەك يىرگىنچلىك بىلىنەتتى. باشقىلارنىڭ كۈلۈمسىرىشىدىن خۇددى يالىڭاچ ئادەمنىڭ بىنورمال، بەتبەشىرە قىلىقلىرىنى كۆرگەندەك قورۇنۇپ كېتەتتىم.

مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويماقچى بولدۇم، بىراق كۈلۈمسىرىشىم زادىلا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەندە ئۆزۈمنى خۇددى قورقۇنچلۇق چىشلىرىنى ئاشكارىلاپ ئاغزىنى ئاچقان يىرتقۇچ ھايۋاندەك ھېس قىلدىم. يۈزلىرىمدىكى كۈلكىدىن پەيدا بولغان پۇرۇلۇشلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بەلكىم كۈلۈمسىرىشىم بەكمۇ ياۋۇزلارچە كۈلۈمسىرەش بولۇپ قالغاندۇر دەپ ئويلىدىم، ئۇ بولسا مېنىڭ كۈلۈمسىرىگەن تۇرقۇمغا زەن سالمىدى.

ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرگەندىن كېيىن بىردەم ئۈن-تىنسىز ئولتۇردۇق، مەن ئۇنىڭغا بىللە كىنو كۆرۈپ كېلىشنى قانداق ئېيتىشنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئۇنىڭ ئارىمىزدىكى جىمجىتلىقـ. تىن قاتتىق ئارامسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم.

— كەچتە نېمە ئىش قىلىمىز؟ — ئۇ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ماڭا ئىپادىسىز كۆزلىرى بىلەن ئىتتىك بىر قارىۋېتىپ، جىمـ. جىتلىقنى بۇزۇپ خۇددى "كېسىلىمگە شىپا بارمۇ؟" دەپ سوردـ. غان ئۈمىدسىز كېسەلدەك، ئىڭرىغاندەك ئاۋازدا بوش سورىدى. مەن كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ چىرايىنى ئۆزىدە كېسەل بارلىقىدىن گۇـ. مان قىلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ بىچارە چىرايىغا ئوخشاتتىم. "كەچتە" دېگەن سۆز بىردىنلا مېنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇـ. نىڭ سۆزى خۇددى "كەچتە بىللە ياتامدۇق؟" دېگەن سۆزدەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى-دە، چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇنىڭ ساغرىلىرى ناھايىتى تولغان ۋە يۇپيۇمىلاق بولۇپ، كىشىنى مەپتۇن قىلاتـ. تى. ۋۇجۇدۇم ئەمدىلا قان يۇگۇرگەندەك جانلىنىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ ساغرىلىرىنى تۇتۇپ باققۇم كەپكەتتى-دە، ئىتتىك ئورنۇمـ. دىن تۇرۇپ كەتتىم ۋە ئۆزۈمنىڭ بۇ قىلىقىمدىن چۆچۈپ كەتـ. تىم. . .

— كەچلىك تاماق يېدىڭىزمۇ؟ — دېدىم دۇدۇقلاپ ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى كۇتمەيلا، — يۈرۈڭ، بىللە تاماق يەيلى، — دېدىم.

ئۇ ئۈن-تىنسىز ماڭا ئەگىشىپ ماڭدى. بىنادىن چۈشكەن ۋاقتىمىزدا بىنانىڭ ئالدىدا بوي-تۇرقى ئەپچىللىكىنە كەلگەن چىـ. رايلىق بىر قىز ئۇچراپ بىز بىلەن سالاملاشتى، مەن ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ كېتىۋەردىم. ئۇ ئۇنىڭ دوستى بولسا كېرەك.

— ئۇ كىم؟ — ھېلىقى قىزنىڭ شاللاق ئاۋازى ئاڭلاندى.
— دوستۇم، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ئۇلار يەنە نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۈلۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا يېتىشىپ كېلىپ يېنىمدا ماڭدى. بىز خۇددى كوچىدا كېتىۋاتقان بىر-بىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئالاقىسىز ئىككى ناتونۇش ئادەمدەك بىر-بىرىمىزگە قارىشىپمۇ قويماي (بەلكىم ئۇ ماڭا پات-پات قاراپ قويغاندۇر، بىراق مەن بۇنىڭغا سەپسالمىدىم) كېتىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ مېنى دوستىغا ”دوستۇم“ دەپ تونۇشتۇرغىنىنى ئويلاپ كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى.

ئۇ مېنىڭ قەيەرگە باشلاپ كېتىۋاتقانلىقىمنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغاندەك، ئۈن-تىنسىز ماڭا ئەگىشىپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاپتەك بارئىكەن دەپ ئويلىدىم مەن ۋە ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان ۋەھشىي جىنايەتكاردەك ھېس قىلدىم-دە، بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ دەل بۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، قارىشىم بىلەنلا:

— مېنىڭچە ئوچۇق-يورۇق پاراڭلىشىۋېرەيلى، بۇنچە تارتىنىپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى... ئادەم بەك سىقىلىپ كېتىدىكەن، — دېدى. ئۇنىڭ چىرايى مېھرىبانلىق بىلەن باشقىچىلا قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى. ئۇ مېنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. مۇلايىملىق بىلەن ماڭا ئۆزىنى ناھايىتىمۇ يېقىن ئادەم قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولۇپ ھەدەپ ئارتۇقچە كۈلۈمسىرەيتتى. بۇ كۈلۈمسىرەشلىرى بىلەن ئۇ ماڭا بەكمۇ سەت كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كوچا چىراغلىرىنىڭ ئەكسى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ يەنىلا ناھايىتى خۇ-

نۇك، نۇرسىز بىلىنەتتى. ئۇنىڭ سەتلىكىدىن يىرگىنىش ھېس قىلىشىمدىن ساقلىنىش ئۇچۇن دەرھال كۆزۈمنى ئۇنىڭ چىرا-يىدىن يۆتكەپ، ئۇنىڭ تولغان ساغرىلىرىغا قاراپ قويدۇم. ياق، بۇ قىز خېلىلا چىرايلىق قىزغۇ دەپ ئويلىدىم مەن. بىراق بىز بۇ يەردە بىرەر سودا ياكى مۇھىم بېجىرىشكە تېگىشلىك بىرەر ئىشنى سۆھبەتلەشمەكچى ئەمەسقۇ، مەن ئۇنىڭ نېمە توغرۇلۇق پاراڭلاشماقچى ئىكەنلىكىنى ئۇقالمىدىم. قىيىن ئەھۋالدىن بول-سا مەڭگۇ قۇتۇلالمايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. چۈنكى بىزنىڭ ئارىمىزدا پاراڭلىشىدىغان تېما يوق ئىدى.

كوچىدىكى ئادەملەرنى بەكلا كۆپىيىپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. بىر قاراشتا ھەر كۈنكىدىن پەرقلەنمەيدىغاندەكمۇ تۇيۇ-لاتتى. بىز بىر جۇۋاۋىخانىغا كىرىپ جۇۋاۋا يېدۇق.

— سىز ئەجەبمۇ جىمغۇركەنسىز! — دەيتتى ئۇ مېنىڭ ئۇن-تىنسىز ئولتۇرۇشۇمدىن نارازى بولۇپ، مەن بولسام ئۆ-زۈمنى ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا ئامالسىز ھېس قىلاتتىم. بۇ دۇنيا-دا ئۇنىڭ بىلەن قىلىشىدىغان پاراڭنىڭ بار بولۇشى مۇمكىن ئەمەستەكلا قىلاتتى. قايسى ئاشخانىغا كىرىش ۋە نېمە تاماق يېيىش توغرىسىدىلا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدىم، بىراق ئۇ بۇنى پاراڭلاشقانغا ھېساب قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭ مېنى سۆزلەشكە زورلىشىدىن تويۇپلا كەتتىم. بىرەركىم بىلەن بىللە تۇرساڭ چوقۇملا بىرنەرسىلەر توغرۇلۇق سۆزلە-شىڭ كېرەك. پەقەت سۆزلىشىش ئارقىلىقلا بىللە تۇرۇشۇڭنىڭ نورمالسىز ئىكەنلىكىدىن قۇتۇلالايسەن.

ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ چىرايىنى بىر قۇر كۆزىتىپ

چىقتىم. ئۇنىڭ ياردەك ئەگىم قاشلىرى ئاستىدىكى كەڭ قاپاقلىرى ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق ئىدى. كۆزلىرىمۇ چوڭ ۋە يۇمىلاق ئىدى. بىراق نېمىشقىدۇر ماڭا زادىلا چىرايلىق كۆرۈنمىدى. بۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ كۆپكۆك بولۇشى سەۋەبىدىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ قايرىما كىرپىكلىرى ماڭا بەكمۇ سۈنئىي بىلىنىپ كەتتى، بۇ كىرپىكنى شۇنداق قىلىۋالغاندۇر. بىراق، نېمىلا بولمىسۇن ئۇنى خېلىلا چىرايلىق قىز ئىكەن دېگەن خىيالغا كەلدىم. بەلكىم ئۆزۈمنى شۇنداق دەپ ئويلاشقا زورلىغاندىمەن. ئەگەر ھەقىقەتەن ئۇنى چىرايلىق ئىكەن دەپ ئويلىغان بولسام ئۇنى چىرايلىق ياكى چىرايلىق ئەمەس دەپ باھا بېرىشكە تىرىشىشىم ناتايىن ئىدى.

—بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئېنىققۇ، يەنە نېمىشقا ئۆزىمىزنى باشقىچە قىياپەتكە كىرگۈزۈۋالىمىز، —دېدى ئۇ. ”بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئېنىققۇ“ دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ خۇددى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ھەممە نەرسىنى بايقىۋالغاندەكلا يۈزلىرىم ئوت ئالغاندەك قىزىپ كەتتى. بىزنىڭ مەقسىتىمىز زادى نېمە؟ مۇھەببەت، بۇ ئۇنىڭغىمۇ چوقۇم ئېنىق بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مېنى يۇتۇپ كەتمەكچى. مۇھەببەت دېمەك باشقىلارغا يۇتۇلۇپ كېتىش دېمەكتۇر. چۈنكى سەن ئۇنى سۆيسەن، سۆيۈش باشقىلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر-بېسىق ياكى ئەرلىك مىجەزى يوق مىس-مىس ئادەم بولۇپ تۇيۇلغاندىمەن. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ گەپ قىلالماي

قالدىم. ئۇنىڭ دادىللىق بىلەن قىلغان سۆزلىرى مېنى بارغان-
سېرى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ
مېنى بەكمۇ ياۋاش ئىكەن، ھەتتا مۇھەببەتلەشكۈسى يوق ئوخ-
شايدۇ، يەنى لامزەللە ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىدىن تېخىمۇ
ئەنسىرەيتتىم. بىراق ئۇنىڭ بىلەن زادى نېمىلەر توغرىسىدا
پاراڭلىشىشنى بىلەلمىدىم. بىز پاراڭلاشمىساق ئىككىمىزنىڭ
بىللە تۇرۇشىمىزنى ئاقلاپ بولغىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى.
ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇندىن تونۇش بولسام ئىدىم، بىزنىڭ
ئارىمىزدا قىلىشىدىغان سۆزلەر باردەك ھېس قىلغان بولار ئى-
دىم. ھېچ بولمىغاندا، بىزنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىمىزنى ئەسلەش-
كەن بولاتتۇق.

بىز تاماق يەپ بولۇپ ئاشخانىدىن قايتىپ چىقتۇق. ئۇ
ئىنتايىن تەبىئىيلا ھالەتتە مەن بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتى. مەن-
دىن نەگە بارىمىز دەپمۇ سوراپ قويمىدى. بىز خۇددى ئالدىن
كېلىشىپ قويغاندەك ئۇدۇللا بىر كىنوخانىنىڭ ئالدىغا باردۇق.
مەن بېرىپ كىنو ئېلانىغا قارىدىم. چۈنكى ھەممە ئادەم كىنو
كۆرۈشتىن ئاۋۋال ئەنە شۇنداق بېرىپ كىنو ئېلانىغا قاراپ
باقىدۇ، مەن ئېلان تاختىسىغا قاراپ فىلىم ئىسمىنى كۆردۈم-
يۇ، كۆرۈپ بولۇپلا ئۇنتۇپ قالدىم، چۈنكى قايسى كىنونىڭ
قويۇلىشى بىز ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. مەن كىنو كۆرمەكچى
ئەمەس، پەقەت بىر قىزنى كىنوغا ئەكىرمەكچى. بىز كىنوخانى-
غا كىرگەندە كىنو ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇ
كۈنى كىنونى پەقەتلا كۆرمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ، چۈنكى كىنو-
خانىدىن يېنىپ چىققاندا كىنودا زادى نېمىلەرنىڭ تەسۋىرلەنگەن-

لىكىنى زادىلا ئەسلىيەلمىدىم، يادىمدا قالغىنى پەقەتلا كىچىك
بىر بالا، چاچلىرى چۇۋۇلغان ساراڭ قىياپەتلىك بىر ئايال،
تۈگىمەس دەرد-ئەلەم ۋە يىغلاشلا ئىدى. كىنو كۆرۈۋاتقىچە مەن
پات-پات ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇنى كۆزىتىپ تۇردۇم. مەن
كىنوغا بەكمۇ ئامراق ئىدىم. ھەرقانداق كىنونى بەكمۇ دىققەت
قىلىپ كۆرەتتىم. بەلكىم بۇ تۇنجى قېتىم كىنوخانىدا كىنو
كۆرمەي ئولتۇرۇشۇمدۇر. ئۇ ناھايىتى دىققەت بىلەن كىنو
كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق مېنىڭ تۇيۇقسىز قىلغان بىر
ھەرىكىتىم ئۇنىمۇ كۆرۈشتىن توختىتىپ قويدى. مېنىڭ ئۇ
ھەرىكىتىم شۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بەردىكى، مەن ئۆزۈممۇ ھەي-
ران قالدىم. شۇ چاغدا مەن ئۇنى مېنى بەكمۇ تارتىنچاق ئىكەن
دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىدۇ دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم، ئەمەلىيەتتە
مەندە تارتىنىش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئۇنى خۇددى ئويۇنچۇق-
تەكلا ھېس قىلاتتىم، پەقەت ئويۇننى قانداق باشلاشنى بىلەلمەي
تۇراتتىم. ئۇنىڭغا شۇنداقلا قول سوزسام، قولۇمنى ئۇنىڭ
يوتىسىغا ياكى دولىسىغا قويساملا ھەممە ئىش باشلىناتتى، شۇن-
چىلىك ئاددىي بىر ئىش ئۈچۈن ئالاھىدە جۈرئەتنىڭ نېمە كېرد-
كى؟ مەن شۇنداق ئويلاۋاتقان ۋاقىتتا قوللىرىم ئىختىيارسىزلا
ئۇنىڭغا سوزۇلدى، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن چۆچۈپ
كېتىپ ئۇزارتقان قوللىرىم بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالغىلى تاس
قالدى، دەرھال ئېسىمنى يىغىپ قولۇمنى ئۇنىڭ يوتىسىغا قوي-
دۇم. ئۇ چۆچۈپ ماڭا قارىدى، مەن ئۇنىڭ ماڭا زادى قانداق
ئەلپازدا قارىغانلىقىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم، مەن ئۇنىڭ يوتىسىغا
قولۇمنى قويۇشۇم بىلەنلا ئۇنىڭ چۆچۈپ ماڭا قارايدىغانلىقىنى

بىلگەچكە مەندە تەييارلىق بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ماڭا قارىشى بىلەن تەڭلا مەن باشقا ياققا قارىۋالغانىدىم. قولۇم ئۇنىڭ قىسقا يوپكىسى بىلەن پايپىقى ئارىلىقىدىكى يوتىسىنىڭ يالىڭاچ يېرىگە تەگكەنىدى، بىراق بۇ ھەرىكەت بەكمۇ تېزلا يۈز بېرىپ ئۆتۈپ كەتكەچكە، مەندە ھېچقانداق غىدىقلىنىش ياكى ھاياجان پەيدا قىلمىغانىدى. مېنىڭ قولۇم ئۇنىڭ يوتىسىغا تېگىشى بىلەنلا ئۇ قولى بىلەن قولۇمنى ئىتتىرىۋەتتى. ”ۋىيەي!“ دېدى-دە، بىرھازاغىچە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇدۇلغا قاراپلا تۇرۇۋالدىم، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ بىردەم كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم، بېشىمنى بۇراپ ئۇنىڭغا قارىسام ئۇ مېنى ئىنتايىن نومۇسسىز كەن دەپ ئويلاپ قالدۇ ھەم گەپ قىلىشنى باشلايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم.

ئۇ مېنىڭ يۈزۈمگە بىرھازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، بېشىنى ئالدى تەرەپكە بۇراپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن گېپىنى باشلىدى.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ تونۇشا-تونۇشمايلا. . .

مەن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدىم، چۈنكى جاۋاب بەرمىسەممۇ ئۇ مېنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلەتتى.

— ئەجەب ياۋاشكەن دېسەم ئەسلىدە ئىچىڭىزدە مۈڭگۈزىڭىز بار ئىكەن-دە، — دېدى ئۇ، مەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ يۈزلىرىگە تىكىلىپ قارىدىم. كىنوخانا سەل قاراڭغۇ بولغاچقا ئۇنىڭ قانداق روھىي ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ئېنىق پەرق ئېتەلمىدىم، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن سەل-پەل ئاچچىقلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، چىرايىدا

سەل-پەل جىددىيلىشىش ئىپادىلىنىپ تۇرغاندەك قىلاتتى، ئېنىقكى، ئۇ مۇشۇ تاپتا مېنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىمنى ئېنىق سېزىپ تۇراتتى. مەن خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم. ئۇ ماڭا قاراشقا پېتىنالمىغاندەك ئالدىغا قاراپ ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇۋەردى، بىرئازدىن كېيىن ئۇ نېمىدۇر بىرنەرسە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ، يۈزىنى مەن تەرەپكە بۇرىدى-دە، مېنىڭ تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىمگە قاراش بىلەنلا گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ يەنە ئالدى تەرەپكە قارىۋالدى. بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەممە نەرسە يالىڭاچلىنىپ بولغانىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاماق يېيىش ۋە كىنو كۆرۈشتىكى مەقسەت ھەر ئىككىمىزگىلا پۈتۈنلەي ئايان بولسىمۇ، بىراق بۇ مەقسەتنى خۇددى ھېچقايسىمىز بىلمەيدىغاندەكلا قىياپەتكە كىرىۋالغاندۇق. بىز شۇ پېتى كىنو ئاخىرلاشقۇچە ئۈن-تىنسىز ئولتۇردۇق. مەن خۇددى بېرىپ كىنو كۆرۈۋاتقاندەك ئېكراندىن كۆزۈمنى ئۈزمىدىم، شۇنداقتىمۇ بەدىنىمدىكى بارلىق سەزگۈلىرىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ پەقەت ئۇنىلا كۆزىتىپ ئولتۇراتتىم، كىنو ئاخىرلاشقۇچە ئارىلىقتا ئۇنىڭ ماڭا پات-پات كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئېنىقلا سېزىپ تۇردۇم.

ئۇ ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن خەتلەرنى يازغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ يەنە بىر خېتىدە مۇنداق يازغانىدى:

”. . . سىز بىلەمسىز، سىز مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ بولدىڭىز! مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز بولمىغان تۇرمۇشۇمنىڭ بىرەر دەقىقىسىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. مېنىڭ تۇرمۇشۇم سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزدىن ئايرىلسا مېنىڭ تۈگەشكى-

نىم شۇ! مەن مېنىڭ ھاياتىمنىڭ پۈتكۈل مەنىسىنىڭ باشقا
بىرەيلەنگە بۇنچىۋالا باغلىنىپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەن.
مەن، سىز بولمىغان تۇرمۇش ماڭا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر...“
ئۇ ئۇنىڭغا مانا شۇنداق خەتلەرنىمۇ يازغانىدى. شەك-شۈب-
ھىسىزكى، بۇ ئۇنىڭ ئۇنىڭغا يازغان خېتى ئىدى. ئۇ خەت
يازغۇچە ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى،
ئۇنىڭ ئۇچۇن پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىيالايدىغانلىقىنى ئىپادى-
لەپ، بۇنىڭغا ئۇنى قەتئىي ئىشەندۈرۈپ، قايىل قىلالايمەن دەپ
ئويلىغانىدى. تولا دېيىلىپ سېسىپ كەتكەن ئاشۇ سۆيگۈ ۋەدىلى-
رىنى قايسى رومانلاردىن ئۆگىنىۋالغان بولغىيتىكىن-تاڭ؟!
كېيىن بۇ خەتلەرنىڭ قايتا قولغا چىقىپ قېلىپ يازغانلىرىدىن
قاتتىق نومۇس قىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كېيىن ئۇنىڭدىن
يازغان بارلىق خەتلىرىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھەممىنى
ئۆزىمۇ تاپالمايدىغان يەرلەرگە تىقىۋەتكەنىدى. كېيىن ئاشۇ كۆل-
كىلىك خەتلەر (بىر قېتىم ئۆي كۆچۈش جەريانىدا) تاسادىپىي
قولىغا چىقىپ قالغاندا، بۇ خەتلەرنى قايتا ئوقۇپ شۇ چاغدىكى
تەلۋىلەرچە ھېسسىياتىدىن ئانچە نومۇسمۇ قىلىپ كەتمىدى، بۇ-
لار پەقەت ئادەتتىن تاشقىرى كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ
خەتتە ھەتتا ئۇنىڭغا ”سىزسىز ياشىيالمايمەن!...“ دېگەن
سۆزلەرنىمۇ قىلغانىدى. شۇ ۋاقىتتا ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭسىز يا-
شىيالمايدىغاندەكلا ھېس قىلغانىدى، بىراق ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ يەنى-
لا ھېچنەرسە بولماي ياشاپ كېتىۋەردى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا
راستىنلا ئۇنىڭسىز ياشىيالمىغۇدەك كۆيگەنلىكىگە ھازىر ئۆزى-
مۇ ئىشەنمەيۋاتقان يەردە، ئۇ قانداقمۇ قايىل بولۇپ تەسىرلىنىپ

كەتسۇن؟! بەلكىم خېتىمنى ئوقۇپ مېنى تازا زاڭلىق قىلغان-
دۇر، بەلكىم مېنى كاللىسىنىڭ ئازراق دەردى بار ئىكەن دەپ
ئويلاپ قالغاندۇر، ياكى رومانلارنى دوراپ شۇنداق يازدى دەپ
ئويلىغاندۇ، ياكى مېنى بىر بىنورمال ئادەم بولسا كەينىمگە
كىرىۋېلىپ ئاخىر زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدۇ دەپ قورققاندۇر.
ئىشقىلىپ، ئۇ مېنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلسا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىغا
ئىمكانىيەت بار دەپ ئويلايتتى ئۇ. بىراق يەنىلا توختىماي خەت
يازاتتى. ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىدىكى سۆزلەرنىڭ كىشىگە ھەقى-
قەتەنمۇ ئىنتايىن ياسالما ۋە كۈلكىلىك تۇيۇلىدىغانلىقىنى ھېس
قىلىپ يېتىشى كىچىك ئىشلار ئىدى. ئۇ ئاخىر ئادەم ھەرگىزمۇ
مېنىڭ ئاشۇ خەتنى يازغان چاغلىرىمدىكىدەك ھېسسىياتتا بول-
ماسلىقى كېرەك ئىكەن دەپ ئويلىدى. سېنىڭ مۇھەببىتىڭ
خۇددى رىۋايەتلەردىكى ياكى رومانلاردىكى بىر-بىرى ئۈچۈن جې-
نىدىن كېچىدىغان كۈلكىلىك، ئەسەبىي ئاشىق-مەشۇقلار-
نىڭكىدەك شۇقەدەر كۈچلۈك بولسىمۇ، بىراق سەن بۇنداق چوڭ-
قۇر ھېسسىياتنى ھەرگىزمۇ خەت بىلەن ياكى سۆز بىلەن ئىپادى-
لەپ بېرىشكە تىرىشما! چۈنكى بۇنداق ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن
سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ساختا ۋە ياسالما. ئەڭ ياخشىسى، ئۇن-
تىنسىز ياشاۋەر، گەرچە مەشۇقسىز ياشىيالمىغۇدەك بولساڭمۇ
ياشاۋەر. چۈنكى ياشاش ھېچقانچىلىك تەس ئىش ئەمەس، ياشاپ
كېتەلەيسەن!

مەن بەلكىم ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ شۇقەدەر ياخشى كۆرگەندى-
مەن دەپ خىيال قىلاتتى ئۇ، بىراق ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى
ئۆتكۈزۈلگەندە ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن بولاپكا ئالغاندا،

ئۆنىڭغا ئون يوەن خەجلەشكە قىيماي ئون يوەنلىك ۋە يەتتە يوەنلىك بولاپكىنىڭ ئىچىدىن يەتتە يوەنلىكىنى تاللاپ ئالغاندى. ئۆنىڭ ئۇچۇن جان پىدا قىلىشقا تەييار بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە شۇ كۇنى ئۇچ يوەننى ئاياپ قالدى. سوۋغات تاللىشىپ بىرىش ئۇچۇن بىللە چىققان ساۋاقدىشى ئۇ كۇنى ئۆنىڭ مەردلىكىگە ھەيران قىلىپ:

— ھازىر سىنىڭ كۆزۈڭگە پۇل دىگەن نەرسە كۆرۈنمەيدىغۇ-ھە! — دەپ قويغاندى. ئۇمۇ ئۆنىڭ يەتتە يوەنگە چىداپ ئۇچ يوەنگە چىدىمىغانلىقىنى ھىس قىلالمىغاندى.

ئاشۇ ئىشلارنى يادىغا ئالسا ئۇ، ئۇ چاغلاردا مەن ھەممە نەرسىنى چۆرۈپ تاشلىغاندىم، غۇرۇر، ئىزا تارتىش دىگەنلەردىن مەندە ئەسەرمۇ قالمىغاندى، توگىمەس قوغلىشىش، توگىمەس يىلىنىش. . . مەن ئۆنىڭغا قىلچىمۇ ئىزا تارتماي شۇ قەدەر يىلىنىپ كەتكەن ئىكەنمەن دىگەنلەرنى خىيال قىلىشى مۇمكىن، ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسلىسە كولوپ كىتىدىغان ۋاقتىمۇ بولغان، ئاشۇ بىچارىلەرچە يىلىنىشلارنىڭ كارتىنىلىرى كۆز ئالدىدا شەكىللەنسە ئىزادىن تەرلەپ، گەجگىسىگە كۆڭلىكىنىڭ ياقىلىرى چاپلىشىپ كىتىدۇ. ئۆنىڭ بۇنداق تۇيغۇغا كىلىپ قىلىشى بەلكىم ئاشۇ چاغلاردىن خىلىلا كىيىنكى ئىش.

زالدا كىنو توگەپ چىراغ يىقىلدى. بىز كىنوخانىدىن يىنىپ چىقتۇق. مەن نىمە ئۇچۇندۇر كىنوخانىدىن تىزرەك چىقىپ قاراڭغۇ كوچىلارغا كىرىپ كىتىشكە ئالدىرىدىم. چىقىپ كەتكۇچە خۇددى جىنايەتكارغا ئوخشاش بىشىمنى تۆۋەن سىلىپ، ئۆنىڭ نەزەرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا تىرىشىپ ماڭدىم. چىراغ

يورۇقى ئاستىدىن قايتىپ چىقىش بىلەنلا خۇددى زىممەمدىكى ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلىنىپ يەڭگىللەپلا قالغاندەك بولدۇم. مەن ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالماي قالغانىدىم، بۇنى ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپ ئۆزىگە قاراتقاندىلا ھېس قىلدىم.

—خوش، ئەمدى ئۆيگە قايتاي،—دېدى ئۇ ماڭا يېتىشىپ كېلىپ.

—نەگە؟—مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلىغان بولساممۇ يەنە ياندۇرمىلاپ سوراپ قويدۇم.

—ئۆيگە.

—نېمىشقا؟—بۇنى پاراڭنى ئۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈنلا سورىدىم.

بۇ سوئال ئۇنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ زىل ئاۋاز بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈشى مېنى بىر خىل يېقىملىق ھېسسىياتقا چۈمۈلدۈردى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى ئىنتايىن شاللاق كۈلكە ئىدى، ئەگەر ئۇ ئەنە شۇنداق ئىش كۆرگەن قىزلارغا خاس شاللاقلىق بىلەن كۈلمىگەن بولسا مېنى بۇنداق يېقىملىق ھېسسىياتقا ئىگە قىلىپ، يېقىن دوستلاردەك تۇيغۇ بېرىشى ناتايىن ئىدى. باياتىن قولۇمنى ئۇنىڭ يوتىسىغا قويغاندا بەدىنىمدە ھېچقانداق غىدىقلىنىش بولمىغانىدى، بىراق ئۇنىڭ شاللاق كۈلكىسى بىلەن خۇددى ئاياللارنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك ھاياجانلىنىپ، قانلىرىم جۇش ئۇرۇپ كەتتى. بۇ شاللاق كۈلكە ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بۇرۇن بولۇپ باقمىغان بىر خىل يېقىنچىلىقنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدىم.

قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، — دېدى ئۇ، — ھەر كۈنى كې-تىدىغان ئۆيۈمگىمۇ نېمىشقا كېتىدىغانلىقىمنى سورامسىز؟

مېنىڭ ”نېمىشقا؟“ دەپ سورىشىم ئۇ كۈلگىدەك ئۇنچۇالا كۈلكىلىكمۇ ئەمەس دەپ ئويلىدىم مەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلۇپ كۈلۈپ قويدۇم، بىراق مېنىڭ بۇ كۈلكەم زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلگەن كۈلكىگە ئوخشاپ قالدى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشۇنداق كۈلگەن ھالدىكى چىرايىمنى تەسەۋۋۇر قى-لىپ باقتىم.

مەن ئۇنى ئاپتوبۇس بېكىتىگىچە ئۆزىتىپ بارماقچى بول-دۇم، مەن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ قەيەردىلىكىنى، نەچچىنچى يولنىڭ ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ بارىدىغانلىقىنى سورىدىم، بۇ سوئاللىرىم ئۇنى خۇشال قىلغاندەك تۇراتتى. ئۇ ئۆز ئائىلىسىدىن پەخىرلى-نىدىغاندەك قىلاتتى، شۇڭا سوئاللىرىمغا خۇشاللىق بىلەن جا-ۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىلىرى ۋە ئاكا-سىڭىللىرى-نىڭ ھەممىسىنى زوق-شوق بىلەن تونۇشتۇرۇپ سۆزلەپلا كەت-تى، مەن ئاپتوبۇس بېكىتىگە بارغۇچە ئۇنىڭ ساغرىسىدىن كۆ-زۈمنى ئۈزمەي ماڭدىم (يۇپيۇمىلاق ساغرىسى ئۇنىڭ قەدەم ئېلىپ مېڭىشلىرىغا ماسلىشىپ ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كۆچەيتىۋې-تەتتى). شۇڭا ئۇنىڭ گەپلىرى قىلچىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى.

ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىم كېرەكمۇ؟ دەپ ئويلى-دىم مەن ھەم ئۇنىڭ تەكلىپىمنى قانداق باھانە-سەۋەب بىلەن رەت قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ نۇرغۇنلىغان ئېھتىماللىقلارنى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم، بۇ ئېھتىماللىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئىدىيەمدە تەييارلىق بار ئىدى. ئۇ تەلىپىمنى رەت قىلىدىغاندەك

ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن مەن مۇھەببەت ئىزھار قىلغان قىزلارنىڭمۇ ھەممىسى تەلىپىمنى قىلچىمۇ رەت قىلمايدىغاندەك تۇيۇلغانىدى، تەلىپىمنى رەت قىلمايدىغاندەك تۇيۇلۇشىنىڭ ئۆ- زىلا تەلىپىمنى رەت قىلىشىدىن بېشارەت بېرەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا خى- يال قىلىشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق ئىدى، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ تەلىپىمنى زادى قانداق رەت قىلىشى. ئۇنى تەلىپىمنى رەت قىلمايدىغاندەك ھېس قىلىشىم ھەرگىزمۇ ئۇنى رەت قىلىدۇ ياكى قىلمايدۇ دەپ ئويلىشىمغا يول ئېچىپ بېرەلمەيتتى. مۇ- ھەببەت ئىزھار قىلىش ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان بىر ئىش. مەن ئۇنىڭ بىلەن بولغان پاراڭنىڭ تېمىسىنى ئەپلەپ- سەپلەپ مۇھەببەت تەرەپكە يۆتكىشىم، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى، تە- لەپپۇزىنى ۋە چىراي ئىپادىلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆزىتىشىم، بۇلارنىڭ ئىچىدىن كاللا قاتۇرۇپ پۇرسەت ئىزدىشىم، ئۆزۈمنى كۆچۈمنىڭ بارىچە گەپدان ۋە شوخ قىلىپ كۆرسىتىشىم كېرەك ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقى- دىغان ئاۋارىچىلىق. ئەمەلىيەتتە بىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مۇھەب- بەتلىشۋاتقان بولۇشىمىز مۇمكىن، چۈنكى بىزنىڭ تونۇشۇشى- مىز ۋە بىللە يۈرۈشىمىزدىكى بىردىنبىر مەقسەت مۇھەببەتلى- شىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئۇنىڭغىمۇ ناھايىتى ئېنىق، لېكىن نېمىلا بولمىسۇن، مەن يەنىلا ئۇنىڭغا مۇھەببەتلىشىش ھەققىدە ئېغىز ئېچىشىم كېرەك.

—نەچچىنچى يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرىسىز؟—دەپ سورى- دىم مەن ئۇنىڭدىن.

— 7-يول.

ئۇنىڭ جاۋابى مېنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ 7-يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇشىنىڭ ئادەمنى ھاياجانلاندۇرغۇدەك زادى نېمىسى بار؟ مەن بۇنىڭغا ھەيران قالدىم، بەلكىم مېنى ھاياجانلاندۇرغىنى ”7“ دېگەن سان بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم 7-يول ئاپتوبۇسى يېتىپ بارىدىغان بەزى جايلارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى غۇۋا ھاياجانلىق ئەسلىمىلەر كاللامدا ساقلىنىپ قالغاندۇر. مەن ھاياتىمدىكى ”7“گە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر ۋە 7-يولنىڭ ئاپتوبۇسى يېتىپ بارىدىغان بېكەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلەر ئىچىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ تېپىشقا تىرىشتىم، بىراق ھېچنەرسىنى تاپالمىدىم.

بىز 7-يولنىڭ ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ كېتىۋاتاتتۇق، بىراق بېكەتكە بارمايلا ئارقىمىزغا ياندۇق. بېكەتكە يېقىن تۆت كوچا ئېغىزىغا يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ قەدىمى بارا-بارا ئاستىلاپ كەتتى. ئۇ توختىماي نېمىلەرنىدۇر بىرنەرسىلەر توغرىسىدا زوق-شوقى بىلەن سۆزلەيتتى، مەندىن بىرنەرسىلەرنى سورايتتى، مەن ئاغزىمغا كەلگىنىچە بىرنەرسىلەرنى دەپ جاۋاب بېرەتتىم. ئۇنىڭ بۇنچە كۆپ گەپ قىلىشى پەقەتلا قەدىمىنى بارا-بارا ئاستىلىتىشقا باھانىدەكلا قىلاتتى. ئۇ پات-پاتلا مېڭىشتىن توختاپ مەندىن سوئال سورايتتى.

— ئاپتوبۇس توختاپ كەتتىمىكىن؟ — دېدى ئۇ.

— توختاپ كەتكەن بولسا تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دېدىم مەن.

— نېمىشقا؟

— سىز كېتەلمەي قالىسىز-دە!

ئۇ كۈلۈپ قويۇپ مېڭىشتىن توختىدى، مەنمۇ توختاپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. ئەمەلىيەتتە ئاپتوبۇس تېخى توختاپ كەتمىگەنىدى.

— يەنىلا قاراپ باقايلى، — دېدى ئۇ، بىراق بېكەت تەرەپكە قاراپ ماڭمىدى.

— بولدىلا، ھەقچان توختاپ كەتتى، — دېدىم مەن.

بىز ئۇن-تىنسىز كەينىمىزگە قاراپ ياندۇق. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى ناھايىتى كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتتى. بىز ئارقىمىزغا يېنىپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتتۇق. كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا مەن قولۇمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قو-يۇپ ئۇنى مېڭىشتىن توختاتتىم، ئۇ چۆچۈپ ماڭا قارىدى.

— ماشىنا ئۇرۇۋەتمىسۇن دەپ شۇنداق قىلدىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قاراشلىرىغا جاۋابەن.

— قوللىرىڭىز ئەجەب چاققانكەنغۇ سىزنىڭ، — دېدى ئۇ نا-رازى بولغان قىياپەتتە.

— سىزگە كۆيۈنۈپ شۇنداق قىلدىم، كۆيۈنگەننى بىلمەيدى-كەنسىز، — دېدىم مەن. بۇ گېپىم ئۆزۈمگە ناھايىتى قاملاشمى-غاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

بىز چوڭ يولدىن ئۆتۈپ تار بىر كوچا بىلەن ماڭدۇق. تار كوچىدا يول چىرىغى بولمىغاچقا قاراڭغۇ ئىدى، قاراڭغۇلۇق كوچىنى تېخىمۇ تارلاشتۇرۇۋەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مەن ئۇ-نىڭغا ناھايىتى يېقىن تۇرۇپ، گەۋدەمنى پات-پات ئۇنىڭ گەۋدى-سىگە سۈركىۋېلىپ ماڭاتتىم. ئۇ ئۆزىنى ئېلىپ قاچاي دېمى-

دى. ئاياللارغا يېقىن تۇرۇش ۋە بەدىنىڭنى تەگكۈزۈۋېلىش ئانچە
تەس ئىشمۇ ئەمەس، كوچا ئاپتوبۇسىغا چىققاندا بولسا ئادەمنىڭ
كۆپلۈكىدىن ئاياللارغا يېقىن تۇرمايمەن دېسەڭمۇ ئىلاجىڭ يوق،
بىراق هازىر مەن ئۇنىڭغا كوچا ئاپتوبۇسىدىكى قىستاڭچىلىقتا
سۈركەلگەنچىلىك سۈركىلىپ تۇرالمىسامۇ، مۈرىمىز ۋە بې-
لەكلىرىمىزنىڭ بىر-بىرىگە پات-پات تېگىپ كېتىشى مېنى خې-
لىلا هاياجانلاندۇرۇۋېتىپ باراتتى.

بىز كوچىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ يېرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا
مەن تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ ئۇنى قاراڭغۇ بۇلۇڭغا
سۆرىدىم، ئۇ چۆچۈپ كېتىپ ماڭا چەكچىيىپ قارىدى. ئۇنىڭ
يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى يۇپيۇمىلاق بولۇپ، ماڭا بەكلا چىراي-
لىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى ماڭا ئىنتايىن يېقىم-
لىق تۇيۇلدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاشۇ چۆچۈشى بەكمۇ شاللاق
چۆچۈش ئىدى. ئۇ مېنىڭ هەرىكىتىمدىن ئەمەس، ئۆز بەدىنىمە-
دە تۇيۇقسىز جۇش ئۇرۇپ كەتكەن غىدىقلىنىشتىن چۆچىگەن-
دى. مەن ئۇنى تۇيۇقسىز قۇچاقلاپ چەتكە تارتقان ۋاقىتتا قىل-
چىمۇ جىددىيلىشىش هېس قىلمىدىم، مەن تا شۇ چاغقىچە بىرەر
قىزغا بۇنداق پارتلاش خاراكتېرىدىكى هەرىكەتنى قوللىنىپ باق-
مىغانىدىم، هەتتا بىرەر قىزنى قۇچاقلاپمۇ باقمىغانىدىم، مۇهەب-
بەت توغرىسىدا گەپ قىلىپ قالسامۇ جىددىيلىشىشتىن تىزلى-
رىمغىچە تىترەپ كېتەتتى. بۈگۈن ئەجەبا هەر كۈنى قىلىپ
ئادەت بولۇپ كەتكەن بىر هەرىكەتنى تەكرارلىغاندەكلا ئۇنى قۇ-
چاقلىۋالدىما؟ بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ هاڭ-تاڭ قالدىم. بەلكىم بۇ
ۋەقەنى ئەتىلا ئاغىنەمگە سۆزلەپ بەرسەم قەسەم ئىچمەنكى، ئۇ

قىلچىمۇ ئىشەنمەيدۇ. مەن شۇ چاغدىلا ئاياللارنىڭ ئۆز قەلبىمدە پۈتۈنلەي ئۆلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

—ۋۇي... ۋۇي... نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ —دېدى ئۇ كۆزلىرىنى كۆزۈمگە قاداپ، ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى قاتتىق قارشىلىق بىلدۈرىدىغاندەكلا ھېس قىلدۇراتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئانچە قارشىلىق بىلدۈرمەيلا مەن تارتىپ ماڭغان تەرەپكە سۈرۈلدى. مەن ئۇنى قارىغۇلارچىلا تارتقانىدىم، تەلىيىمگە مەن تارتقان تەرەپتە بىر پەلەمپەي كۆرۈندى، پەلەمپەينىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئىشىك تاقاقلىق ئىدى.

—بىردەم ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى، —دېدىم مەن، بۇ سۆز ئاغزىمدىن تامامەن توسالغۇسىز ھالدا ئىنتايىن راۋان چىققانىدى.

—مېنى قويۇۋېتىڭ! —دەپ خىتاب قىلدى ئۇ.

بىز تاش پەلەمپەينىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇق. قوللىرىم ئۇنىڭ بېلىدىن مەھكەم تۇتۇقلۇق بولسىمۇ، مەن تاش پەلەمپەينىڭ كاسامغا مۇزدەك تەگكەن چاغدىكى سوغۇقلۇقنى سېزىپ تۇردۇم. ئۇ پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ ماڭا ئۈن-تىنسىز ھالدا خېلى بىرھازا تىكىلىپ قاراپ تۇردى-دە، ئاندىن يادىغا ئالغاندەك قوللىرى بىلەن بېلىگە ئۆتكۈزۈلگەن قوللىرىمنى ئىتتىرىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىۋىدىم، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى توختىدى، مەن بارماقلىرىمنى ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىشتۈردۈم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر قېتىم ماڭا تىكىلىپ قارىدى. ئۇ ماڭا تىكىلىپ تۇرغىنى بىلەن مېنى كۆزىتىۋاتقاندەك ئەمەس ئىدى، مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ شۇتاپ ئۇنىڭ

بارلىق دىققىتىنى يىغىپ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى غىدىقلىنىشنى كۆزدىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، مەن خۇددى ئۇ مېنى كۆرمەيۋاتقاندەكلا ھېچبىر تارتىنىشسىز ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇللا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋەردىم. ئۇنىڭ دىققىتى بىرلا نۇقتىغا يىغىلغانىدى، مېنىڭ دىققىتىم بولسا چېچىلاڭغۇ ئىدى. مەن تۇنجى قېتىم بىر قىزنى قۇچاقلاپ تۇرۇۋېتىپمۇ كوچىدىكى قاراڭغۇلۇقنى، تاش پەلەمپەينىڭ سوغۇقلىقىنى ۋە يىراقلاردىكى ماشىنىلارنىڭ گۇرۇلدەپ ماڭغان ئاۋازلىرىنى سېزىپ تۇراتتىم.

—باياتىن ئەجەب ئېغىر-بېسىق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ مېنى ئالداپسەن-ھە! —دېدى ئۇ بىردىنلا مېنى سەنلەپ.

—ياق، مەن ھېچقاچان ئېغىر-بېسىق قىياپەتكە كىرىۋالمىدىم، —دېدىم مەن، —سىز ئۆزىڭىز مېنى ئېغىر-بېسىق دەپ ئويلىغان بولسىڭىز مېنىڭ نېمە ئىلاجىم، —مەن ئۇنى يەنىلا سىزلەۋەردىم.

—ۋاي بۇزۇق، —دېدى ئۇ ئەركىلەپ.

ئۇنىڭ مېنى بۇزۇق دېيىشى مېنى شادلاندۇرۇۋەتتى، مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتىم-دە، ئۇنى ئۆزۈمگە تارتىپ سۆيۈشكە تەمشەلدىم، ئۇ ھەدەپ بېشىنى باشقا ياققا بۇرىۋېلىپ مېنىڭ سۆيۈشۈمگە يول قويمىدى. مەن بىرھازا ھەپىلەشكەندىن كېيىن توختاپ قالدى.

—بىز تونۇشقىلى تېخى يېرىم كۈنمۇ بولمىدى، —دېدى ئۇ.

—يېرىم كۈن ئەمەس، يېرىم سائەت بولسىمۇ نېمە بوپتۇ؟

— بىزدە تېخى مۇھەببەت شەكىللەنمىدى.
— مۇھەببەتنى شەكىللەندۈرۈۋاتىمىزغۇ. . .
ئۇ يەنە نېمىدۇر بىرنەرسە دېۋىدى، مەن ئۇقالماي قالدىم.
— بىز ئەمدىلا تونۇشۇۋاتساق، ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا مۇھەببەت شەكىللەنگۈچە خېلىلا ۋاقىت كېتىدۇ، — دېدى ئۇ.
— ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت تەبىئىي مەۋجۇت، — دېدىم مەن، — مۇھەببەت بولمىغان بولسا بىز تو-نۇشمايتتۇق، ئەرلەر ئاياللارغا، ئاياللار ئەرلەرگە موھتاج. . . ئەزەلدىن شۇنداق، ھەر بىر ئەرنىڭ ھەر بىر ئايالغا مۇھەببىتى بولىدۇ.
— مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدىكەنسەن، سەن كۆرگەنلا ئايالنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرۈۋېرەمسەن؟
— ھەممە ئادەم شۇنداق.
— ساراڭكەنسەن.
ئۇ بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن دېدى:
— سىېنىڭ قەلبىڭدە ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە مۇھەببەت بار بولسا مېنى قىلچىمۇ ياخشى كۆرمەيدىكەنسەن. چۈنكى سېنىڭ ئالدىڭدا مەن باشقا ئاياللاردىن، كوچىلاردا ئۇيان-بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان ناتونۇش ئاياللاردىنمۇ قىلچە پەرقسىز. بىزنى تامامەن ناتونۇش ئادەم دېيىشكە بولغۇدەك، بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇھەب-بەت، ياخشى كۆرۈش دېگەنلەر نېمىش قىلسۇن! ئۇنىڭ ئۈستى-گە ھېلىلا تونۇشقان ئىككى ئادەم ئارىسىدا مۇھەببەت بار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.
— ساڭا نىسبەتەن مېنىڭ قەلبىمدە مۇھەببەت بارمۇ دەيلى،

بىراق بۇ مۇھەببەت پەقەت مېنىڭ قەلبىمدىكى نەرسە تۇرسا سەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بار، بۇنى سورۇشتۇرۇپ نېمە قىلىسەن؟

—قىپقىزىللا ساراڭكەنسەن، — ئۇ قوللىرىمنى بىلىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، قېيىداپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. ئۇ راستىنلا قېيىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— راست ئەمەسمۇ، — مەن ئىچىلىپ-يېيىلىپ، ئەزۋەيلەپلا سۆزلەپ كەتتىم، ئۆزۈمنىڭ خاراكتېرىمدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشكە ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ باياتىنقى "ھەي، بۇزۇق" دەپ چاقىرىشى رېئاكسىيە بېرىپ، مېنى پسىخىك پارچىلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار قىلىپ قويغاندەكلا مەن باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندىم، — مېنىڭ قەلبىمدە مۇھەببەت بولسا ئۇ پۈتۈنلەي ماڭا تەئەللۇق نەرسە، ئۇمېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىلا مەۋجۇت، سەن بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق. ئازابلىسا مېنى ئازابلايدۇ، شادلاندۇرسا مېنى شادلاندۇرىدۇ. سەن مەقسىتىڭگە يەتسەڭلا بولمىدىمۇ.

— قايسى مەقسىتىمگە؟!

— مەن بىلەن تونۇشۇشتىكى مەقسىتىڭگىچۇ!

مەن شۇنداق دەپ كۆلگىنىمچە يەنە ئۇنى سۆيۈشكە تەمشەلدىم. ئۇ لەۋلىرىنى ئېلىپ قاچقاچقا مەن ئارانلا ئۇنىڭ چاچلىرىغىلا سۆيەلىدىم، چاچلىرى ئوراپ تۇرغاچقا ئۇنىڭ بوينىغىمۇ سۆيەلمىدىم.

— ھايۋان! — دېدى ئۇ، — مەندەك بىر قىزغا مۇنداق مۇئامىلە قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟

ئۇنىڭ بۇ گېپى ئەرۋاھىمنى ئۇچۇرۇۋەتتى. مېنىڭ ئۇنى

سۆيۈشۈم بىلەن بۇ گەپنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ مەن ئىختىيارسىز ئۇنى قويۇۋېتىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. پۈتۈنلەي كەيپىم ئۇچقانىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن جۆيلىگەندەكلا چىققان بۇ گەپنىڭ مېنى بۇنداق خاپا قىلمىۋېتىشىنى ئۇ ئويلىمىغان بولسا كېرەك، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن بىللە ماڭدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزنى قىلىشىدا ھېچقانداق باشقىچە مەنە يوقتەك قىلاتتى، پەقەت مەن بىلەن داۋاملىق پاراڭلىشىش زۆرۈرىيىتىدىنلا شۇنداق دەپ قويغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ باشقا گەپنى قىلىشىمۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى.

بىز جىمجىت مېڭىپ ئۇنىڭ خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق.

— مەن بۈگۈن ياتاقتا قونۇپ قالاي، كەچ قالسام قونۇپ قالسۇن دەپ ئىدارە بىزگە ياتاق بەرگەن، — دېدى قىز. ئۇ ماڭا خېلىلا چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ كەيپىمنىڭ ئۇچقانلىقىنى سەزمىگەندەك قىلاتتى.

— ئەتە كۆرۈشەيلى، — دېدىم مەن. نېمىشقىدۇر ئاۋازىم دۇدۇقلاپ چىقىپ كەتتى، خۇددى تۇنجى قېتىم بىر قىزغا گەپ قىلىۋاتقاندەك ئالاقىزادە بولۇپ كەتكەنىدىم.

— ئەتە ئىشلىمەيمەن، شەنبە كۈنى مۇشۇ يەرگە كەلگىن، شۇ كۈنى ئاندىن بىر سۆيۈش مۇكاپات، سۆيۈپ قويىمەن!

— سەن دائىم بۇ يەردە قونۇپ قالامسەن؟

— سەن مېھمانخانىدا ئىشلەيدىغان قىزلارنىڭ ھەممىسى مېھمان كۈتۈپ بۇزۇلۇپ كەتكەن دەپ ئاڭلاپ، مېنىمۇ شۇنداق دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟

ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ يۈگۈرگىنىچە مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ گەۋدىسى بىنا ئىچىگە كىرىپ يوقالغاندىلا ئاندىن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ، ئۆيۈمگە قايتماقچى بولۇپ ماڭدىم. ئۇزۇن كەتكەن ئادەمسىز كوچىغا قارىشىم بىلەنلا كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولۇپ، بىر خىل پەرىشانلىق يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرۇشقا باشلىدى، شۇ چاغدا بىردىنلا مەن ئۆزۈمنىڭ بىرسى بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئاۋۋالقى بىرنەچچە خىل تەسەۋۋۇرلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلىيەتتە يۈز بەرمىگەنىدى. مەن ئۇنىڭغا قانداق تەلەپ قويۇش ھەققىدە شۇنچە باش قاتۇرغانىدىم، ئۇنىڭ تەلىپىمنى قانداق باھانە-سەۋەبلەر بىلەن رەت قىلىشىنىمۇ شۇنچە ئۇزاق تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم، بىراق مەن ئۇنىڭغا مۇھەببەتمۇ ئىزھار قىلالمىدىم ھەم ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمنى رەت قىلمىدى. ھەممە ئىش پۈتۈنلەي ئويلىمىغان يەردىن چىقتى. مەن بىردىنلا مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. مۇشۇ بىرنەچچە سائەتلىك كەچۈرمىش بىردىنلا مېنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇشۇم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى چورتلا ئۈزۈپ قويغاندەك قىلاتتى. خۇددى ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كېتىدىغاندەك قەلبىمدە نېمىلەرگىدۇر بىرنەرسىلەرگە بەكمۇ قىيالماسلىق بار ئىدى. بىردىنلا ھەممە نەرسە بەربات بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. خۇددى ئۆتمۈشنىڭ چەكسىز كەتكەن خارابىسى ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك ئادەمسىز قاراڭغۇ كوچىدا يەككە-يېگانە ھالدا شۇ قەدەر بىچارىلەرچە كېتىۋاتاتتىم.

— يەنىلا شۇنداق خاپا چىرايغۇ سەن! ئۇنىڭ بىلەن چىقى-

شالماي قالدىڭمۇ-يا؟ — دېدى ئاغىنەم ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگەن چېغىمدا مېنى كۆرۈپ. مەن ئۈندىمىدىم.

— نېمە بولدۇڭ، گەپ قىلساڭچۇ! نېمىلەرنى دېيىشتىڭلار؟

مەن ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دەپ جاۋاب بەرمەكچى بولدۇم-يۇ، بىراق زادىلا گەپ تاپالمىدىم، مېڭەم قوپقۇرۇق بولۇپ، ھېچبىر خىيال، تەپەككۇر ھەتتا ئاڭمۇ مەۋجۇت ئەمەستەك قىلاتتى.

— ئۇ تەلىپىڭنى رەت قىپتۇ-دە!

— ياق.

— ماقۇل دېدىما؟

— . . .

ئەتىسى چۈشلەرگە يېقىن سىرتقا چىقىپ ئادىتىم بويىچە كوچىلاردا مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈردۈم، بىر كىنوخانىنى ئالدىغا كېلىپ كىنو كۆرگۈم كېلىپ ئېلان تاختىسى ئالدىغا كەلدىم-دە، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئوبرازى مېڭەمدىن يالتتىدە ئۆتۈپ كەتتى، مەن شۇنىڭ بىلەنلا ئۆزۈمنىڭ تونۇگۇن بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكىمنى يادىمغا ئالدىم، نېمىشقىدۇر كىنو كۆرۈشنىڭ ھېچبىر مەززىسى قالمىغاندەك ھېس قىلدىم، كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈشنىڭمۇ مەززىسى قالمىغانىدى. بۇرۇن كىنو كۆرسەم كىنو كۆرۈشتىكى مەقسىتىم پەقەتلا كىنولاردىكى ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىش ئىدى، كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈشتىكى مەقسىتىممۇ كوچىلاردىكى چىرايلىق قىزلارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىدى، ئەمدى مەن مۇھەببەتلەشكەنىدىم، مەن

ئۇنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ بېقىشقا تىرىشتىم، پەقەت ئۇنىڭ سېرىق چاچلىرى بارلىقىدىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تەسەۋۋۇرۇمدا قايتا ياساپ چىقتىم، تەسەۋۋۇرۇمدا قايتا شەكىللەنگەن ئۇ، بارغانسېرى چىرايلىقلىشىپ بارماقتا ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ ئوبرازىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ بارغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مۇھەببەتنىڭ بۇنچە ئاددىي ئىكەنلىكى مېنى بەكمۇ بىئارام قىلماقتا ئىدى. قولنى شۇنداقلا سوزۇشتىن ئىبارەت ئىنتايىن ئاددىي بىر ھەرىكەت مۇھەببەتنىڭ بارلىق جەريانىنى شەكىللەندۈرگەنىدى، خالىي بىرەر جاينى تېپىپ تۇنۇگۇن يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارنى قايتىدىن ئىنچىكىلەپ كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ باققۇم كەلدى. ئۇ ئىشلار رېئاللىقتا زادىلا يۈز بېرىپ باقمىغاندەكلا مېنىڭ ئەسلىمەمدە ناھايىتى پارچە-پۇرات ۋە غۇۋا ھالەتتە ساقلىنىپ قالغانىدى، بۇلارنى قايتا كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزگەندە نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى، بۇلارنىڭ ئەمەلىيەت بولماستىن، بەلكى توقۇلمىغا ئايلىنىپ قېلىشى تەبىئىي ئىدى. يۈز بەرگەن ئىشلارغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

بىر كۈن ھېچ ئىشقا قولۇم بارمىدى، ھەتتا خىيال سۈرۈشمۇ زادىلا خۇشياقمايتتى. كوچىدا ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ ئۇچرىغان چىرايلىق قىزلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قىلىۋاتاتتى. نېمىشقا بۇنچە ئازابلىنىپ كېتىشىمنى بىلمەيتتىم.

ئۇ بەلكىم ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى مەنچىلىكمۇ بىلمەس-

لىكى مۇمكىن. . .

تەلۋە سۆيگۈ. . .

. . . ئەسەبىي خەتلەر

بۇ سانسىز مىسكىنلىك، چەكسىز دەرد-قايغۇ، ئاھ، سانسىز تەلمۈرۈش، سانسىز ئۈمىدنىڭ قالدۇرغان بىر ھارغىن ئەسلىمىسى بۇ، سانسىزلاپ خىجىللىق يۈزۈمنى سىيپاپ دەر: كۆرمە! بىكىرەك قايتا كۆرمىكىڭ. دەيمەن: ياق.

يىغلايمەن: كۆز ياشلىرىم بۇ.

تەلۋىلىك، ساراڭلىق خىجىل قىلىسىمۇ ئەسلەيمەن، ئاھ ئاشۇ كەچمىشلەرنى مەن ئەسلەيمەن يىرگىنىش ئىچىدە، قايتا خەتلەرنى كۆكسۈمگە ئاستا باسىمەن.

بۇ ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىنىڭ بېشىغا قاچانلاردۇر يېزىپ قويغان خەتلىرى. ئۇ شۇنچە خىجىللىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىنى ساقلاپ قويغانىدى، چۈنكى ئۇنىڭ شۇنچە جان-جەھلى بىلەن ئىنتىلگەن، شۇنچە يىللار بارلىق زېھنى بىلەن قوغلاشقان، نەچچە يىللىق ئۆمرىنى ئاتىۋەتكەن تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ قالدۇرغان نەرسىلىرى پەقەتلا ئەنە شۇ كىشىنى خىجىل قىلىدىغان خەتلەر ئىدى، بۇ نەرسىلەرمۇ يوقاپ كەتسە گويا ئۇنىڭ ئاشۇ بىرنەچچە يىللىق ھاياتى بەربات بولۇپ يوقاپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ خەتلەر ئۇنىڭ ئاشۇ بىرنەچچە يىللىق ھاياتى ئىدى، دۇنيادا ئۆزىدىن باشقا يەنە بىر ئادەم ئۇچۇن بىرنەچچە يىلنى ئەمەس، پۈتۈن ئۆمرىنى زايا قىلىدىغان تەلۋە ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇنداق ساراڭلىق كىشىلەر ئارىسىدا مەدھىيىلەنگەننىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ كىشىلەر تەلۋىلىكنى،

ئۆمۈرنى زايا قىلىشنى مەدھىيىلەشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن.

”مەن سىزگە يەنىلا خەت يېزىۋاتىمەن، يەنىلا ئۆزۈمنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتىمەن، قەلبىمنى ئىپادىلەشكە ئۇرۇنۋاتىمەن،—مەن ئۇنىڭغا يازغان بىر قېتىملىق خېتىمنى ئەنە شۇنداق باشلىغانىدىم،—گەرچە سىزگە قەلبىمنى چۈشەندۈرۈپ بولۇشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى شۇنچە ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋالالمايۋاتىمەن. ھېچ ئىشقا قولۇم بارمايدۇ، پەقەتلا سىزگە خەت يازغۇم، دادلىغۇم، توختىماي يېلىنغۇم كېلىپلا تۇرىدۇ، سىزنىڭ قەلبىڭىزنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئېرىتەلمىسەممۇ يەنىلا سىزگە يېلىنىمەن، مەن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندىم دەپ ھېس قىلىمەنۇ، يەنە سىزگە يالۋۇرىمەن، قارىغاندا، يەنىلا سىزدىن ئۈمىد ئۈزمىگەن ئوخشايمەن. سىز بىلەن خىياللىرىمدا مۇڭدىشىپ، سىزگە دەرد-ھەسرەتلىرىمنى تۆكۈپ كېتىمەن، نېمىشقا بۇنچىۋالا ھەسرەتلىنىپ كېتىدىغانلىقىمنى، نېمىشقا پۈتكۈل ھاياتىمنى سىز ئۈچۈنلا ياشاشقا سەرپ قىلماقچى بولغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئويلاپ-ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيمەن. ئەگەر مۇھەببەتنىڭ بۇنداق ھەسرەتلىك، بۇنداق ئازابلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، باشقىلارغا ئاشىق بولماي ئۆتۈشنىڭ قەدرىنى بىلگەن بولار ئىكەنمەن. مۇھەببەتسىز ياشاش نېمىدېگەن راھەت-ھە! بۇرۇن مەن زادى قانداق ياشىغان بولغىيتتىم؟ بۇرۇنقى كۈنلىرىم زادى قانداق ئۆتكەن بولغىيتتى؟ نېمىلەرنى قوغلىشىپ، نېمىلەرگە ئىنتىلىپ ياشىغان بولغىيتتىم؟ ئاھ، ئىنتىلىش، مۇھەببەتنىڭ ئازابلىرى بولمىغان ئاشۇ دەۋرلەر كەلمەسكە كەتتى. مەن مەڭگۈ

ئۇ دەۋرلەرگە قايتالمايمەن، چۈنكى سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز سا-
قايماس كېسەلگە ئوخشاش مېنى چىرمىۋالدى، ئۇنىڭدىن قۇتۇ-
لۇش مۇمكىن ئەمەس.“

تۇنجى قېتىملىق ئاشىقلىق ئۇنى ئەنە شۇنداق قىيىنغانىدى،
شۇ چاغلاردا خۇددى ئۇ ئۇنى ۋەيران قىلغاندەكلا ھېس قىلغان-
دى، ئەمەلىيەتتە، بۇ دۇنيادا ھېچكىم ھېچكىمنى ۋەيران قىلال-
ماپتەلمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزۈمنى تۇگەشتىم دەپ ئويلاپ،
بۇنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭدىن كۆرگەنىدى، ئۇنىڭغا غەلىتە كېسەل-
دەكلا مەھكەم يېپىشىۋالغانىدى، ئادەتتە بىر ئەر بىر ئايالنى
خوتۇن قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە بالا تېپىپ قويۇپ تاشلىۋەت-
سىمۇ، ئىگە-چاقىسىز ۋە يۆلەنچۈكسىز قالغان ئايالمۇ ئۇنىڭدەك
بۇنچىۋالا دادىلىماس بولغىيتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەممە ئادەم
مەسخىرە قىلغۇدەك كۈلكىلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى، ئۇ
ماڭا ھېچنەرسە قىلماي تۇرۇپ (ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بىلەن ھېچ-
قانداق مۇناسىۋىتىم يوق دېسەممۇ بولىدۇ)، پەقەت ئۇ ماڭا
ئۆزىنى تەقدىم قىلمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭدىن شۇ قەدەر رەنجى-
گەنىدىم. خۇددى ئۇنىڭدا ئەزەلدىنلا ھەققىم باردەك، ئۇنىڭ
ئۆزىگە ئىگە بولۇشىغا يول قويماسلىقىقا تىرىشقانىدىم، بۇنداق
ئۆكتەملىك ئەينى ۋاقىتتا ماڭا قىلچىمۇ غەلىتە تۇيۇلمىغانىكەن،
ئىنتايىن يوللۇق ھېس قىلغانىكەنمەن دەپ ئويلايدۇ ئۇ كېيىنكى
چاغلاردا چوقۇم.

”مەن مۇھەببەتتىن قۇتۇلۇشقا شۇنچە تىرىشىپمۇ قۇتۇلالمى-
دىم،— دېگەنىدى ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە،— سىز توغرۇلۇق
گەپ بولسا ھەممە ئادەم سىزنىڭ يامان گېپىڭىزنى قىلىدۇ،

سىزنى كوچىلاردا يۈرگەن بۈزۈق ئاياللار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ، مەن بولسام پەقەت سىزنى ئاقلاشقا تىرىشىمەن. ئۇلار دەلىل-ئىسپات بىلەن سۆزلىسە مەن قىلچە دەلىلسىزلا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىنكار قىلىمەن، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمەن، ئۇلارغا نەپرەتلىنىمەن. مۇھەببەت ئادەمنى ساراڭ قىلىۋېتىشكىمۇ قادىر بولسا كېرەك. مەندە ئاللىقاچان مۇھەببەتسىز ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايدىغان ئىدىيە شەكىللەنگەن بولسىمۇ، بىراق، مەن مۇھەببەتنىڭ بۇنچە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغا-نىكەنمەن. بەلكىم سىز مېنىڭ بۇ گەپلىرىمگە ئىشەنمەسسىز، سىزگە ياسالما بولۇپ تۇيۇلار، بۇلارنى مەن ئۆزۈممۇ بىلەلمەي قالدىم، سىزگە بولغان بۇنچە زور مۇھەببەت زادى نەدىن كەل-دى، نېمە سەۋەبتىن سىزنى ھاياتىم بىلەن تەڭ كۆرۈمەن؟ نېمىشقا مۇھەببەت ئۇچۇنلا ياشايدىغاندەك ئويلايمەن!...»

ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىمدىكى بۇنداق كۆلكىلىك گەپلەر ھازىر بۇ خەتلەرنى قايتا قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇغان ۋاقتىمدا (ئۇ خەتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەنىدى) سەۋر-تا-قىتىمنى تۈگىتىۋېتىدۇ. ساراڭلارچە ۋەدىلەرنى ئوقۇۋېرىشكە ئا-خىر چىدىيالماي توختاپ قالىمەن، بىراق، بۇ خەتلەرنى يەنىلا ئاۋايلاپ ساقلاپ قويىمەن، بارلىق خىجىللىقلارغا چىداپ تۇ-رۇپ، كېيىن يەنە قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇيمەنۇ، يېرىمىغا كەلگەن-دىلا ئوقۇۋېرىشكە يۈزۈم چىدىماي قالىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنتا-يىن كۈلپەتلىك بولغان بىرخىل تاماشا.

ئاشۇ چاغلارنى ئۇ ئەنە شۇنداق ئەسلەيدۇ، چۈنكى بۇنداق ئەسلىمەي ئىلاجى يوق. مەن ئۇنى تونۇمىساممۇ ئۇنىڭ كەچۈر-

مىشلىرى ماڭا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىلگىنىدىنمۇ بەكرەك ئېنىق. ئادەم ئۆزىنىڭ نومۇسلۇق ئىشلىرىنى تاماشا قىلسا بۇ خىل تاماشا ئەنە شۇنداق كۆلكىلىك ۋە ئېچىنىشلىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ. دۇنيادا ئادەم ئۆزىنى ئازابلايدىغان نەرسىلەرنى تاماشا قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئازابلىنىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق ئازاب بۇنىڭدىن پەرقلەن-مەيدۇ. ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىمنى قايتا ئوقۇغان ۋاقتىمدا، ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي قالمايتتىم، مەن ئەينى ۋاقىتتا قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىقىرىپ ئېيتقان ئاشۇ سۆزلەرنى پۈتۈنلەي راست دەپ يۈزدە يۈز ئىشىنەتتىم، ئۇنىڭغا بولغان شۇنچە تەلۋى-لەرچە ئاشىقلىق ماڭا قىلچىمۇ ساختا تۇيۇلمىغانىدى. ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت مېنى قارىغۇغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى، مېنىڭ ئۆز ۋەدىلىرىم ئىچىدىكى ساختا نەرسىلەرنى بايقىۋېلىش ئىقتىدا-رىمدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلغانىدى، مانا بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىمنىڭ تەكتىدىن چىققان ئاشۇ سۆزلەرنىڭ ئىچىدىكى رېئاللىققا ئەڭ يېقىن كېلىدىغان ئەڭ ئاددىيلىرىغىمۇ قىلچە ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتاتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈۋېلىشىم مۇمكىن دەپ ئويلىغانى-دىم، ھەتتا ئۆلۈۋېلىشنى خىيالمۇ قىلىپ باققان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ھەممە نەرسىدىن كېچىۋېتەلەيمەن دەپ ئويلىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كۆڭلۈمدە پۈتۈنلەي راست ئىدى.

بەلكىم بۇلار ئۇنىڭ خېلى ئۇزاق يىللاردىن كېيىنكى خى-ياللىرى، ئۇ بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىشنى نەچچە قېتىم ئەسلەپ ئۆتسە شۇنچە قېتىم ئۆزگىرىپ كېتەتتى. ئۇ ئاخىرىدا

ئۆزىنىڭ ئىمىلەرنى ئەسلىمەكچى بولغانلىقىنىمۇ تاپالماي قالاتتى. بىراق، ئۇلار ماڭا بەش قولدەك ئايان.

شەنبە كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى، مەن ئۇنى (ئاغىنەم تونۇشتۇرغان قىزنى) ئىزدەپ باردىم. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئوبرازىنى كاللامدا قايتا شەكىللەندۈرۈپ چىققاندىم، بىراق ئۇنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشكەندە مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا قايتا قۇراشتۇرۇلغان بۇ ئوبرازنىڭ پەقەت ئالتۇن رەڭلىك چاچتىن باشقا ھېچنەرسىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ مېنى ئىنتايىن سۆيۈق بىر خىل كۈلكە بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى.

ھاياتتا ھېكايە دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. رېئالىزمچىلارغا باركاللا! ئۇلار مانا مۇشۇ ھېكايە مەۋجۇت بولمىغان رېئاللىقتىن ئاجايىپ تەسىرلىك، گۈزەل ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ قانداقتۇر ئوبراز يارىتىش، تىپىكلەشتۈرۈش دېگەندەك خىلمۇ خىل نەيرەڭلىرى بار. ئۇلار مانا مۇشۇنداق ئۇسۇللار ئارقىلىق يالغان گەپكە باغرى قانمايدىغان كىتابخانلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈشكە سەۋەبچى بولالايدۇ. بىراق، مەندە رېئالىزمچىلاردەك ساختا، ئۇنداق يۈكسەك ماھارەت يوق، ئۇلارنىڭكىدەك ھاياجان بىلەن تولۇپ تاشقان قەلبمۇ يوق. مەن تۇنجى مۇھەببىتىمنى ئەنە ئاشۇ رېئالىزمچى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدەك ھەم چىن، ھەم رەھىمسىز، ھەم نەتىجىلىك قىلىشقا تىرىشتىم. (بەلكىم ئاشۇ چاغلاردا ئۆلۈۋالغان بولسام بۇ ھېكايىنىڭ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك نەتىجىسى

بار بولۇپ، مېنىڭ كەچۈرمىشىم مۇكەممەل كەچۈرمىش ھېساب-لىنىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، نېمىلا دېگەن بىلەن مەن يەنىلا ياشاۋەردىم، دېمەك، بۇ بىر ئاخىرى يوق ھېكايە بولۇپ قالدى. ئاخىرى يوق ھېكايىنى قانداقمۇ ھېكايە دېگىلى بولسۇن؟) دۇن-يادا تارىختىن بۇيان ئۆتكەن يازغۇچىلار ھەددى-ھېسابسىز، ئۇلارنىڭ يازغان مۇكەممەل ھەم تەسىرلىك ھېكايىلىرى بولسا تېخىمۇ ساناقسىز. مەن كېيىنكى چاغلاردا شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىمكى، يەنىلا مېنىڭ ئۆلۈۋالمىغىنىم توغرا بولغانىكەن. پەقەت تۇنجى مۇھەببەتنى تەسىرلىك ۋە مۇكەممەل ھېكايىلەردەك قىلىش ئۈچۈن ئاتايىن ئۆلۈۋالغۇچە، تەسىرلىك ۋە باش-ئاخىرى بار، مۇكەممەل ھېكايىدىن بىرەرنى يازالمىغان تەقدىردىمۇ ياشا-ۋەرسەم بولىدۇغۇ. ئادەملەر تارىختىن بۇيان مۇكەممەللىككە ئىنتىلىپلا ياشاپ كەلدى، بىراق ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى ھەيۋەتلىك ھالدا قۇربان قىلغان سانسىزلىغان ئادەملەرنىڭ مۇت-لەق كۆپ قىسمىنىڭ تامامەن توقۇپ چىقىرىلغان بەزى ھېكايە-لەردىكى پېرسوناژلارنىڭچىلىك داڭقى يوق. مېنىڭ قولۇمدىكى ئادەم ھېكايىدىن قىممەتلىكرەك.

مېنىڭ بۇ ھېكايىنى تاكى ئۇ مۇكەممەل قىياپەتكە كىرگۈچە داۋاملاشتۇرغۇم بار ئىدى. بىراق بۇنىڭغا ئامال بولمىدى. ئەجەبا مەن مۇكەممەل، باش-ئاخىرى بار بولغان ئەسەرلەرنى يېزىشنى خالىماسمەنمۇ؟! تازا خالايمەن. بىراق، ئاشۇ شەنبە كۈنى ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئىنتايىن سۆيۈق كۈلكىسى بىلەن كۆتۈۋالغاندىلا مېنىڭ بۇ خىيالىم تامامەن بەربات بولدى.

—يۈرۈڭ، مېنىڭ ئۆيۈمگە بارايلى،—دېدىم مەن ئۇنىڭ

بىلەن سالامىلىشىپ بولۇپ.

— ئۆيۈڭ قەيەردە؟ — دېدى ئۇ. مەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ سىز-لەپ سۆزلەۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

— يېقىنلا، — دېدىم مەن.

ئۇ ماڭا ئۇن-تىنسىز ئەگىشىپ ماڭدى، ئۇ گەپ قىلمىغىنى بىلەن ئىنتايىن شاللاق بىر تەرزدە كۈلۈپلا تۇراتتى. بۇ كۈلكە كىشىگە ئۇنى بار ئاۋازى بىلەن چاقىلداپ سۆزلەۋاتقاندەكلا ھېس قىلدۇراتتى.

مەن ئۇنى باشلاپ كېتىۋېتىپ ئۆيگە بارغۇچە ئاشۇ يولدا قېرىشقاندەك سانسىزلىغان چىرايلىق قىزلارنى ئۇچرىتىپ ماڭ-دىم. گۈزەل قىزلار ئۇچرىغانسېرى ئۇنىڭغا قارىغۇم كەلمەي باشقا تەرەپلەرگىلا قاراپ ماڭدىم. ھەر بىر چىرايلىق قىزنى كۆرسەم ئىچىم ئاچچىق ئېچىشاتتى. ئەجەبا ئاشۇلارمۇ مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتىدۇ، ئۇلارغا ماڭا ئوخشاشلا بىر ئەركىشى ئېرد-شەلەيدۇ-يۇ، مەن نېمىشقا ئېرىشەلمەيمەن؟ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلار ماڭا دائىم ئۇچراپ تۇرۇشى مۇمكىن، ئەتراپىمدا سانسىز-لىغان گۈزەل ئاياللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دائىم ھېس قىلىپ تۇرغان ئەھۋالدا مېنىڭ پۈتكۈل ئۆمرۈمدە ئۇلارغا ئېرىشەلمەس-لىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ ياشاۋېرىشىم نېمىدېگەن دەھشەت، دەپ ئويلىدىم. مەن يۈرىكىمدە ئاچچىق بىر ئېچىنىش پەيدا بولۇپ، دېمىمنىڭ قاتتىق سىقىلىۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىمنىڭ سوقىشى-نىڭ تېزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنچە نۇرغۇن گۈزەل ئاياللارنىڭ ئىچىدە ھېچبىرسىنىڭ ماڭا تەۋە بولماسلىقى ئىچىمنى قاينىتىۋەتتى. ۋۇجۇدۇم نېمىشقىدۇر بىردىنلا قى-

ـزىپ-تەرلەپ، كىيىملىرىم تېنىمگە چاپلىشىپ كەتتى. ئۇ يېـ
ـنىمدا ئۈن-تىنسىز كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ باقماقچى
بولۇپلا يەنە يالتىيىپ قالدىم، ئۇنىڭغا پەقەتلا قارىغۇم كەلمىدى.
كوچىدىكى باشقا چىرايلىق ئاياللارغىمۇ قاراشقا پېتىنالماي پە-
قەت ئالدىمدىكى يولغا قاراپلا ماڭدىم، بىراق كوچىلاردا مېنىڭ
دىققىتىمنى تارتقان ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدى ۋە ئادەمنى ۋەسۋەسىگە
سالىدىغان كىيىنىشلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەي تۇرغاچقا، مەن
يەنىلا خۇددى ئۇلار كۆز ئالدىمدا تۇرغاندەكلا ئازابلىنىپ ماڭـ
ـدىم. يۈرىكىمدىكى ئاچچىق پۇچىلىنىش بىردىنلا مېنىڭ ھەۋەـ
ـسىمنى قاتتىق قوزغىتىۋەتتى. مەن ئۇنى مەن ئولتۇرۇشلۇق
بىناغا باشلاپ كىردىم، بىنا ئالدىغا كەلگەندە ئۇ ”ئۆيۈڭ نەچچىنـ
چى قەۋەتتە“ دەپ سورىغانىدى، مەن جاۋاب بەرمىدىم، ئۇنىڭغا
جاۋاب بەرسەممۇ بولاتتىيۇ، لېكىن مەندىكى قاتتىق سىقىلىش
ھېسسىياتى مېنى گويا گەپ قىلسام ئاۋازىم چىقمايدىغاندەك خاتا
تۇيغۇغا كەلتۈرگەنىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا شاللاق ئاۋازى بىلەن
ۋارقىرىۋەتتى.

—پاھ، ئۆيۈڭ ئەجەبلا كەڭرىكەنغۇ، بويتاق تۇرۇپ بۇنچە
كەڭرى ئۆينى نەدىن ئالدىڭ؟

مەن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدىم، چۈنكى كوچىدىكى
مەن ئېرىشەلىشىم ناتايىن بولغان ئاياللارنىڭ گۈزەل گەۋدىلىرى
كۆز ئالدىمدىن كەتمەي، دەھشەتلىك ھالدا تېنىمدە كۆۋەجەۋاتقان
ئاللىقانداق ھەۋەستىن تېنىم پۇچىلانماقتا ئىدى، ۋۇجۇدۇم تو-
سۇۋالغۇسىز كۈچلۈك ئىنتىلىشتىن باشقا بارلىق رولىدىن مەھـ
ـرۇم بولغاندەك ھېچنېمىگە ئىشلىمەي قالغانىدى، ئۇنىڭ گەپلىـ

رىنى ئاڭلىدىمىۇ، مەندە جاۋاب بەرگۈدەك ماجال يوقلۇقىنى
ھېس قىلىپ جاۋاب بەرمىدىم، ئاجايىپ غەلىتە ھالدا نېمىشقىـ
دۇر يۈرىكىم سىقىلىپ، نەپسىم جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى.
قانداقتۇر مۆلچەرلىگۈسىز بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈۋاتـ
قاندەك غەلىتە سۈكۈتكە چۆمگەنىدىم، بۇ بىر قورقۇنچلۇق سۈـ
كۈت ئىدى. مېڭەم قۇپقۇرۇق ئىدى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا
قالغانىدىم، مەن ۋۇجۇدۇمدىكى پۈچىلىنىشنىڭ جىسمانىي تەلەپ
تۈپەيلىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىمىۇ، لېكىن بەددـ
نىمدە چىدىغۇسىز پۈچىلىنىشتىن باشقا ئۆزگىرىش يوق ئىدى.
ئۇ مەندىكى جىددىيلىشىشلەردىن خۇددى مېنى كۆرمەيۋاتقاندەكلا
خەۋەرسىزدەك قىلاتتى.

ئۇ مېنىڭ ئۆيلىرىمنى بىرقۇر كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقتى،
ئاندىن نېمىدۇر بىر نەرسىلەرنى دەپ كۈلۈپ بىرھازا سۆزلىدى.
لېكىن ھېچنەرسە مېڭەمگە چۈشمىدى، مەن پەقەت ئۆزۈمدىكى
غەلىتىلا جىددىيلىشىشتىن باشقا ھېچنەرسىنى ھېس قىلمايۋاتاتـ
تىم. مەن تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كارىۋاتنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى
كۆردۈم-دە، ئېتىلىپ بېرىپلا ئۇنى كارىۋاتقا بېسىۋالدىم. ئۇ بۇ
تۇيۇقسىز ھەرىكەتتىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى
چەكچەيگىنىچە ماڭا قاراپ تۇراتتى، ئۇ بىردەم نېمە ئىش يۈز
بەرگىنىنى بىلەلمىگەندەك ھاڭۋېقىپ قالدى. مەن بۇگۈن ماڭا
يولدا ئۇچرىغان گۈزەل ئاياللار پەيدا قىلغان ئېچىرقاشنى ئۇنى
قورال قىلىپ تۇرۇپ قاندۇرماقچى ئىدىم، بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن
ئالاقە قىلسام، قەلبىم مۇھەببەت شادلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئاناـ
نىزم قىلغاندىن كېيىنكى پۇشايمان تۇيغۇسىدەك ئېغىر روھىي

جىنايەت ھېسسىياتىغا چۈمىشى مۇمكىن. بىراق نېمىلا بولمى-
سۇن، ئۇ بىر ئايال جىنس ئىدى.

مەن ئۇنىڭ يوپكىسىنى ئۆرۈپلا ئۇنىڭ ئىچ كىيىمىنى سال-
دۇرماقچى بولۇپ قولۇمنى ئۇزىتىۋىدىم، ئۇ دەرھال ئۆزىگە
كەلدى-دە، تېپىچەكلەپ ئاستىمدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتى.

—نېمە قىلىۋاتىسەن؟ نېمە قىلىۋاتىسەن؟! قولۇڭنى
تارت! نېمە قىلىۋاتىسەن؟!...

ئۇ "نېمە قىلىۋاتىسەن" دېگەن سوئالنى ھەدەپ تەكرارلىغى-
نىچە مەندىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇناتتى. مەن ئايالLارنىڭ نېمە ئىش
قىلىۋاتقىنىڭنى بىلىپ تۇرسىمۇ نېمە قىلىۋاتىسەن دەپ سوراش-
لىرىنى ياقتۇرۇپ قالدىم. چۈنكى بۇ سۆزنىڭ ئۆزىلا ھەممىنى
ئاشكارىلاپ تۇراتتى، بۇ سۆزنىڭ "مېنى... دەۋاتامسەن" دېگەن
سۆزدىن مەنە پەرقى يوق ئىدى.

بىردىنلا لاسىدە بولۇپ قالدىم. دېمەك مەن لەقۋاكەن-
مەن-دە، دېگەن خىيال چاقماق تېزلىكىدە مېڭەمنى كېسىپ
ئۆتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئوي ماڭا ئانچە دەھشەتلىك تۇيۇلمىغان-
دى، پەقەت كېيىنكى چاغلاردىلا بۇ ئىشلارنى قايتا ئويلىسام
تېنىم شۈركىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر مەن ھەقىقەتەنلا شۇنداق
بولۇپ چىقسام بۇ مېنىڭ تۈگەشكىنىم ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا
چۈشىنىكسىز بۇ جىددىيلىشىش ۋە تېخى ئاڭغا ئايلانمىغان ھال-
دىكى باشقا جىنسلىقلارنىڭ تېنىگە قىزىقىش ھېسسىياتى تۇيەي-
لىدىن قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغان كاللام تەن ئاجىزلىقىنىڭ بەكمۇ
دەھشەتلىك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا ئۈلگۈرۈپ
يەتمىگەنىدى.

مەن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان ئاشۇ پۇرسەتتە ئۇ مېنى ئىتتىرىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇۋالدى، ئاندىن مېنى تىللى-غىنىچە كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى. مەن ھاڭۋاققىنىمچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ تىللاشلىرىغا بىرنەرسە دېگۈمۇ كەل-مەيتتى.

— سەن مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ ئويناپ يۈرگەن كوچا خوتۇنلىرىغا ئوخشىتىپ قىلىۋاتامسەن؟ — دېدى ئۇ چېچىلىپ. ئۇ راستىنىلا ئاچچىقلاۋاتقاندەك قىلاتتى، گويا ئۇنىڭدا يات جىنسقا نىسبەتەن ھېچبىر قىزىقىش يوقتەك. مەن ئۈندىمىدىم، — دىققەت قىل، كېسەل بولۇپ قالما يەنە، — دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن. مەن يەنە ئۈندىمىدىم. بىردەم يەرگە قاراپ جىمجىت تۇرۇۋالغاندىن كېيىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدىم، ئۇ ماڭا غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ نەزەرىدە يەنە ئىنتايىن كۈچلۈك يىرگىنىش ھېسسىياتى بار ئىدى.

مەندىكى جىددىيلىشىشنىڭ ئاخىرلىشىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغان كاللامدا ئىدراك بارا-بارا رول ئويناشقا باشلىدى. قاراڭغۇلاشقان كۆزلىرىم ئېچىلىۋاتقان-دەك ھېس قىلدىم.

— كۆزىڭىزگە قوۋسىڭىز كەلگۈدەك كۆرۈنۈۋاتامدىم؟ — دېدىم مەن. ئاغزىمدىن بۇ سۆز چىقىشى بىلەنلا ئۇ گويا زىممى-سىدىن ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك بىر تىنىۋالدى-دە، ۋا-تىلداپ سۆزلەپلا كەتتى. ئۇ سۆزلىگەنسېرى سۆزلىرى راۋانلى-شىپ، ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەن چاغدىكىدەك قىياپەتكە كىردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بارلىق نارازىلىقلىرى ساختىلىشىپ كەت-

تى. ئۇ مېنى ئىنتايىن كۆپ قىزلارنى ئەخمەق قىلىپ تاشلىۋەت-
كەن، ئۇچىغا چىققان ئەسكى لۈكچەك دەپ ئويلاپ قالغاندەك
قىلاتتى. بىراق مەن ئۇنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرىنى تۈزىتىشنى
خالىمىدىم، چۈنكى مەن ئۇنىڭ كۆز قارىشىدىكىدەك ئەر بولالى-
سامىلا ئۇ مېنى قاتتىق ياقتۇرۇپ قالىدىغاندەك، ئەڭ بولمىغاندا،
مېنىڭ ئىنتايىن ياۋاش بىر ئادەملىك قىياپىتىمگە قارىغاندا
مېنىڭ ئۇنىڭ خىيالىدىكىدەك بولۇشىمنى بەكرەك ياقتۇرىدىغان-
دەك ھېس قىلدىم.

ئۇ ماڭا ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ھالدا تىكىلگىنىچە بىرھازا
قاراپ تۇردى. مەن باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرغان بولساممۇ،
ئۇنىڭ ئىزچىل ھالدا مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ تۇرغان-
لىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم.

— كەچۈرۈڭ، ئالدىڭىزدا قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويغان
ئوخشايمەن، — دېدىم مەن. باياتىنقى مەن تىنالماي ئۆلگىلى تاس
قالغان ھاياجان ئاخىرلىشىپ بوشىشىپلا كەتكەنىدىم.

— كەچۈرۈڭ؟! نېمىشقا كەچۈرىمەن؟ — ئۇ يەنىلا مەندىن
كۆزىنى ئۈزمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئادەمنى قىستايتتى.

— بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس، مېنىڭ ئۇنداق قىلغۇم
يوق ئىدى، — دېدىم مەن، ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمنىڭ راستتىنلا ئۇن-
داق قىلغۇم يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم (چۈنكى مەندە
ئۇنىڭغا نىسبەتەن يىرگىنچتىن باشقا ھېسسىيات قالمىغانىدى،
ئۇنىڭغا قاراشمۇ ماڭا يىرگىنچلىك تۇيۇلىۋاتاتتى، مېنىڭ ئال-
دىمدا ئۇ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ياتسىمۇ ھاياجىنىمنى قوزغى-
يالمايدىغاندەك قىلاتتى. نېمىشقىدۇر ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئۆ-

زۇمنى كونترول قىلالماي قالدىم. . . ئۆزۈمنى. . . كونترول قىلالماي قالدىم، خۇددى كىسەل تەگكەندەكلا. . . خۇددى. . . ۋۇجۇدۇمدا. . . بىر خىل روھىي كىسەل. . . قوزغىلىپ. . .

مەن ئۇنىڭ تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ مەندىن يۆتكەل- گەنلىكىنى سەزدىم-دە، ئۇنىڭ چىرايىغا لەپپىدە بىر قاراپ قويى- دۇم، ئۇنىڭ تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ مەندىن يۆتكەلگەن- لىكىلا ئۇنىڭ سەل پەسكويغا چۈشكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى، شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇم. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا پەقەتلا قاراپ باققۇم يوق ئىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قېتىملىق مۇھەببەت ھېكايىسىنىڭ باشلانماي تۇرۇپ ئاخىرلى- شىۋاتقانلىقىدىن مۇكەممەل، تولۇق دېرەك بېرەلەيتتى.

—يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ سەن بىلەن ئارىلىشالماي- مەن جۇمۇ، —دېدى ئۇ پەيلىدىن تامامەن يانغان تەلەپپۇزدا، بۇ ئۇنىڭ ھېكايىنى داۋاملاشتۇرۇش خىيالىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈ- رەتتى، مەن ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى خالايدىغان ياكى خالىمايدى- غانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئېرىشەلمەي كۆنۈپ كەتكەن ئادەمگە نىسبەتەن ئېرىشىش بەكمۇ تاسادىپىي تۇيۇلۇپ، بۇ خىل تاسادى- پىيلىق خۇددى تۇيۇقسىز بېرىلگەن زەربىدەكلا تۇيۇلىدىكەن دەپ ئويلىدىم مەن ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەن ھالىتىمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم. نېمىلا دېگەن بىلەن رىئاللىقتا مەن ئۇنىڭغا ئېرىشكەنىدىم، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەن كەچۈرمىشىم مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەن كەچۈرمىشىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشىمنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى سەزدىم، قانداقلا بولمىسۇن، مەن تەشنا بولغان بۇ كەچۈرمىش مەۋجۇت ئەمەس

ئىدى. ئۆتمۈشتىكى كەچۈرمىشلەرنى ئۆزگەرتىشكە ناھايىتى ئۇ-
زۇن مەزگىل كېتىدۇ، ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىل ئىچىدە سەن
بەزىبىر كەچۈرمىشلىرىڭنى بارا-بارا ئۇنتۇپ كېتىشىڭ كېرەك.
ئاشۇ كەچۈرمىشلەر سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا قايتا پەيدا بولغاندا
ئىنتايىن غۇۋالىشىپ بېرىشى كېرەك، سەن بۇ كەچۈرمىشلەرنى
باشقىلارغا سۆزلەپ بەرمەكچى بولغاندا غۇۋالىشىپ بىلگىلى بول-
مايدىغان بولۇپ كەتكەن يەرلىرىنى ھېكايىنى بىر پۈتۈنلۈككە
ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۆزگەرتىپ تولۇقلاپ سۆزلەپ بېرىسەن،
تولۇقلاپ سۆزلەۋاتقان ۋاقتىڭدا ئاشۇ توقۇپ چىقىرىلغان خىيا-
لىي كارتىنىلار سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا شەكىللىنىپ، كەچۈرمىش-
لىرىڭنى يەنە بىر قېتىم قايتا سۆزلەپ بەرگەن ئاشۇ چاغدا كۆز
ئالدىڭدا شەكىللەنگەن خىيالىي، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان كارتى-
نىلارنىڭ ئۆزۈڭ توقۇپ چىققان كارتىنىلار ئىكەنلىكىنى پەرق
قىلالماي راست بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ، مانا مۇشۇنداق يول
ئارقىلىق سەن ئۆتمۈشنى تامامەن قايتا ئۆزگەرتىپ چىقالايسەن.
بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ۋە كۆپ تەكرارلاش
كېتىدۇ.

ئۇنىڭ قىياپىتى ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىدى. مەن بۇنداق
ئەستايىدىللىقنى خالىمايتتىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قىيا-
پىتىدىكى ئاشۇ ئەستايىدىللىقنى ئەسلىسەم كۆڭلۈم يېرىم بو-
لۇپ، ئۇنىڭ كالۋالىقىغا ئاچچىقىم تۇتىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قىيا-
پىتىدىكى شاللاقلىق، ئاشۇ ۋاقىتتا تامامەن ئۆچۈپ كەتمىگەن
بولسا، بەلكىم ئۇ يەنىلا ماڭا كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق تۇيۇلار
بولغىيتتى.

ئۇ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا، مەن بىر بۇلۇڭىدا ئۈن-تىنسىز ناھايىتى ئۇزاق ئولتۇردۇق. بەلكىم بىر-ئىككى سائەتچە ئول-تۇرغاندىمىز. لېكىن ھېچقايسىمىز سائەتكە قاراپ باقمىدۇق. ماڭا بۇ ئولتۇرۇش ئىنتايىن خۇش ياقتى. نېمە ئۈچۈندۇر بۇن-داق ئولتۇرۇشۇمدىن ئىنتايىن كۈلكىلىك ھالدا پەخىرلىنىش ھېس قىلماقتا ئىدىم، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ پەخىرلەنگۈدەك زادى نېمىسى بار؟! مەن ئاشۇنداق ئولتۇرۇپ ھېچنەرسىنى خىيال قىلمىدىم. قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغان مېڭەمدە ئۆي ۋە ئۆي ئىچى-دىكى جاھازلار ھەم قولۇمدا ئويناپ تۇرغان، بىكاردىنلا قولۇمغا چىقىپ قالغان ئەتىرگۈلدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى، قولۇم-دا ئەتىرگۈلنى ئوينىغاچ تىرنىقىمنى ئەتىرگۈلنىڭ تۇتقۇچىغا پاتۇرۇپ باقماقچى بولغانلىقىم، ئەتىرگۈلنىڭ سىرلىرىغا ۋە سىرلىرى ئۇپراپ كۆرۈنۈپ قالغان ياغىچىغا شۇ قەدەر سىنچىلاپ قاراپ كەتكىنىم ھېلىمۇ ئېنىق يادىمدا. بەلكىم ئاشۇ چاغدا قولۇمدىكى ئاشۇ ئەتىرگۈلدىن (ئەينى ۋاقىتتا مەن ئەتىرگۈلنى ھېچنەرسىگە ئىشلەتمەكچى ئەمەس.) باشقا خىيال قىلغۇدەك ھېچنەرسە قالمىغان بولسا كېرەك.

كەچ بولۇشقا يېقىن بىز ئەپلىشىپ قالدۇق، زادى قانداق قىلىپ ئەپلىشىپ قالغانلىقىمىزنى زادىلا ئېنىق ئەسلىيەلمەي-مەن. بەلكىم بىزنىڭ ئەپلىشىپ قېلىشىمىزغا ئەسلىگۈدەك بى-رەر سەۋەب بولمىغان بولغىيتتى. بۇنى ئۇنتۇماي يۈرۈشىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، چۈنكى بۇنىڭ ھەممىسى ھېكايىنىڭ ئاخىر-لىشىشىدىن كېيىنكى ئىشلار ئىدى. مەن بۇنى ئەسلىسەم، بىز-نىڭ ئەپلىشىپ قېلىشىمىزنى تامامەن كەچقۇرۇندىكى گۈگۈم

قاراڭغۇلۇقنىڭ چۈشۈپ كېلىشىدىن كۆردۈم. مەن چىراغنى يېقىشنى خالىمىدىم. چۈنكى قاراڭغۇلۇق ئادەمگە بىر خىل ئازادىلىك بېغىشلايدۇ، ئۆينىڭ تۆت تەرەپتىكى تېمى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ يوقالغاندا، خۇددى بۇ ئۆي تامسىزدەك، گويا چەكسىز كەڭلىككە ئىگە بولغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ گەۋدىسى قاراڭغۇلۇقتا بارا-بارا غۇۋالىشىشقا باشلىغاندىلا مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم، ئۇنىڭغا بولغان يىرگىنىش ھېسسىياتىمۇ قاراڭغۇلۇق بىلەن بىللە غۇۋالىشىپ بارماقتا ئىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سايىدەك قىياپەتكە كىرىپ قالغان ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ چىرايىنى مەن تامامەن ئۆزگەرتىپ تەسەۋۋۇر قىلالايتتىم. قاراڭغۇلۇق مېنىڭ ئۇنىڭ چىراي-تۇرقىنى ئۆزگەرتىپ ھېس قىلىشىمغا ئىمكانىيەت بېرەلەيتتى. ئۇنىڭ چىراي-تۇرقى مېنىڭ ئېڭىمغا تېخى ئورنىشىپ بولمىغانىدى، مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمدىكى ئوبرازلار بىلەن ئارىلىشىپ كېتىۋېرەتتى.

ئۇنىڭ ئاۋازى كۈندۈزدە ئانچە يېقىملىق ئاڭلانغاندەك قىلمايۋاتاتتى. قاراڭغۇلۇقتا بولسا ئاجايىپ يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ شاللاق كۈلكىلىرى يەنە باشلانغاندا، ئاشۇ جاراڭلىق كۈلكىلەر مېنى ئۇنى ئىنتايىن گۈزەل بىر قىز ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلدۇراتتى، چۈنكى مېنىڭ ئۇنى گۈزەل دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىمغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان يورۇقلۇق يوقالغانىدى.

—مىجەزىڭ ئەجەب غەلىتە ئىكەن، —دېدى ئۇ، —بىر قاراشتا ئىنتايىن گۇمۇش، بىر قاراشتا ئۇچىغا چىققان ئالىقاپ لۇكچەك، بىر قاراشتا ئىنتايىن ئېغىر-بېسىق، بىر قاراشتا

ئۆتۈپ كەتكەن شالاق، بىر قاراشتا ئىنتايىن دەردمەن، بىر قاراشتا شۇنداق ئوچۇق-يورۇق، بۇنىڭ زادى قايسىسى راست؟ سەن زادى قانداق ئادەم؟

—سەن شۇنداق ھېس قىلغان بولساڭ ئۇنىڭ ھەممىسى راست. مەن سەن ھېس قىلغاندەك ئادەم.

بەك مۇرەككەپ. . . ئادەمنى قورقۇنچقا سالغۇدەك مۇرەك-كەپ ئادەم ئىكەنسەن.

—ياق، دۇنيادا سەن ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ ئا-دەم مەۋجۇت ئەمەس، سەن بىرەر ئادەمنى ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق مىجەزلىك دەپ بېكىتىشكە ئۇرۇنىسەن. ئەمەلىيەتتە ئادەمدە مىجەز-خاراكتېر مەۋجۇت ئەمەس، ئادەم چەكسىز ئەر-كىن، شۇڭا ئۇنىڭدا خاراكتېر يوق. ئەمەلىيەتتە ئادەم ھېچنەر-سە ئەمەس، سەن ئۇنىڭ ھېچنەرسە ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قى-لىشنى خالىمىغاچقا، ئۇنى ئىنتايىن مۇرەككەپ دەپ ھېس قىلى-سەن، ئادەمنى دۇنيادىكى ئەڭ مۇرەككەپ نەرسە دەپ قاراش ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچنەرسە ئەمەسلىكىدىن ئىبا-رەت پاكىتقا كۆز يۇمۇشقا تىرىشىسەن، ئادەمنىڭ ھېچنەرسە ئەمەسلىكىنى يوشۇرىسەن، ئەڭ مۇھىمى، ئۆزۈڭدىن يوشۇرى-سەن، چۈنكى ئادەمنىڭ ھېچنەرسە ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىل-غىنىڭ—سېنىڭ تامامەن تۈگەشكىنىڭ!

—پەلسەپە ساتمىساڭچۇ، بۇنداق گەپلىرىڭنى مەن چۈشەن-مەيمەن، ماڭا سۆزلەپ بەرمەي كىتاب قىلىپ ياز!—دېدى ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ بولۇپ.

—دېمەكچىمەنكى، دۇنيادا مۇرەككەپ ئادەم يوق، —مېنىڭ

سۆزلىرىم ئۆزۈمنى ئاقلاۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا چىقىۋاتاتتى، ئەمەلىيەتتە مەن سۆزلىرىمنىڭ ئۇنى ئاچچىقلاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، چۈنكى مۇھەببەت ھېكايىسى ئاخىرلىشىپ بولغانىدى.

ئۇ گەپنىڭ تېمىسىنى ئەپلەپ-سەپلەپ بىزنىڭ توي قىلىشىمىز تەرەپكە سۆرەشكە تىرىشتى. مەن ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويدۇم.

— بەكمۇ چۈشكۈنلىشىپ كېتىپسەن، — دېدى ئۇ.

— ساڭا شۇنداق تۇيۇلدۇمۇ؟ ئۆزۈم ئۇنداق ھېس قىلمىدىم.

— سېنىڭ نەزەرىڭدە ھاياتنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوقمۇ؟

— بۇ توغرىدا ئويلىنىش ئادەمدە پەلسەپە پەيدا قىلىدۇ، پەلسەپىنىڭ پەيدا بولۇشى ھاياتنىڭ مەنىسىنى پەيدا قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق دېگەن گەپ. ھاياتنى مەنىسىز دېيىشنىڭ ئۆزى پەلسەپە، ئەگەر ھاياتتا پەلسەپە بار بولسا، بۇ ھاياتنىڭ مەنىسىز ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى پەلسەپە دېمەك مەنە دېمەكتۇر. ھايات مەنىسىز بولغانىكەن، ئۇنىڭدا پەلسەپە بولماسلىقى كېرەك.

— سەن تۈگىشىپسەن! — ئۇ كەسكىن ۋە قاتتىق ئاۋاز بىلەن شۇنداق دېدى. ئۇ راستتىن دەۋاتقاندەكلا شۇنداق دېدى، — توي قىلىۋال، تۇرمۇشۇڭنى تەرتىپكە چۈشۈرۈۋال، بولمىسا سارالڭ بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن!

— ياق، بۇ دۇنيا تۈگىشىشكە، چۈشكۈنلىشىشكە ئەرزىمەيدۇ، — دېدىم ۋە شۇنداق دەپ بولۇپلا گېپىمگە پۇشايمان قىلدىم. ئۇ مېنى گەپكە سېلىۋاتاتتى. مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئويۇن-

چۈقتەك ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ باياتىندىن بۇيانقى سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ مەقسىتىنىڭ مېنىڭ ئەزۋەيلەپ پەلسەپە سېتىشىمنى ئاڭ-لاش بولماستىن، بەلكى گەپنى توي تەرەپكە سۆرەش ئىكەنلىكى-نى ئۆزۈممۇ ھېس قىلىپ تۇراتتىم.

—توي قىل، توي قىلساڭ بۇنداق كۆز قاراشلىرىڭ ئۆزگى-رىپ كېتىشى مۇمكىن. تۇرمۇشنىڭ ئالدىراشچىلىقى، قىزغىن-لىقى سېنىڭ بۇنداق بىمەنە خىياللارنى قىلىشىڭغا پۇرسەت بەر-مەيدۇ، يەڭگىللەپ كېتىسەن.

—مەن بىلەن توي قىلىشنى خالامسەن؟—دېدىم مەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ بەلكىم مېنىڭ بۇنى قانداق ھېسسىياتتا دېگەنلىكىمنى تەلەپپۇزىمدىن ھېس قىلىپ بولالماي، چىرايىمدى-كى ئىپادىلەرنى كۆرۈپ باققۇسى كەلگەن بولسا كېرەك، چىراغ-نى يېقىۋىدى، مەن دەرھاللا ئۆچۈرۈۋەتتىم. ”مەن بىلەن توي قىلىشنى خالىمامسەن؟“ دېگەن سۆز ئېنىقكى، ئۇنىڭغا ”مەن خالايمەن، سەنمۇ خالامسەن؟“ دېگەن سوئالدەك تۇيۇلغانىدى. شۇڭا ئۇ بىرقەدەر ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

ئۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي بىرھازا سۈكۈتكە چۆمدى. بۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

—مەن بەلكىم سەن بىلەن توي قىلىشىم مۇمكىن،—دېدىم ئۇنىڭغا،—لېكىن سەن بىلەن توي قىلىشنى خالايدىغان ياكى خالىمايدىغانلىقىمنى مەن ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

—نېمانداق غەلىتە گەپلەرنى قىلىسەن؟ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ مېنى ھەيران قالدۇرمەن دەپ ئۆزۈڭنى قەستەن غەلىتە كۆرسى-تىشكە تىرىشىۋاتامسەن يا،—دېدى ئۇ، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بىر

خىل سقىلىش ۋە گاڭگىراش بىلىنىپ تۇراتتى.

— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلىۋاتىمەن، — مېنىڭ تەلەپپۇزىمـ
دىكى سوغۇققانلىق ۋە جانغا تېگىدىغان ئەستايىدىللىق ئۇنى
تېخىمۇ گاڭگىرىتىۋەتتى:

— سەن نېمە دېمەكچى؟ چۈشەنمىدىم.

— تېخى سەن بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلمىدىم، بەلـ
كىم توي قىلىپ قېلىشىم مۇمكىن، بەلكىم... ئۆمۈر بويى
قىزلارنىڭ تەلىپىمگە قانداق جاۋاب بېرىشىنى ئەمەس، بەلكى
تەلىپىمنى قانداق باھانە-سەۋەبلەر بىلەن رەت قىلىشىنى مۆلچەرـ
لەپ، بويتاق ئۆتۈپ كېتىشىممۇ مۇمكىن... مەن ئەنە شۇنداق
ياشاپ كېلىۋاتاتتىم... بىراق سەن ھەممىنى بۇزۇۋەتتىڭ...
سەن بىلەن توي قىلىشىم ئۈچۈن بىر شەرتىم بار، شۇنىڭغا
قوشۇلىشىڭ كېرەك...

— نېمە شەرت؟

— ئاڭلىسام توي قىلغانلارنىڭ ئاجراشمىقى تەس ئىكەن.
مەن بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان بىر كىشى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى
ئايالى بىلەن ئاجرىشىمەن دەپ ماجىرالىشىپلا كېلىۋاتىدۇ، لېـ
كىن ئاجرىشالمايۋاتىدۇ. يەنە بىر ئادەم ئايالى بىلەن ئايرىلىپ
ياشاۋاتقىلى سەككىز يىل بوپتۇ. لېكىن ئايالى تاھازىرغىچە
ئۇنىڭدىن خېتىنى ئېلىشقا ئۇنىمايۋېتىپتۇ. شۇڭا مەن سەن
بىلەن توي قىلىپ قالسام، توي قىلىشنىڭ ئالدىدا ئىككى يىلدىن
كېيىنلا ئاجرىشىپ كېتىشكە ماقۇل بولۇش توغرىسىدا ھۆججەت
ئېلىۋالىمەن.

ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ بىرھازا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ تىنىقىـ

مۇ ئاڭلانماي قالدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم.

— نېمە؟! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن چىرقىراق ئاۋازدا. بۇ ئۇنىڭ مېنى تىللىغىنى ئىدى.

ئۆينىڭ ئىچى بەكمۇ قاراڭغۇ، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى چىددىغۇسىز تۇردە قوداڭشىتىۋەتكۇدەك قاپقاراڭغۇ ئىدى.

"نېمە؟!" دېگەن سۆز بىلەن ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان ھەممە گەپلىرى تۈگىگەنىدى. مەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇنىڭ سىرتقا قاراپ ماڭغان شەپىسىنى ئاڭلىدىم. ئۇ تاشقىرىقى ئىشىكنى ئېچىۋىدى، پەلەمپەينى يورۇتىدىغان چىراغ نۇرىدا ئۇنىڭ ساپسېرىق چاچلىرى ئالتۇندەك تاۋلىنىپ ئاخىرقى رەت بىر جۇلا قىلدى-دە، مېنىڭ قەلبىمدە ئاچچىق بىر ئېچىنىش قوزغايدىغان كۆرۈنۈش بولۇپ يوقالدى. ئىشىكنىڭ تاراققىدە يېپىلىشى، تېخى باشلانمىغان بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرقى چېكىتى بولۇپ قالدى، لېكىن شۇ چاغدىن باشلاپ مەن ھەر دائىم ئۇنىڭ قايتا كېلىپ ئىشىكنى چېكىشىنى كۈتتۇم، چۈنكى ئۇ شۇنداق قىلىدىغاندەكلا تۇيۇلغانىدى.

ئىشىكنىڭ تاراققىدە قىلىپ يېپىلىشى بىلەن ھەممە نەرسە تۈگىدى. مەن بىردىنلا زىممەمدىن ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك يەڭگىللەپ قالدىم. مۇھەببەتنىڭ ئاخىرلىشىشىنى بەكمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ دەپ پەرەز قىلاتتىم. مېنىڭ خىيالىمدىكى ئايرىلىش ئادەمنى دەردكە، ھەسرەتلىك خىيالغا دۇچار قىلىدىغان ئايرىلىش ئىدى، بىراق بۇ ئايرىلىش زادىلا مېنىڭ كۈتكەن

يېرىمدىن چىقمىدى. مەن بىردىنلا ئازادلىققا ئېرىشكەندەك يې-
نىكلەپ كەتكەنىدىم. مەن كېيىنچە ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى
كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل قىز
ئىدى. مەن ئۇنىڭكىدەك ساپسېرىق چاچلارنى، ئۇنىڭكىدەك ئا-
دەمنى مەپتۇن قىلىدىغان شاللاقلىقنى باشقا ئاياللاردا ئۇچراتمى-
دىم. بىراق، نېمىلا دېگەن بىلەن مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە
بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم. چۈنكى دۇنيادا قاپقارا چاچلىق ئاياللار
يوق ئەمەس، ئۇنىڭغا قارىغاندا سېمىزرەك ئاياللار يوق ئەمەس،
ئۇنىڭدىن ئورۇقراق ئاياللارمۇ يوق ئەمەس. . . مانا بۇلارنىڭ
ئازابىغا چىداش مۇمكىنمۇ؟

ھېلىقى ناتونۇش ئەبلەخنىڭ كەچۈرمىشلىرى مېنى دائىملا
ئازابلايدۇ. مەن ئۇنى ئىختىيارسىز يادىمغا ئالىمەن.

”بىلەمسىز، مېنىڭ سىزگە ئاشىق بولۇپ قېلىشىم ناتايىن
ئىدى، سىزنى بۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ قېلىشىم بەلكىم بىر
بىنورمال پسىخىكىدۇر، نېمىشقا چوقۇم نورمال بولىشىمىز كې-
رەك ئىكەن، كىم بىزنى نورمال بولۇشقا مەجبۇرلىيالايدىكەن؟
. . .“ ئۇ ئۇنىڭغا يازغان بىر پارچە خېتىنى ئەنە شۇنداق باشلى-
غانىدى. خەتلىرى يەنىلا تۇگىمەس ۋەدىلەر ۋە ئازابلىق نالە-پەر-
يادلار بىلەن تولغانىدى. ئۇنىڭغا ھەممىنى چۈرۈپ قويۇپ يېلى-
ناتتى، ئۇنىڭغا ئۇنى نەقەدەر ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى بىلدۇ-
رۇشكە تىرىشاتتى. ئېنىقكى، ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە زادى قانچىلىك
ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى
سەۋەبى قەلبىدە، ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر
ئىكەنلىكىنى بىلىپلا تەلىپىمنى قوبۇل قىلىدۇ دېگەن ساددا

خىيال بار ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ ئاشۇ قىز مېنىڭ مۇھەب-
بەتتە قانچىلىك سەۋدايى ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى مەندىنمۇ
ياخشىراق چۈشەنگەنىكەن دەپ ئويلايدۇ.

”سىز مېنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈردىڭىز“ دېگەنىدى ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە، — مېنىڭ كۆز ئالدىمدىكى ھەممە نەرسە يوقال-
دى، مېنىڭ قەلبىم ئۆلدى. مەن ئۆزۈمنىڭ چەكسىز چوڭقۇر بىر ھاڭغا غۇلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپلا تۇرىمەن، دائىم چوڭقۇر جىرالارغا غۇلاپ كېتىپ چۈش كۆرۈمەن. سىز-
نىڭ ئاشۇ گۈزەل ۋە مۇقەددەس بولۇپ كەتكەن سىمايىڭىز مېنىڭ رېئاللىقىم بىلەن خىياللىرىمنى ئەمەس، چۈشلىرىمنىمۇ ئىگە-
لەپ بولدى. مەن سىزنىڭ سۆيگۈڭىزدىن ئايرىلىپ ياشىيالماي-
دىغانلىقىمنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتمەكتىمەن. . .“ ئۇ خەتلىرىدە يېزىلغان سۆيگۈ ۋەدىلىرى چوڭقۇرلاشقانسېرى قاتتىق خىجىللىق دەستىدىن خەتنى ئوقۇپ داۋاملاشتۇرالماي قالاتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ شۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ قالغان-
لىقىغا بەلكىم كېيىنكى چاغلاردا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان-
دۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ چەكسىز ئاشىق بولغا-
نىدى، بۇ ئاشىقلىقىنىڭ چوڭقۇرلىقىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ چەكسىز ئىكەنلىكىنى ھېلىمۇ ئەسلىيەلەيدىغاندۇ. بۇ چەكسىزلىكنى، بۇ چوڭقۇرلۇقنى ئۇنىڭسىز ياشىيالايدىغانلىقى ياكى ياشىيالمايدى-
غانلىقى ئارقىلىق ئۆلچەشكە بولمايدىغانلىقىنى كېيىنچە سېزىپ يەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭغا تامامەن ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ياشاۋەردىم دېگەنىدى بىر قېتىم ئۇ. لېكىن ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت

ھەرگىزمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشمىدى، بەلكىم بارغانسېرى كۈچىيىپ بارغاندى. ئۇ كېيىنچە سېزىپ يەتتىكى: قەلبىمنى چۈشەندۈرۈشكە شۇنچە تىرىشىپ يازغان، مېنىڭ قەلبىمنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىرىدىن چىققان ئۇنىڭسىز ياشىيالماسلىقىم توغرىسىدىكى ئاشۇ سۆزلەر قىلچىمۇ مېنىڭ سۆزلىرىم ئەمەس ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ نەزەرىدىكى ئەڭ كۈچلۈك سۆيگۈ ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن سۆزلەر، بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ سۆيگۈ ھېسسىياتى ئىكەن. مەن ئۇنى ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىمگە كۆچۈرۈپ كېلىپلا ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىمنىڭ تەكتىدىن چىقتى دەپ قاتتىق ئىشەنگەنىكەنمەن. مانا بۇ تىلنىڭ كارامىتى، يەنى ئۆز قەلبىڭدىكى ھېسسىياتنى باشقىلارنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق ھېس قىلىش ۋە باشقىلارنى دورىۋالغان نەرسىلەرنى ئۆزۈڭنىڭ دەپ ئىشىنىش. ئۇ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەسلىكى سەۋەبىدىن ھاياتتىن ۋاز كېچىپ كەتمىدى، بەلكى ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ ئېشىپ باردى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى ھاياتتىنمۇ كېچىدىغان دەرىجىدىن خېلىلا چوڭقۇر ئىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇرلىقىنى ھاياتتىن كېچىش-كەچمەسلىك بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايتتى.

”سىز بەلكىم مەندىن بىزارمۇ بولۇپ كەتكەنسىز. مەن بۇنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىپ تۇرىمەن. خۇددى بۇ دۇنيادا بىزنىڭ ئارىمىزدا بىر ئۆچمەنلىكتىن باشقا ھېچنەرسە يوقتەك. سىز باشقا ئەرلەرگە كۈلكىڭىزنى ئايىمايسىز. ئۆزىڭىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېقىنلىشىسىز، خۇددى بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئەرلەرنىڭ ئارزۇسىنى ئۆزىڭىز يالغۇزلا قاندۇرۇش ئۈچۈن تۇغۇلغان-

دەك، ھەرقانداق ئەرگە ئەنە شۇنداق يېقىنچىلىق قىلىسىز، پەقەت ماڭىلا ئۇنداق ئەمەس. سىزگە بولغان چەكسىز مۇھەببەت ھەتتا مېنى سىزنىڭ ئاشۇ قېنىپ بولماس شاللاقلىقىڭىزنىمۇ سۆيۈدىغان قىلىۋەتتى، ھەتتا مەن ئۆزۈمنى پەقەت سىز ئەنە شۇنداق شاللاق بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا سۆيۈدىغاندەك ھېس قىلدە. مەن، سىزچۇ، سىز مەندىن خۇددى قارغىش تەگكەندەكلا قېچىپ يۈرىسىز، پەقەت مەندىنلا يىرگەنسىڭىز كېرەك. مەن نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. سىز باشقا ئەرلەرنى زادىلا سەت-چىرايلىق دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدە. سىز، باشقىلارغا قويۇدىغان ھېچقانداق ئارتۇقچە تەلەپلىرىڭىزمۇ يوق. ئەخلاقلىق ياكى ئەخلاقسىز دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايسىز، ھەرقانداق ئەر سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنىڭ قىلتىقىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. سىز ھەرقانداق بىرسىنى ئەپلەپ-سەپلەپ قولغا كەلتۈرىسىز. مەنچۇ؟ مەن ئۈن-تىنسىز ھالدا كەينىڭىزدىن قاراپ قالىمەن. ئۇلارنىڭ سىزنى ھامان تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ سىزنى تاشلىۋېتىشىنى كۈتۈمەن، بىراق ئۇلار تاشلىۋەتكەندىن كېيىنمۇ مەن يەنىلا سىزنىڭ ۋىسالىڭىزغا ئېرىشەلمەيمەن، ھەتتا مېنىڭ ئالدىمدا بىرەر قېتىم كۈلۈپمۇ قويماي دېمەيسىز. سىز ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتكەن ھەتتا سىزنىڭ يۈرىكىڭىزگە ئۈنتۇلغۇسىز يارا قالدۇرغان ئەرلەر ئالدىدىمۇ يەنىلا تۈگىمەس كۈلكىلىرىڭىز بىلەن كۈلۈپ-ئەركىلەپ تۇرىسىز. مەن سىزنىڭ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم...»

ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇزاقتىن-ئۇزاق خەتلىرىنى ئۇ زادى ئاخىرىغە

چە ئوقۇدىمۇ-ئوقۇمىدىمۇ، ئۇ بۇنى بىلمەيدۇ، ھەتتا مەنمۇ بىلمەيمەن. ئەينى ۋاقىتتا بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، بەلكىم ئۇ ئازراق ئوقۇپ قويۇپلا تاشلاپ قويسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ، بۇ تولىمۇ ئەخمىقانە خىيال ئىكەن دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ خەتلىرىنى ئاخىرغىچە تەپسىلىي ئوقۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ خېتىدىكى بۇ ۋەدىلەرنىڭ، دادلاشلارنىڭ بىر بېتىنى ئوقۇپ قويسىمۇ، ھەممىسىنى ئوقۇسىمۇ ئوخشاشلا بىر ئىش، ھەتتا بىرەر بېتىنىمۇ ئوقۇماي باشقا بىرەرسى بىلەن كىنوخانىغا بېرىپ ھىندىستاننىڭ كىنولىرىدىن بىرەرنى كۆرسىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن تامامەن كۇپايە دەپ ئويلىغانىدىم مەن، بىراق ئۇنىڭمۇ ئۇنداق خىيال قىلىشى ناتايىن. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن مەندىن كۆپ ئەقىللىق ئىكەن. چۈنكى ئۇ ئەينى ۋاقىتتىلا ئەسەبىيلەرچە ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ مۇھەببىتى تەسۋىرلەنگەن كىنولاردىكىدەك ئىشلارنىڭ بۇ رېئاللىقتا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن. مەن بولسام رېئاللىقتىن مۇكەممەل بىر مۇھەببەت ھېكايىسىنى ئىزدەپ يۈرگەنكەنمەن.

ئۇ ئۇنىڭغا سانسىز قېتىم خەت يازدى. . . ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولساممۇ بۇ خەتلەرنىڭ بىرەر قۇرىنىمۇ ئوقۇپ قويمىغان بولار ئىكەنمەن. . . چۈنكى بۇ خەتلەر ئادەتتىن تاشقىرى مەنىسىز ۋە لاۋزا بولۇپ، ئۇنى ئوقۇشقا خېلىلا كۆپ سەۋر-تاقەت ۋە ھەرقانداق يىرگىنچلىك ئىشنى تاماشا قىلالايدىغان داپتەك قېلىن يۈز كېرەك ئىكەن. ئۇمۇ بەلكىم كېيىنكى چاغلاردا داپيۈزلۈك بىلەن ئۆزىنىڭ رەسۋالارچە ھالىتىنى مەز-

دەك تاماشا قىلغاندۇر.

مېنىڭ بۇ ھېكايىنى داۋاملاشتۇرغۇم بار ئىدى، بىراق ئامال بولمىدى. بىراق ئۇنىڭ ئالتۇن چاچلىرىنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق جۇلاسى ۋە تاراقشىپ يېپىلغان ئىشىك ھەممىنى ئۈ-زۈپ قويدى. مەن ئۆزۈمگە قاتتىق نەپرەتلەندىم. ئۆزۈمنىڭ بىر ھايۋانغا ئايلانغانلىقىمنى ھېس قىلغاندىم. مېنىڭ قەلبىم ھەقى-قەتەن تۇگەشكەندى. مەن ئاشۇ ئالتۇن چاچلىق بىلەن ئارىلاش-قان ئاشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ قىلىقلىرىمغا ھەيران قالدىم. ئۇ مېنى بىرنەچچە قېتىم”بۆزۆق، لۈكچەك!“ دەپ تىللى-لىدى. مەن ئەمەلىيەتتە بۆزۆق ياكى لۈكچەك دېگۈدەك ھېچقانچە تەجرىبىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغاندىم، بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر ھەقىقەتەنمۇ سانسىز ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلىپ تاشلىغۇەتكەن، قىزلارنى ئالداشنى ئۆزۈمگە كەسىپ قىلىۋالغان لۈكچەكتەكلا بولۇپ قالدىم. مەندە قۇپقۇرۇق ھايۋاني ھېسسى-ياتتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. تۇنجى قېتىملىق قۇچاق-لاش، تۇنجى قېتىملىق كارىۋاتقا بېسىش، ئەجەبا بۇلارنىڭ ھەم-مىسى تولا تەكرارلىنىپ كەتكەن ئىشلاردەك ھېچبىر يېڭىلىق تۇيۇلمىدىغۇ؟! مەن شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىمكى، مەن تامامەن تۈگەشكەنىمەن. ئۇنىڭ تۇنجى مۇھەببەتتىكى ئازابلىرى مېنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرگەنىكەن. مەن بۇنىڭ تۇنجى سۆيگۈ كەچۈر-مىشلىرىنى ئويلىسام نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالغان بۇگۈنكى كۈندە قەلبىمدىكى مۇھەببەت ھېسسىياتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان-كەنمەن. تېنىمنىڭ چوڭقۇرىدا پەقەت ئېچىرقاش ۋە ئاچ بۆرى-دەك ھۆركىرەشتىن باشقا ھېچنەرسە قالمىغانىكەن. مېنىڭ

قەلبىمدىكى بارلىق سۆيگۈنى ئۇ ئۇنىڭغا خەت قىلىپ يېزىپ تۈگىتىپ بولغانىكەن. مەن ئالتۇن چاچلىق قىزغا يەڭگىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان ۋاقتىمدا مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس دېگەنىدىم. مەن باشقىلار تەرىپىدىن بۇ چەكسىز تېگى يوق مەنىسىزلىكنىڭ ھاڭغا قىستالغان، ئۇ مېنى مۇشۇ ھاڭغا قىستاپ ئېلىپ كەلگەنىكەن. شۇڭا بۇ سەۋەنلىك ئەمەس، ئامالسىزلىق.

بەلكىم مۇھەببەت زەربە بېرىۋەرسە ئاخىرىدا سەنمۇ مۇھەببەتتىن ئۈچ ئېلىشىڭ، ئۇنى كولدۇرلىتىشىڭ مۇمكىن.

بىكاردىن-بىكار كوچا ئايلىنىش مېنىڭ ئادىتىمگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. قۇپقۇرۇق ئۆيۈمدە يالغۇز ئولتۇرۇشنى پەقەتلا خالىمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ئەلۋەتتە، مەن ئۈچۈن كوچىمۇ قۇپقۇرۇق ئىدى. كوچىدا تونۇش ئادەمدىن بىرەرسى تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالمىسا، كوچىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ساڭا ناتونۇش بولغانلىقى ئۈچۈن كوچا ئۆيۈڭگە ئوخشاشلا قۇپقۇرۇق تۇيۇلىدۇ، قۇپقۇرۇق ئۆيدىن ساڭا كۆڭۈل ئاچقۇدەك ھېچنېمە چىقمىغاندەك، كوچىدىنمۇ ھېچنەرسە چىقمايدۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر يەنىلا كوچىلارغا چىقىپ كېتىشنى خالايسەن. بەلكىم ئۆيدە خىيال قىلغۇدەك بىرنەرسە تاپالماي قىينىلىپ كېتىپ شۇنداق قىلىدىغاندىمەن، ئۆينىڭ تۆت تېمىغا قاراپ پەقەت ئۇنى قانداق بېزەش، پەنەركە بىلەن قاپلاش كېرەكمۇ، سىرلاش كېرەكمۇ ياكى قەغەز چاپلاش كېرەكمۇ؟ يەرگە گىلەم سېلىش كېرەكمۇ ياكى كىلىيونكا ياتقۇزۇش كېرەكمۇ، پۇل بولسا تاختاي ياتقۇزسا-ھە! ئۆينىڭ ئىچىدە قىپيالىڭاچ مېڭىپ يۈرسەم (ساپما

كەش كىيسەم قىپيالىڭاچ بولۇشنىڭ لەززىتىنى سۇرەلمەي قالدۇ-
دىغاندەك، ساپما كەشنىمۇ سېلىپ تاشلاشنى خالايتتىم) دېگەن-
دىن باشقا يەنە نېمىلەرنى خىيال قىلغىلى بولسۇن؟ بۇ خىياللار-
مۇ تولا تەكرارلىنىپ كونىراپ جۇلىقى چىقىپ كەتتى. بىراق
ھېچنەرسىنى خىيال قىلماي تۇرغىلى بولمايدۇ-دە! چۈنكى ئا-
دەمنىڭ ئېڭى ئۆزۈلمەس ئېقىنغا ئوخشايدۇ، پەقەت ئادەم ئۆل-
گەندىلا بۇ ئېقىن ئۈزۈلىشى مۇمكىن، شۇڭا ھېچنەرسىنى خى-
يال قىلماسلىق مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا مەن كوچىلارغا چىقىپ
كېتىمەن. كوچىلار چوڭ بولغاچقا، يېڭى-يېڭى ئادەملەر دائىم
ئۇچراپ تۇرغاچقا، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنى كۆرۈش تۇيغۇسى
بولسىمۇ مېڭەڭنى ئىگىلەپ، ئاڭ پائالىيىتىنىڭ توختاپ قالماس-
لىقىغا كېپىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ قۇپقۇرۇق كو-
چىغا چىقىپ كېتىش كېرەك. بىراق مەن تاغام بىلەن بىللە
كوچىغا چىقتىم. مېنىڭ تاغام سودىگەر ئىدى. ئىككىمىز نۇر-
غۇنلىغان دۇكانلارنى ۋە توپ تارقىتىش بازارلىرىنى ئايلىنىپ
چىقتۇق. مەن بۇگۈنلا ھېس قىلدىمكى، مەقسەتسىز كوچا ئايلى-
نىشقا قارىغاندا مەقسەتلىك كوچا ئايلىنىش تۆت تام ئىچىدە
ئولتۇرۇشتىنمۇ مەنىسىز ئىكەن.

بىز ئادەملەر مىغىلداپ يۈرگەن توپ تارقىتىش بازىرىدىكى
بىر دۇكانغا كىرىپ مال كۆرۈۋاتاتتۇق، مەن تۇيۇقسىز بىرەيلەن-
نىڭ تاغامنىڭ يېنىدا چىڭ قىستىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ
قالدىم، ئۇنىڭ تاغامغا قىستىلىپ تۇرۇشى ئادەتتىكى قىستى-
لىشلارغا ئوخشىمايتتى، بۇ قىستىلىش مېنىڭ كۆزۈمگە سىغماي
قالدى-دە، مەن ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. مەن

”تاغا، يانچۇقىڭىزغا دىققەت قىلىڭ!“ دەپ تاغامنىڭ پېشىدىن تارتىپ قويدۇم. ئوغرى ماڭا غەزەپ بىلەن بىر ئالىيىپ قويۇپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. بىز بۇ دۇكاندىن چىقىپ يەنە بىر دۇكانغا كىرىپ كېتىۋاتقاندا مەن ئوغرىنىڭ بىر-ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. بىز دۇكانغا كىرىپ مال كۆرۈۋاتقاندا، ئوغرى بىلەن ئاغىنىلىرى ئىشىك تۈۋىدە بىزگە قاراپ تۇراتتى.

—قويالىدىڭمۇ؟—دېدى ئۇلارنىڭ بىرسى ئوغرىدىن. مەن ئۇلارغا قارىمىغان بولسامۇ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىقلىق ئىدىم.

—ياق. ئاۋۇ ئاناڭنى، جالاپنىڭ بالىسى قىلتاق قويۇپ ئالغىلى قويمىدى،—دېدى ئوغرى.

ئوغرىنىڭ دېيىشىچە: مەن ئۇنىڭغا كېلىۋاتقان ئامەتكە قىلتاق قويۇپتىمەن. لېكىن نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇنىڭ تاغامدىكى پۇلنى ئېلىۋالغىنىدىن ئېلىۋالمىغىنى ياخشى ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىچىدە مېنىڭ يېمەي-ئىچمەي يىغقان ئازراق پۇلۇم بار ئىدى. مېنىڭ ئۆز پۇلۇمنى ئۇنىڭ ئېلىشىغا يول قويمىغانلىقىم ”قىلتاق قويۇش“ بوپتۇ. مەن قىلتاقچى بولماسلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇلىمىزنى خالىغانچە ئېلىۋېلىشىغا يول قويۇشۇم كېرەك ئىكەن. ئېنىقكى، ئوغرى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى مېنى قىلتاق قويدى دەپ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى مەندىن ئۆچ ئېلىشقا تامامەن ھەقلىق دەپ ئويلايتتى. چۈنكى ئۇ تاغامنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى ئالالىقاچان ئۆزىنىڭ پۇلى دەپ ئويلاپ بولغان، ھەتتا ئۇنى نېمىلەرگە خەجلەش پىلانى-

نىمۇ خۇددى يانچۇقىدىكى پۇلغا چوت سوققاندەك ئويلاپ بولغان بولۇشى مۇمكىن، مەن ئۇنىڭ بۇ پۇلغا ئېرىشىشىگە يول قويمى-غانلىكەنمەن، ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى مەن ئوغرىلىۋالغانغا ھېساب. ئۇنىڭچە بولغاندا ئوغرى ئۇ ئەمەس، مەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ مېنى تىللاپ، ئۇرۇشى تامامەن ھەقلىق، مەن قەستەن سودىنىڭ ۋاقتىنى سوزۇپ دۇكان ئىچىدە ئۇزاقراق تارتىشىپ تۇردۇم، ئاخىر ئوغرى سەۋر قىلىپ بولال-ماي دۇكانغا كىرىپ، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ مېنى دۈشكەلەپ قويۇپ كەتتى. مەن ھېچنەرسە بولمىغاندەك ئالدىمغا قاراپ تۇرد-ۋەردىم، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا قاراپلا سالسام بۇ قارىشىم ئۇنىڭ جېدەل تېپىشىغا تولۇق باھانە بولالايتتى. ئۇ ئاخىر بولالماي يەنە مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ قوللىرىنى مېڭەمگە نوقۇپ تۇرۇپ، مېنى سېسىق گەپلەر بىلەن بىرمۇنچە تىللىدى، ھەتتا تەپتى. مەن يەنىلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز ئىشىمنى قىلىۋەردىم، تاغامىمۇ خۇددى بۇلارنى سەزمىگەندەك ھېچبىر ئىنكاس بىلدۈر-مەي تۇردى. مېنىڭ قورسىقىم قاتتىق كۆپۈپ يېرىلغۇدەك بول-دۇم. كېيىن ئۇنىڭدىن رەنجىشىمنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق-لىقىنى سېزىپ يەتتىم. مېنىڭ ئۆيۈمدە بىر گىتار بار ئىدى. مەن گەرچە گىتار چېلىشنى قىلچە بىلمىسەممۇ، ئولتۇرۇشلاردا گىتار چالىدىغان بىرەرسى بولۇپ قالسا چالار دەپ ئېلىپ قويغا-نىدىم. شۇ كۈنى كەچتە مېنىڭ يەنە بىر ئاغىنەم ئىزدەپ كەلگە-نىكەن، ئۇنىڭ گىتارغا كۆزى چۈشۈپ قالدى:

—سەن چالالمىغاندىكىن ماڭا بېرىۋەتكىنە،—دېدى ئۇ گەپ-نى ئەگىتىپ ئولتۇرماي. مەن ھېلىقى ئوغرىنى يادىمغا كەلتۈر-

دۇم، ئۇ ئۇغرى تاغامنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى ئوغرىلاشقا ھېچ-
بولمىغاندا توپ سېتىش بازىرىدىكى قىستا-قىستاڭچىلىقنى باھانە
قىلغان.

— مەن بۇ گىتارنى ساڭا بېرىۋېتىش ئۈچۈن ئالغان ئەمەس،
— دېدىم ئۇنىڭغا. ئۇنىڭ ھېلىقى ئوغرىدىن بەكرەك ئاچچىقى
تۇتۇپ كەتتى:

— بىر ئادەمگە بىر سىنىتمۇ نەپ بەرمەيدىكەنسەن! — دېدى
ئۇ قاتتىق چېچىلىپ. ھېلىقى ئوغرىمۇ مەن پۇلىمىزنى ئېلىۋې-
لىشقا يول قويمىغانلىقىم ئۈچۈن ئاچچىقلىنىپ مېنى تىللىغان-
دى، بۇ ئاغىنەممۇ مېنىڭ گىتارىمنى ئېلىۋېلىشقا يول قويمىغان-
لىقىم ئۈچۈن مەندىن قاتتىق خاپا بولۇپ غەزەپلىنىپ مېنى
تىللاۋاتىدۇ. ھېچقانداق ئادەمدىن ئاغرىنىشقا ھەققىمىز يوق ئى-
كەن دەپ ئويلىدىم مەن. چۈنكى مېنىڭ يېقىن ئاغىنەممۇ ئۇ
ئوغرىدىن قىلچە پەرقسىز ئىكەن. ھېلىقى ئالتۇن چاچلىق قىز-
مۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتىمىغانلىقىم ئۈچۈن مەندىن رەن-
جىدى. مەن تۇنجى ئاشىق بولغان قىز ماڭا مەن ئارزۇلىغان
نەرسىلەرنى ئاتا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭدىن رەنجىدىم.
دېمەك، بۇ رەنجىشمۇ يانچۇقتىكى پۇلنى بەرمىگەچكە رەنجىگەن
ئوغرىنىڭ رەنجىشىدىن پەرقسىز ئىدى. دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ
ھەممىسى ئەنە شۇنداق يولسىز ھالدا باشقىلاردىن ئاللىنېملەر-
نىدۇر تەلەپ قىلىدۇ، ئېرىشەلمىسە ئۇنىڭدىن رەنجىيدۇ، غەزەپ-
لىنىدۇ. دېمەك، دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوغرى!
ھېلىقى ناتونۇش ئادەممۇ ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىگەنىدى. ئەمە-
لىيەتتە ئۇ ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدى. پەقەت ئۇنىڭ توختى-

ماي قويۇپ تۇرغان سۆيگۈ تەلپىنى رەت قىلدى. ئۇ ئاخىر ئۇنىڭ دۇنيادا پەقەتلا ئەرگە تېگەلمەيدىغان هالغا چۈشۈپ قالسىمۇ ئۆزى بىلەن توي قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. بەلكىم هېلىقى ئالتۇن چاچلىق قىزنى ئۇنىڭدىن چىرايلىق دېيىشكە بولار، بەلكىم ئۇمۇ ئاشۇ ئالتۇن چاچلىق قىزدەك ناهايىتى تېزلا قولغا كەلگەن بولسا ئۇنىڭغا ئۇنچە ئاشىق بولۇپ كەتمەس ئىدى، بەلكىم مەن ئالتۇن چاچلىق قىز بىلەن تونۇشقان چاغدىكىدەك ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئاللىقانداق ئېچىرقاشتىن باشقا هېچنەرسە قالمىغان چاغدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغان بولسا ئۇمۇ ئۇنىڭ تەلپىنى رەت قىلماس ئىدى.

مەن ئاشۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى قايتا-قايتا خىيال قىلىمەن، ئۇنى باش-ئاخىرى بار مۇكەممەل قىياپەتكە كىرگۈزۈشكە تىرىشىمەن. ئۇنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشكە تىرىشىمەن، بىراق بىلەلمەيمەن. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن هېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق. راستىنىلا هېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق. مەن قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەن. مېنىڭ يادىمدا قالغىنى پەقەتلا ئۇنىڭ يازغان سانسىزلىغان خەتلىرى، خۇددى ئۇنىڭ يۈرىكىدەكلا پارە-پارە بولغان هالدا مېنىڭ ئەسلىمەمنىڭ چەكسىز قويىنىدا قالايمىقان پارچە-پۇرات هالدا چېچىلىپ ياتىدۇ. مەن ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىمەن. بىراق ئۇ زادىلا بىر مۇكەممەل هېكايىگە ئايلانمايدۇ. مەن خىيالىمدا ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىمەن.

— هەي ناتونۇش ئادەم، قىلغان ئىشلىرىڭدىن قاتتىق خىجىللىق هېس قىل. ئۆزۈڭنىڭ خىجالەتكە پاتقان هالىتىڭنى

رەھىمسىزلىك بىلەن مەسخىرە قىل، بەلكىم سېنىڭ ھېكايەڭمۇ ئاخىر بىر كۈنى مۇكەممەل بىر ھالەتتە نامايان بولار، بەلكىم بىر كۈنى مەقسەتسىز ھالدا كوچىلارنى ئايلىنىپ كوچىدا ئادەم ئايىغى ئۈزۈلەي دەپ قالغان كېچىدە ھېرىپ-ئېچىپ ئۆيۈڭگە قايتىپ كەلگەندە، ئۆي ئىچىگە لىق تولغان ئىس ئىچىدە ئۇنى قايتا بايقاپ قېلىشىڭ مۇمكىن، بەلكىم ئۇ ساڭا مېنىڭ ھېكايىلىرىمنى سۆزلەپ بېرىشى مۇمكىن، ئۇ سېنى بۇ ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالىدۇ دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئۇ مېنىڭ ئاشۇ ئاخىرلاشماس ھېكايەمنى ئاخىرلاشتۇردۇم دەپ ئويلىشى مۇمكىن. بەلكىم سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىڭنىڭ داۋامىنى پۈتۈنلەي ناتونۇش بىر ئايالدىن ئاڭلىشىڭ، ئاڭلاپ ھەيران قېلىشىڭ، ئۇنىڭ مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى مەن ئويلىمىغان بىر تەرەققىياتلار بىلەن داۋاملاشتۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ھەيران قېلىشىڭ مۇمكىن!

قاپقارا ئىس-تۈتەك ئىچىدە سەن ئۇنىڭ ھالسىز چىرايىنى بايقاپ قالىسەن. سەن ھېرىپ-ئېچىپ كوچىلاردىن قايتىپ كەلگەن چېغىڭدا سېنىڭ ئۆيۈڭدە ئولتۇرۇش قىزىپ كەتكەن. سەن ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە ھەممەيلەن ئۆرۈلۈپ ساڭا قارىشىدۇ. تاماكا ئىسىنىڭ قويۇقلىقىدىن ئۇلارنىڭ ساڭا زادى قانداق نەزەر بىلەن قارىغانلىقىنى پەرق قىلالمايسەن، بەلكىم ئۇلار ”كىمنى ئىزدەيسەن؟“ دېگەندەك سوئال نەزەرى بىلەن ساڭا قارىشار.

— كەل! كەل، — بىر-ئىككى ئاغىنەڭ سېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. سەن كېلىپ بىر ئورۇنغا جايلىشىۋالغاندىن

كېيىن، ئاغىنىلىرىڭ باشقا ناتونۇش ئاياللارغا سېنى مۇشۇ ئۆي-نىڭ ئىگىسى دەپ تونۇشتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن ئەسلىدىكى قىزغىن ھالىتىگە قايتىدۇ.

— بۇياق ئۆزى يازغۇچى، بىزنىڭ كاتتا يازغۇچىمىز، — ئاغىنىلىرىڭ سېنى شۇنداق دەپ تەرىپلىشىدۇ. ياشقىنا كەل-گەن چىرايلىق بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنى ئې-چىۋېتىدۇ.

— ئۆينىڭ ئىچى ئىس بىلەن لىق تولۇپتۇ، — دەيدۇ ئۇ كۈلۈپ، — يازغۇچىنى ياخشىراق كۆرۈۋالاي، ئىس ئارىسىدا ئې-نىق كۆرەلمىدىم.

سەن ئۇنىڭ بەدەنلىرىنىڭ ئىنتايىن تولغان ئىكەنلىكىنى، كۆكسىنىڭ ھېلىلا كىيىملىرىنى يىرىپ چىقىدىغاندەك پولتى-يىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن. مەن بولسام بىردىنلا ئالتۇن چاچلىق قىزنىڭ ئەجەبمۇ كۆكسىنى تۇتۇپ باقاي دېمەپتىمەن دەپ ئويلاپ قالىمەن.

ئوتتۇرىغا قويۇلغان شىرە ئۇستىگە گۆش، ھاراق ۋە باشقا خىلمۇ خىل يېمەك-ئىچمەكلەر ناھايىتى مول قويۇلغان.

— تاماكا چېكىڭ، — ھېلىقى سەتەڭ ئايال ساڭا تاماكا تۇتى-دۇ. سەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تاشلايسەن، ئۇ خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن كۆزۈڭنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا قاراش بىلەن سەن تومۇرلىرىڭدىكى قانلىرىڭنىڭ ئۇر-غۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن، ئۆزۈڭنى تۇتالماي قالغىلى تاس قالىسەن.

— مەن تاماكا چەكمەيمەن.

— يازغۇچى دېگەنمۇ تاماكا چەكمەمدۇ؟

— مەن تاماكا بىلەن ئەمەس قەلەم بىلەن ئەسەر يازىمەن.

— مەنمۇ كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپ ئەدەبىياتقا قىزىقاتتىم. ھېلىمۇ بەزىدە شېئىرلارنى يازىمەن. مەن شېئىرلارنى تاماكا بىلەن يازىمەن. چەكمىسىڭىز ماڭا تۇتاشتۇرۇپ بېرىڭ، مەن سىزنىڭ تاماكىڭىزنى چېكىشنى خالايمەن.

سەن ئۇنىڭ تاماكا دەپ زادى نېمىنى نەزەردە تۇتقانلىقىنى بىلەلمەيلا قالىسەن.

— مەن سىمۇلىزمغا ئۆچ! — دەيسەن ئۇنىڭغا تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بېرىۋېتىپ، — مەن ئەركىشى! گەپنى تۈز-تۈز قىلىشنى، ئوچۇق-ئاشكارا قىلىشنى ياقتۇرىمەن.

— ئۇنداقتا يالىڭاچ يۈرسىڭىز بولمامدۇ؟

— كارىۋاتتا مەن دائىم يالىڭاچ، بەلكىم سىزنىڭ ئالدىڭىزدىمۇ شۇنداق بولىشىم مۇمكىن.

ئايال تاماكىنى ئىچىگە قاتتىق شورايدۇ.

— ھەي، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ بۇ سەنمۇ-ئەمەسمۇ؟ — بىر ئاغىنەڭ سېنىڭ گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ قالىدۇ. ئۇ سەندىن مەن بىلەن ئالتۇن چاچلىق قىزنى سورايدۇ.

— سەن نېمە بولدىڭ؟ نېمانداق بىردىنلا غەلىتە ئادەم بولۇپ قالدىڭ، ئەجەبا ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدىلا مۇھەببەت سېنى شۇنچىۋالا بۇزۇۋەتتىمۇ؟

— نېمە بولدى، مەن يەنىلا بۇرۇنقىدەكقۇ؟ — دەيسەن سەن.

— بۇرۇن سېنىڭ ئاغزىڭدىن بۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. بۈگۈن نېمە بولدىڭ؟ زادى بىر

ئىش بار. ئۇ سىنىڭ كۆزۈڭنى ئېچىۋەتتىمۇ-يا؟

—نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، مەن يەنىلا بۇرۇنقىدەكقۇ؟ — دەيسەن ئۇنىڭ ھەيران بولۇۋېرىشىدىن بىزار بولۇپ، ئاچچىقلاندىغاندەك تەلەپپۇز بىلەن.

— ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ قالدىڭمۇ؟

— ياق.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

— ھېچنەرسە قىلمايمەن.

— ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ قويساڭ بولاتتى.

— يۈرگۈم يوق.

گەپ قىلىشقا خۇشياقمىغانسېرى ئۇ ھەدەپ ئىنچىكىلەپ سوراۋېرىدۇ.

— نەرى يارىمىدى ئۇنىڭ ساڭا؟

— ھېچ يېرى.

— چىراي دېگەنگە چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى بەك ياخشى ئىدى... چىرايىمۇ بولاتتىغۇ... بەك چىرايلىق بولمىسىمۇ.

— چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولمىغان بىلەن كۆرۈپ ھۇزۇرلانغىلى بولىدۇ، كۆڭۈلگىچۇ؟ چاي قۇيۇش ئۇياقتا تۇرسۇن كۆرگىلىمۇ بولمايدۇ، ئەگەر ئاياللارنى چاي قۇيۇپ ئىچىش ئۈچۈن توي قىلىمەن دەپ ئويلىساق، قىينىلىپ، نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلىپ خوتۇن ئالغۇچە، بازاردىن پىيالە ئالغان ياخشى ئەمەسمۇ!؟

سىنىڭ گېپىڭنى ئاڭلاپ سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى پا-

راقلاپ كۆلۈشۈپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ سەن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بەرگەن ھېلىقى سەتەڭ ئايال زىل ۋە شاللاق ئاۋازى بىلەن ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى پارتلاش دەرىجىسىگە يەتكۈزگىدەك، بولۇشىچە كۈلىدۇ. بۇ شاللاق ئاۋاز ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. سەن ئۇنىڭ لەۋلىرىنى ناھايىتى قېنىق قىلىپ قىزىل بويىۋالغانلىقىنى سېزىسەن. سەن باياتىن بۇلارنى سەزمىگەنكەنسەن، بەلكىم بۇنى بايقىشىڭغا ئۇنىڭ ئاشۇ شاللاق كۈلكىسى سەۋەبچى بولغاندۇر...

ئاغىنەڭ مەندىن سەل رەنجىگەندەك كەيپىياتتا گېپىنى توختىتىپ قويىدۇ. لېكىن سېنىڭ گېپىڭ بىردىنلا ئولتۇرۇشنىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئولتۇرۇشتىكى ناتونۇش ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە يېقىپ قالغاندەك ھېس قىلىسەن، ئۇلار ھەدەپ سېنى گەپكە سېلىشىدۇ.

—باياتىن سىلەر گېپىنى قىلغان قىز كىم؟—سورايدۇ يەنە بىرەيلەن.

—ئىككىمىزنىڭ سۆيگىنى.

—ئىككىڭلار بىر قىز بىلەن مۇھەببەت باغلىدىڭلارمۇ؟

—يەتمەمدۇ؟ بىز ناھايىتى يېقىن ئاغىنىلەر بولغاچقا تالىشىپ ئولتۇرمايمىز. ئېيتىڭلارچۇ؟ كىمنىڭ مانا مۇشۇنداق يېقىن ئاغىنىسى بار.

ئىككىڭلار تالىشىپ قالساڭلار قانداق قىلىسىلەر؟

سەن ئۇلارغا مېنىڭ توپ تارقىتىش بازىرىدا كۆرگەن ئىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرىسەن:

—بۇ دەۋردە جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ ياشاش، جاننى

ئالـقانغا ئېلىپ قويۇپ تۇرۇپ خوتۇن ئېلىش كېرەك، — دەيسەن ئاندىن.

سەن ھەر بىر ئىغىز گەپنى قىلغاندا ھېلىقى سەتەڭ ئايالغا قاراپ قويىسەن. ئۇ توختىماي كۈلىدۇ. بىراق نېمىشقىدۇر جاننى ئالـقانغا ئېلىپ قويۇپ دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ كۈلكىسى ئۆچۈپ، چىرايى بىردىنلا ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرگىدەك سولغۇن قىياپەتكە كىرىپ قالىدۇ. ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق ئىككى قېتىم شورىۋېتىپ كۈلدانغا تاشلاپ، قولىغا رومكىنى ئېلىپ ساڭا ئىشارە قىلىدۇ. سىلەر "خۇشە!" دەپ رومكىنى سوقۇشتۇرۇپ ھاراقنى ئىچىۋېتىسىلەر. "دوستلىقىمىز ئۈچۈن!" دەپ قويىدۇ ئۇ دائىمقىدەكلا. شۇنداق قىلىپ سەن ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇ ئولتۇرۇشتىلا چىقىشىپ قالىسەن.

— مەن سىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم، بولۇپمۇ سىزنىڭ ماڭا تۇتاشتۇرغان تاماكىڭىزنى، — دەيدۇ ئۇ.

— مەنمۇ سىزنىڭ ئاشۇ تاماكا شورىغان لەۋلىرىڭىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم.

بۇنداق سۆزلەرنى دېيىشىۋاتقاندا سىلەر مەست بولاي دەپ قالىسىلەر. ئولتۇرۇش يېرىم كېچىلەر بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ھەممەيلەن ئۆيان-بۇيان تارقاش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغىلىشىدۇ. سەن ئۆيدە يالغۇز قېلىشنى خالىمىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئۆيىڭگە ئاپىرىپ قويماقچى بولىسەن. سەن ئۆيدە يالغۇز بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇنى قوندۇرۇپ قالساڭ بولاتتى، بىراق، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا بۇ تەلەپنى قويۇشقا جۈرئەت قىلالمايسەن. ھاراق

سىنى جۇرئەتسىز ۋە تارتىنچاق قىلىپ قويغانىدى، سەن شۇندىلا ھېس قىلىپ يېتىسەنكى، سېنىڭ بارلىق شوخلۇقلىرىڭ ۋە تارتىنماسلىقىڭ ھەممىسى ياسالما ئىكەن، ھاراق سەندىكى بۇ ياسالما كەيپىياتنى يوقىتىپ، سېنى ئەسلىدىكى ھالىتىڭگە كەل-تۈرۈپ قويغانىدى.

سىلەر چوڭ كوچىغا چىقىپ ئادەم ئايىغى ئۈزۈلگەن كوچىدا بىر دەم ساقلىساڭلار تاكسى كەلمەيدۇ، مانا بۇ ئۇنى ئۆيدە قوندۇ-رۇپ قېلىشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بې-رەتتى...

"مەيلى، مەن ھېچنېمىنى كۆتۈلمىگە ئالمايمەن! زادىلا كۆتۈلمىگە ئالمايمەن، مەيلى! — دېگەنىدى ئۇ ئۇنىڭغا يازغان بىر خېتىدە، — مۇھەببەت مېنىڭ كۆزۈمنى مانا مۇشۇنداق قارىغۇ-لاشتۇردى، شۇڭا مەن قاراپ تۇرۇپمۇ كۆرمەس بولدۇم. مەن ئۆزۈمنىڭ شۇنداق بولۇشىنىمۇ خالايمەن! مەن پەقەت سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشسەملا بولدى. مەيلى سىز كىمنى سۆ-يۈشنى خالىسىڭىز شۇنى سۆيۈڭ، كىم بىلەن بىللە بولۇشنى خالىسىڭىز بىللە بولۇڭ، مەن بۇلارغا توسالغۇلۇق قىلمايمەن. چۈنكى مەن سىزنى جاندىنمۇ شېرىن كۆرۈمەن، شۇڭا سىز خالىغانلا ئىشنىڭ ھەرقانداقىنى مەنمۇ خالايمەن. سىزنىڭ باش-قىلار بىلەن سۆيۈشۈشۈۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ يۈرىكىم قان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ ئەركىلەۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ قان قۇسقىدەك بولساممۇ پەقەت سىزنىڭ قانچىلىك بول-مىسۇن (مېنىڭ سىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنىم ئانچە كۆپ ئە-مەس. پەقەت سىز شۇنچە ئەرلەرگە ئاتا قىلىدىغانىڭ كىچىككىنە

بىر قىسمىغا ئېرىشەلىسەملا مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلاۋې-رەتتىم) ئازغىنە مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشەلىسەملا ھەممىگە چىدا-داشقا رازىمەن، بۇلارنىڭ ئالدىدا سۇكۇت قىلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرەلەيمەن. بۇنى سىز چۈشىنەمسىز؟ سىزگە بولغان ئاشىقلىق مېنى قىپقىزىل بىر ساراڭغا ئايلاندۇردى!“

ئۇ، بۇ خېتىمنى ئوقۇسا چوقۇم ئىچى سىيرىلىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. بەلكىم ئۇ مېنى ھەقىقەتەن ساراڭكەن دەپ ئويلاپ، مەندىن تېخىمۇ ھوشيار بولۇپ، قورقۇپ قېچىپ يۈر-گەندۇر. ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام، ماڭا شۇنداق خەت يازغان ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلاتتىم، قانۇنغا مېنى قوغداشنى ئىلتىماس قىلاتتىم، ئەڭ بولمىغاندا بۇ خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئاپى-رىپ بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ بىمارنى تەكشۈرۈپ ساقايتىشىنى ئىلتىماس قىلغان بولاتتىم، دەپ ئويلايدۇ كېيىنكى چاغلاردا.

ئۇ خېتىدىلا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر قىپقىزىل ساراڭغا ئايلان-غانلىقىنى ئېيتقانىدى، بۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ساراڭغا ئايلانمىغان-لىقىنى، بۇ يەردىكى ساراڭغا ئايلىنىش دېگەن سۆزنىڭ پەقەتلا بىر ئاددىي ئوخشىتىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى. ئۇ پەقەت بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى ئىدى.

”مەن ھەممىنى ئۈن-تىنسىز ھالدا قەلبىمگە سىغدۇرۇپ كېتەلەيمەن، مەيلى سىز جالاپ بولۇپ كوچىلارغا چىقىپ كې-تىڭ، مەن يەنىلا سىزنى سۆيۈمەن! مەندە سىزگە نەپرەتلەنگۈ-دەك قۇدرەت يوق! مەندە سىزگە نىسبەتەن ئەنە شۇنداق بىر

ئەسەبىيلەرچە سۆيگۈدىن باشقا ھېچنېمە يوق! سىز نېمىشقا پەقەت ماڭىلا رەھىمسىزلىك قىلىسىز!"

—مەندىكى مۇھەببەت ئەنە شۇنداق، كىشىلەرنى يىرگەندۈرگىدەك چوڭقۇر ئىدى. مۇھەببەتنىڭ بۇنچە چوڭقۇر بولۇشىنىڭ كىشىلەرنى ئىشەندۇرەلىشى مۇمكىنمۇ؟—دەيدۇ ئۇ خىيالىمدا مەن بىلەن مۇڭدىشىپ.

—خىيالىمنى ئاربىلىما، —دەپ خاپا بولىمەن مەن، — شۇنداق قىلىپ سىلەر چۈشكەن ئاشۇ تاكسى ئۇ ئولتۇرۇشلۇق بىنانىڭ ئالدىغا بېرىپ توختايدۇ. ئۇ سېنى ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. سەن ئۇنىڭغا ياندىشقىنىڭچە بىناغا قاراپ ماڭىسەن. ئۇنىڭ بويى خېلىلا ئېگىز بولۇپ، ساغرىسى تولغان، بەللىرى ئىنچىكە ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ بەللىرىنى كىشىنىڭ تولغاپ سۇندۇرۇۋەتكۈسى كېلەتتى.

ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشىڭ بىلەن ئۇ سېنى ياتاق ئۆيىگە باشلايدۇ. ئېسىل ياسالغان ئۆيگە كىرىشىڭگىلا قويۇق ئەتىر ھىدى دىمىغىڭغا ئۇرۇلىدۇ، كۆزلىرىڭ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئىككى كىشىلىك كارىۋاتقا چۈشىدۇ، سەن كارىۋاتقا قاراش بىلەن تەڭلا گويا كارىۋات ئۈستىدە ياتقان يالىڭاچ ئايالنى كۆرگەندەك بولىسەن، بۇنىڭغا قويۇق ئەتىر ھىدى قوشۇلۇپ قانلىرىڭنى ئۇرغۇتىۋېتىدۇ، قورسىقىڭ قاتتىق ئېچىپ كەتكەندەك تارتىشىپ كېتىدۇ، يۈرىكىڭ كۆكسۈڭگە پاتماي قېلىۋاتقاندەك، دەھشەتلىك بىر جىددىيلىك پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭدىكى بولجۇڭ گۆشلەرنى ئۇيۇتۇۋەتكەندەك بولىدۇ، تىنالماي يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىشىڭگە ئاخىر چىداپ تۇرالمايسەن، كۆزلىرىڭگە ھېچنېمە

كۆرۈنمەي قالىدۇ. زادى قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا سۇرۇلۇپ
بارغىنىڭنى، ئۇنى قانداق قىلىپ كارىۋاتقا بېسىۋالغىنىڭنى ئۆ-
زۈڭمۇ ئۇقماي قالىسەن، پەقەت ئىستاكاندەك بىرنەرسىنىڭ چې-
قىلغانلىقىنى بىلىسەن. بەلكىم سەن ئۇنىڭغا بۆرىدەك ئېتىلغان
ۋاقتىڭدا ئۇ ساڭا چاي تەييارلاۋاتقان بولغىيدى. سەن ئۇنى
كارىۋاتقا بېسىپلا ئۇنىڭ كۆكسىگە چاڭ سالىسەن. چۈنكى ئۇنىڭ
ئادەمنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان يېرى شۇ. ئۇنىڭ سۆسۈن رەڭ-
لىك يۇمشاق كۆڭلىكى ئىنتايىن چىرايلىق، سەن زادىلا تىنال-
ماي قالىسەن. كۆڭلەكنىڭ چىرايلىقلىقىغا چىدىيالماي بىردىنلا
كۆڭلەكنى يىرتىپلا ئىككى پارچە قىلىۋېتىسەن، بۇنىڭ بىلەن
خۇددى ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ بىرەر يېرىنى يىرتىۋەتكەندەك ھاياجان-
لىرىڭ تېخىمۇ تېپىچەكلەپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تولغان كۆكرەكلى-
رى كۆز ئالدىڭغا تاشلىنىدۇ، سەن ئۇنىڭ كۆكسىگە بىرھازا
يۈزۈڭنى يېقىپ جىم تۇرۇۋالىسەن ۋە يەنە بىردىنلا چاقماق
تېزلىكىدە ئۇنىڭ يوپكىسى ۋە باشقا كىيىملىرىنى يىرتىۋېتى-
سەن، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنى يالىڭاچ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس.
يالىڭاچ قىلىش ئۈچۈن كىيىمىنى يىرتماستىن سالدۇرساڭمۇ
بولاتتى، بىراق ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراشقان ئەڭ يېڭى مودىدىكى بۇ
كىيىملىرىنىڭ چىرايلىقلىقىغا چىداپ بولمايدۇ.

— ساراڭ! — دەيدۇ ئۇ سېنى قوپال ھەرىكەتلىرىڭدىن چۆ-
چۈپ، سەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىسەن.
بىراق، ئەي بىچارە ناتونۇش ئادەم، سەندە تۈزۈك ھېسسىيات
ئويغانمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن.

سەن ئۆزۈڭدە بۇرۇن جىنسىي ئاجىزلىقىنىڭ بارلىقىغا قەت-

ئىي ئىشەنمىگەنىدىڭ، دەرۋەقە ئىشەنچىڭ ئاقلىنىدۇ، لېكىن ناھايىتى تەستە.

سىنىڭ پۇشۇلداشلىرىڭ ئۇنىڭ نازلىق ئىڭراشلىرىنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ. سەن ئۆزۈڭنى بىر كېسەل ھايۋاندەك، گويا ئېغىر ساپاننى سۆرەپ كېتىۋاتقان كېسەل كالىدەك ھېس قىلىسەن. چىدىغۇسىز ئىسسىق بىر لەززەتنىڭ ۋۇجۇدۇڭنىڭ ھەممە يېرىنى يايرىتىپ ئېتىلىپ چىقىشى بىلەن بىردىنلا بوشاپ قالىسەن، ئۆمرۈڭدە تۇنجى قېتىم ئۆزۈڭنى ئەڭ يەڭگىل ۋە ئازادە ھېس قىلىسەن.

— ساراڭكەنسىز، — دەيدۇ ئۇ كۆكسۈڭگە بېشىنى قويۇپ نازۇك قوللىرى بىلەن چاچلىرىڭنى سىيلىغىنىچە.

— بەلكىم ساراڭ مەن ئەمەس سىز، — دەيسەن سەن، سىزدە خارلىنىش ئىستىكى بار. مەندىكى ھۇجۇم خاراكتېرلىك ھەرىكەت سىزدىكى خارلىنىش ئىستىكىنى قاندۇرغاچقا، مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى خارلاتماقچى بولغانسىز. سىز ئۆزىڭىز ئاپىڭىزنىڭ يىرتقۇچ دادىڭىز تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغان ھالىتىگە تەقلىد قىلماقچى بولۇۋاتقانسىز بەلكىم! خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزنى ئۇرۇشنى خالىمايمەن، مېنىڭ سىزنى ئۇرۇشۇمنى ئارزۇ قىلىۋەرمەڭ! ۋۇي، خارلىنىش سارىڭى!

— بىز ھەممىمىز ساراڭ!

ئۇ ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ كۈلكە ئاۋازىغا ئۇلىنىپلا سىرتتىكى ئىشىكنىڭ ئاچقۇچ بىلەن ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، بەدىنىڭدىن مۇزدەك

تەر چىقىپ قورقۇنچتىن تىترەپ كېتىسەن. بىراق، قورقۇشۇڭ-نىڭ ھاجىتى يوق.

—كىم ئۇ؟— دەيسەن ئالاقزادە بولۇپ.

—ئېرىم،— دەيدۇ ئۇ ھېچنەرسە بولمىغاندەك رەڭگىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ.

تاپىنىڭدىن كىرگەن تىترەك مېڭەڭدىن چىقىپ كېتىدۇ. قورقۇنچتىن ئاغزىڭ گەپكە كەلمەي قالىدۇ-يۇ، دەرھال كىيىمە-لىرىڭنى كىيىۋالماقچى بولىسەن. بىراق تىترەپ تۇرغان قوللى-رىڭ كىيىملىرىڭنى تاپالماي قالىدۇ.

—قورقۇپ كەتمەڭ، ھېچقىسى يوق،— دەيدۇ ئايال. ئەر سىرتتا تۇرۇپلا ئايالىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىدۇ.

—بۈگۈن مېھمانخانا ئۆيدە يېتىپ تۇرۇڭ!— دەيدۇ ئايال ئەرنى ئۆزگەرتمەستىن ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ قويماي.

ئەرنىڭ ئېغىر-ئېغىر تىنغان ۋە ئۆياقتىكى ئۆيگە قاراپ ماڭغان ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلىنىدۇ.

—ھودۇقماڭ،— دەيدۇ ئايال ساڭا،— مەن ھېلى ”بىز ھەممىمىز سارالڭ“ دەپ ئېيتتىمغۇ!

سەن كىيىملىرىڭنى كىيىشكە تەمشىلىسەن، ئايال بولسا سېنى چىڭلا قۇچاقلىۋالىدۇ. ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاشۇ تولغان يۇمشاق كۆكسىنىڭ مەيدەڭگە يېقىلىشلىرىنى ھېس قىلغۇدەك مادار سەندە يوق. سەن ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ئىشتىنىڭنى كىيە-ۋالىسەن. ھېلىقى ئەر ئۆياقتىكى ئۆيگە كىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرگىدەك ئېغىر-ئېغىر تىنىشى سېنىڭ قۇلاق تۈۋىڭدىلا ئاڭلىنىپ تۇرغاندە-

دەك تۆيۇلىدۇ. سەن ئۇنىڭدىن نەچچە يىللاردىن كېيىنكى بۇ-گۇنكى ۋاقىتتىمۇ سەل دىققىتىڭنى يىغىپ قۇلاق سالساڭلا ئاشۇ ھەسرەتلىك ئېغىر تىنىشلار نەلەردىدۇر ئاڭلىنىۋاتقاندەك، نالە-پەريادتەك ھېس قىلىسەن، تېنىڭ شۈركىنىپ كېتىدۇ.

—ۋاي-ۋۇي، ئەجەب قورقۇپ كەتتىڭىزغۇ، مەن سىزگە بۇنى چۈشەندۈرۈپ قوياي، —دەيدۇ ئايال ۋە سېنى كۆكسىگە باسىدۇ،—پاھ، يۈرىكىڭىزنىڭ توخۇنىڭكىدىنمۇ كىچىكلىكىنى قاراڭ، نېمانچە تىترەيسىز؟—سەن پۈتۈنلەي ھاڭۋېقىپ قالى-سەن. ئەمدى بۇ ئېغىر تىنىشلارنى ئۇنتۇيالماسلىققا زادى قانداق بەرداشلىق بېرىشىڭ كېرەك؟

—ئۇ قىپقىزىل بىر ساراڭ، —دەيدۇ ئايال—بىر ئادەمنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشى نورماللىقتىن ئېشىپ چۈشسىلا ئۇنى ساراڭ ئىكەن دېمەي ئامالىمىز يوق. بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ئۇنىڭدەك ئاشىق بولۇشى ساراڭلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە شۇنچە ئاشىق بولىدىغان ئانىسىنىڭ ھەققى بارمۇ؟ ئۇنىڭ ماڭا شۇ قەدەر مەپتۇن بولۇپ كېتىشى ماڭا ئاجايىپلا يولسىز تۇيۇلۇپ، پەقەتلا كاللامدىن ئۆتمەيدۇ ھەم كۆلكىلىك ھېس قىلىمەن.

—مەن بۇلارنى بىلىمەن، —دەيسەن سەن ئۇنى سۆزلەۋې-رىشتىن توختىتىپ،—بۇ تامامەن بىر خىل روھىي كېسەل، يەنى پسىخىك توسالغۇدىن بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىغانىدىم. ئۇنىڭدا ئىنتايىن كۈچلۈك ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خاھىشى بار. بۇ خىل كېسەل تەپەككۇر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆلۈۋېلىش ھاياجىنى ئۇ-نىڭدىكى يەنە بىر خىل كېسەل تەپەككۇر ماڭا بولغان مۇھەببەتكە

قارىغاندا ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولۇپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. ئۇنىڭدىكى ئۆلۈۋېلىش خاھىشى تامامەن پىسخىك تۇسالغۇدىن بولۇۋاتقان ئىش ئىكەن، ھەرگىزمۇ مۇھەببەتتىكى بەختسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەس. ئۇ پەقەت ئۆزىدىكى ئۆلۈۋېلىش ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا مۇھەببەتتىكى بەختسىزلىكنى بۇنىڭغا باھانە قىلىۋالغان. ھەممە نەرسىنىڭ بىرەر باھانىسى بولمىسا ئۇنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ. ئۇ مۇھەببەتنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىدە ئەسلىدىلا بار بولغان ئۆلۈۋېلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى. گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ ئۇنىڭدىكى مۇھەببەتكە بولغان تەلپۈنۈشىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ بېرىشى تامامەن ئۇنىڭ ئۆلۈمگە بولغان تەلپۈنۈشىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىشىدىن بولغان، مەن كېيىنچە ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى سەزدىم، ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىدى. ئۇ قىپقىزىللا ساراڭ. ئۇ مۇھەببەتكە ئېرىشسىمۇ ئۆلۈۋېلىشقا يەنە باشقا باھانە تاپالماسمۇ؟

مەن ئۇنىڭغا ئېرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتىڭ، ئۇنىڭ ئېرىنى ھاقارەتلىگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ نېمىشقىدۇر ئېرىنى ئەمەس، سېنى تىللاۋاتقاندەكلا ھېس قىلىسەن.

— مەن ئۇنى سىزگە قارىغاندا بەكرەك چۈشىنىمەن، — دەيدۇ ئايال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ ئىنتايىن كەم سۆز ئىدى، ئادەتتىن تاشقىرى كەم سۆز ۋە تارتىنچاق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە بىنورمال پىسخىكا بار. يۈرىكىدە يىرگىنچلىك يارا بار، مانا بۇ يارىنىڭ پەيدا قىلغان جىنايەت تۈيغۇسى دائىم ئۇنىڭ

زىمىسىدىن بېسىپ، ئۇنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتكەن، دۇن-يادىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى جىنايەتكار. ئادەملەرنىڭ ھەممى-سى رەزىل. ئۇنىڭدەك جىمغۇر، ياۋاش ئادەملەرنىڭ بارلىق رەزىللىكى قەلبىگە يوشۇرۇنغان. بۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆڭلى يىرىك بىلەن تولغان—سىپسىق يىرىڭ بىلەن. بۇ يىرىڭ سىپسى-غانسېرى ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئېغىر-بېسىقلىشىپ بارى-دۇ، ئۇلار مانا مۇشۇنداق ئەخلاق ۋە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن يۈرىكىدىكى سېسىقچىلىقنى يوشۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان-لارنىڭ، يەنى مەندەكلەرنىڭ بارلىق رەزىللىكلىرى باشقىلارغا كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ، بۇنداقلارنىڭ قەلبى قۇپقۇرۇق بولىدۇ. مەن ئەزەلدىنلا شۇنداق. مەن قەلبىمدىكى بۇ قۇپقۇرۇقلۇقنى تولدۇ-رۇش ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق شالاق ئايالغا ئايلاندىم، بىراق قەلبىم يەنىلا قۇپقۇرۇق تۇرىۋەردى. مەن ئاخىر ھاياتنى مەسخى-رە قىلىۋاتقانلىقىمنى سەزدىم. مەن باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش-تىن قاتتىق ھۇزۇرلىنىمەن.

ئۇ قىزلارنىڭ ئالدىدا گەپ قىلالمايتتى. ماڭا بولسا دائىملا سۆيگۈ ئىزھار قىلغان خەتلەرنى يازاتتى، بىراق مېنى كۆرسىلا قىزىرىپ-تاتىرىپ ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالاتتى. ئۇنىڭ ماڭا خەت يېزىۋېرىشىدىن تويۇپلا كەتتىم. بىز كۈندە دېگۈدەك ئۇچ-رىشىپ تۇراتتۇق، ئۇنىڭ ماڭا خەت يېزىپ يۈرىشى ھاجەتسىز ئىدى. ئۇ ماڭا دائىملا ئەگىشىپ يۈرەتتى، بىراق بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلاي دېمەيتتى. مەن دەسلەپتە بۇنداق غەلىتىلىككە چى-داپ تۇرالمىغۇدەك بولۇپ كەتتىم، بىراق كېيىنچە كۆنۈپ كەت-تىم. مەن كوچىلاردا باشقىلار بىلەن قولتۇقلىشىپ كېتىۋې-

تىپ، شۇنداق كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىساملا ئۇنىڭ بىچارىلەرچە
ھالدا مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرەتتىم. ئۇ مېنىڭ ھەر
بىر ھەرىكىتىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ كەينىمدىن تى-
مىسقىلاپ يۈرەتتى. ئۇ مېنىڭ ھەممە ئىشلىرىمنى بىلىپ تۇرات-
تى، مەن ئۆزۈمنىڭ باشقا ئەرلەر بىلەن قىلىپ يۈرگەن ئىشلى-
رىمنى ئۇنىڭدىن قىلچە يوشۇرمايتتىم، نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ،
ئۇنىڭ ماڭا سۆيگۈ ئىزھار قىلىپ يازغان خەتلىرىنى ئوقۇسام،
ئۇنىڭ ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان رومانتىك، لاۋزا ۋە
ياسالما سۆزلىرى گەرچە يېلىنىش بىلەن تولغان بولسىمۇ، ئا-
دەمنى نومۇس قىلدۇرغۇدەك لاۋزىلىقىدىن خۇددى مېنى يوشۇ-
رۇن ھالدا يەرگە ئۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ خەتلىرى
بەلكىم ئۇنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققان سۆزلەر بىلەن يېزىلغان
بولۇشى مۇمكىن، بىراق مېنىڭ ئەرۋاھىمنى ئۇچۇراتتى، بەكمۇ
نومۇسۇمنى كەلتۈرەتتى، بۇ خەتلەرنى باشقىلارنىڭ مېنىڭ قو-
لۇمدىن كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئوقۇپ بولۇپلا ئۇنىڭغا
قايتۇرۇپ بېرەتتىم، ئۇنىڭ ماڭا خەت يېزىپ يۈرگەن بۇ ئىشلى-
رىنى باشقىلاردىن قاتتىق يوشۇراتتىم. مەن باشقا قىزلارنىڭ
ئوغۇللارنىڭ خېتىنى (گەرچە ئۇ ئوغۇلنى ياراتمىسىمۇ) كۆتۈ-
رۈۋېلىپ، ئوغۇللارنىڭ ئۆزىگە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىدىن پە-
خىرلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم، بىراق مەن نېمىشقىدۇر
باشقا ئەرلەرنىڭ ماڭا سۆيگۈ ئىزھار قىلىشىدىن پەخىرلەنسەم-
مۇ، پەقەتلا ئۇنىڭدىن نومۇس قىلاتتىم. ئۇ چىرايلىق يىگىت
بولمىسىمۇ سەت ئەمەس ئىدى، مەن ئۆزۈم خالاپ بىللە يۈرگەن
بەزى يىگىتلەردىن خېلىلا ئۈستۈن دېيىشكىمۇ بولاتتى، بىراق

ئۇنىڭ ماڭا كۆيۈپ-پىشىپ يۈرگىنىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ھەر بىر خېتىنى ئوقۇسامىلا ئۇنىڭ چېكىدىن ئاشقان ساراڭلارچە قىزغىنلىقىدىن مەن نومۇس قىلىپ، ئىنتايىن روھىم چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتىم، شۇڭا باشقا ئەرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ، يەرگە ئۇرۇلغان غۇرۇرۇمنى ئۆستۈرگەندەك بولۇپ قالاتتىم.

ئايالنىڭ سۆزلىرىنى داۋاملىق ئاڭلىغۇڭ بولسىمۇ، لېكىن ئورنىڭدىن تۇرۇپ كىيىملىرىڭنى كىيىشكە باشلايسەن. ئايال سېنىڭ تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىدۇ. سەن تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا تەڭلەيسەن.

—ھاياتتا ھېكايە مەۋجۇت ئەمەس. سىز ماڭا ھېكايە توقۇپ بەرمەكچىمۇ؟—دەيسەن ئايالغا.

—بۇ ھېكايە ئەمەس، ھەقىقىي ئىشلار،—دەيدۇ ئايال سېنىڭ سۆزۈڭدىن بىرئاز نارازى بولۇپ،—ئاڭلىمىسىڭىز مەيلى، مەن سىزنى بىر يازغۇچى دەپ سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن! بۇ ئارقىلىق سىز ئادەملەرنىڭ ياشىشىنىڭ زادى قانچىلىك نېمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىشىڭىز مۇمكىن.

—ھازىر ئەدەبىيات ئادەمنى مەركەز قىلىشتىن قالدى!—سەن شۇنداق دەپ كىيىمىڭنى تۈزەشتۈرگەچ ئايالنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرىسەن. سەن گەپ ئوينىتىش ئارقىلىق ئۆزۈڭدىكى جىددىيلىشىشنى باسماقچى بولىسەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ داۋامىنى ئاڭلىغۇڭ بار، چۈنكى ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقانلىرى بىر مەزگىل سەن چۈشىنەلمەي جىلە بولۇپ يۈرگەن، مېنىڭ

كېچە-كۈندۈز يۈرىكىمنى يېگەن سىر ئىدى. مەن ئۇنىڭ ساڭا بولغان ھەقىقىي كۆزقارىشىنى بىلىشكە شۇنچە تەشنا بولغاندىم، گەرچە ھازىر بۇنى بىلىشىمنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ئاڭلاشنى خالايتتىم.

ئۇ ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ يۇقۇملۇق كېسەلدەكلا چاپلىشىۋالغانىدى. دائىم ئۇنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇن ئەگىشىپ يۈرەتتى، دەسلەپتە ئۇنىڭ باشقا ئەرلەر بىلەن بىللە قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسە قاتتىق ھەسرەتلىنەتتى، ئۇنىڭغا قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. بىراق، بۇ نەپرەت ئۇنىڭغا بولغان تەشنالىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتەتتى، ئۇنىڭغا نەپرەت ئاشقانسېرى ئۇنىڭغا بولغان تەشنالىقىمۇ چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېشىپ باراتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن شۇمشەيگىنىچە ئۈن-تىنسىز خۇددى ئاچ قالغان لالما ئىتتەك ئەگىشىپ يۈرەتتىڭ. ئۇنىڭ باشقا ئەرلەر بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ يۈرگىنىنى كۆرگىنىڭدە يۈرىكىڭنىڭ ئاچچىق ئېچىشىشلىرىغا چىداپ تۇرالماي قالاتتىڭ، بىراق، كېيىنچە بۇنداق ھالەتنى كۆرۈشتىن زادىلا ئازابلانمايدىغان، ھەتتا كۆرۈشتىن زادىلا ئازابلانمايدىغان، ھەتتا بارا-بارا ھۇزۇرلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدىڭ، بۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى يېرىڭلىق ئىششىقنىڭ يىڭنە بىلەن تېشىۋېتىلگەندىن كېيىن سىرتقا سىرغىپ چىقىشقا باشلىشى ئىدى.

—ئۇنىڭ خەتلىرى بەكمۇ ھەسرەتلىك ئىدى، —دەيدۇ ئايال، —بىراق بۇ ھەسرەت ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرەتتى. مەندىن باشقا ئادەم بولسا بەلكىم ئۇ خەتلەرنىڭ يىرگىنچلىكلىكىدىن بىرەر بېتىنىمۇ ئوقۇپ سەۋر بىلەن تۈگىتەلىشى ناتايىن.

لېكىن مەن ئۇنى چىداپ ئاخىرىغىچە ئوقۇيتتىم. ئۇ خەتلىرىدە خۇددى مەن ئۇنىڭ قەلبىدىكى سۆيگۈنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي قالغاندەك ئۆز سۆيگۈسىنى چۈشەندۈ-رۈشكە تىرىشاتتى. ھېلىمۇ يادىمدا، ئۇ بىر خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: ”سىزگە بولغان چەكسىز مۇھەببەت ھەتتا مېنى سىز-نىڭ ئاشۇ قېنىپ بولماس شاللاقلىقىڭىزنىمۇ سۆيۈدىغان قىلىد-ۋەتتى. ھەتتا مەن سىزنى ئەنە شۇنداق شاللاق بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا شۇ قەدەر سۆيۈدىغاندەك ھېس قىلىمەن. سىزچۇ، سىز مەندىن خۇددى قارغىش تەگكەندەكلا قېچىپ يۈرىسىز. پەقەت مەندىنلا يىرگەنسىڭىز كېرەك. مەن نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغان-لىقىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. سىز باشقا ئەرلەرنى زادىلا سەت-چىرايلىق دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايسىز، باشقىلارغا قويىدى-غان ھېچقانداق تەلىپىڭىز يوق، مەيلى ئەخلاق، مەيلى كەسىپ، مەيلى پۇل بولسۇن، سىز ئۇلارنى تاللاشقا ھېچبىر شەرت قويى-مايسىز. ھەرقانداق ئەرنى قىلتاققا چۈشۈرۈشكە تىرىشىسىز، بۇنىڭدا سىزنىڭ ھېچقانداق مەقسىتىڭىز يوق... سىز ھەرقان-داق بىرسىنى ئەپلەپ قولغا كىرگۈزىسىز. مەنچۇ؟ مەن ئۇن-تىنسىز كەينىڭىزدىن قاراپ قالىمەن. ئۇلارنىڭ سىزنى ھامان تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلىمەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ تاشلىۋېتىشىنى كۈتىمەن... بىراق ئۇلار تاشلىۋەتكەندىن كېيىنمۇ مەن نېمىشقا ئەڭ قىسقىسچىلىك بولسىمۇ سىزنىڭ سۆيگۈنىڭىزگە ئايلىنال-مايمەن؟...“ ئېيتىڭە، سىزگە بۇنداق خەت قىزىقارلىق تۇ-يۇلمامدۇ؟

— ئۇ ھەقىقەتەنمۇ سىزنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈپ قالغاند-

كەن، باشقا بىرەرسى بىلەن ئارىلاشقانىدەك ئۇنىمۇ بىرەر-ئىككى كۈن بولسىمۇ خۇشال قىلىپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟ بۇنىڭغا سىزدىن نېمە كېتىدۇ؟ ئۇنى نېمىشقا شۇنچىۋالا قىينىۋېتىسىز؟ — دەيسەن ئايالغا.

— ئۇنى مەن قىينىمىدىم، ئۆزى قىينالدى. مەن ئۇنى ئازابلان دېمىدىمۇ، — دەيدۇ ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ، — مېنىڭ ئۇنىڭغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشتا ھېچبىر مەقسىتىم يوق، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلىقىنى ھېس قىلماي قالغىنىممۇ يوق. بوپتۇ، شۇ بىچارىنى ئازابلاۋەرمەي دەپمۇ ئويلىغانىدىم، بىراق، ئۇنىڭ خەتلىرى مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمنى توسۇپ قالدى. ئۇنىڭ خەتلىرىنىڭ لاۋزىلىقىغا (ئۇنىڭ خەتلىرىنى لاۋزا دېيىشىم ھەرگىزمۇ ئۇنى يالغان گەپلەرنى يازدى دېگەنلىكىم ئەمەس. ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنە شۇنداق كەشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ، تېنىنى تىكەنلەشتۈرگۈدەك لاۋزىلىق بىلەن تولغان، بۇنداق رومانتىك ۋە گۈزەل خىياللار بىلەن تولغان لاۋزا يۈرەكتىن لاۋزا گەپ چىقماي نېمە چىقسۇن!) چىداپ ئاخىرىغا بارغىچە ئوقۇش كىشىدىن خېلىلا سەۋر تەلەپ قىلىدىغان ئىش بولسىمۇ، بىراق، كېيىنچە بۇ لاۋزىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈپ تۇرغۇم كەپقالدى. ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلماسلىقىم، ھازىر پەرەز قىلسام، بەلكىم مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. بىراق ئەينى ۋاقىتتا مەن بۇنداق قىلىشتا ھېچنەرسىنى ئويلىمىغانىدىم. مېنىڭ قەلبىمدە سۆيگۈ مەۋجۇت ئەمەس. بىلەمسىز، مېنىڭ قەلبىمدە ئەزەلدىن سۆيگۈ مەۋجۇت

بولۇپ باقمىغان! . . .

— ئەمىسە نېمىشقا ئەرلەرگە باغرىڭىز قانمايدۇ؟

— قەلبىمدە سۆيگۈ بولمىغاچقا.

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— مەن ئەرلەرنى سۆيمەيمەن، پەقەت ئۇلار ئارقىلىق ھەۋەسىمنى قاندۇرىمەن، مەن بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى دەپسەندە قىلغاندەك ھوزۇرلىنىمەن!

— سىزدىكى بۇ خىل ھېسسىياتنى مەن زادىلا چۈشىنەلمىدىم.

— بۇ چۈشىنەلمىگۈدەك ئىش ئەمەس. بۇ بىر كېسەل. مەن بۇ كېسەلنىڭ ئالدىدا ئىلاجسىز.

دۇنيا ھەقىقەتەنمۇ قەدىمكى بابىلغا ئوخشىشىپ قالغانىدى، ئايالنىڭ شاللاق كۆلكىسى گۇمران بولۇش دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. سەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەدىمكى بابىلدا تۇرغاندەك ھېس قىلىسەن.

ئاشۇ كېچە بەلكىم خېلى ئۇزاق يىللارغىچە ئېسىمدىن چىقىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن، ئۇ ئىشلارنى ئەسلىسەم خۇددى ھېلىلا يۈز بەرگەندەك ياكى داۋاملىشىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلانغانىدى.

ئاشۇ كۈنى ئۇ ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە بىر قېتىملىق كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئۇ خېتىدە ئېيتقان يەردە ئۇنى كۈتۈپ تۇردى. بۇ بىر دەرەخزارلىق ئىدى. ئۇ ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى دەرەخلەر ئارىسىدىن چىقىپ كەلگەندە بىردىنلا خۇددى بىراۋ كەينىدىن ئىتتىرىۋەتكەندەكلا ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ قالدى.

ئاپئاق ئاي نۇرى ئاستىدىكى ئاشۇ مەنزىرە كۆز ئالدىغا كەلسە ئۆزىنىڭ قىلىقىدىن قاتتىق نومۇس قىلىپ كەتتى. قىز ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن چۆچۈپ كەينىگە ياندى ۋە ئۇنىڭغا ئۈن-تىنسىز بىرھازا تىكىلىپ تۇردى. ئۇمۇ گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى. ئاي نۇرى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ بىچارە ئەپت-بەشىرىسىنى ۋە ئۇنىڭ كىچىككىنە كەلگەن گەۋدىسىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، ئۇ گەپ قىلالماي تۇراتتى، پەقەت ۋاقتىنىڭ يۇرەكنى سىقىپ ئاستا ئۆتۈۋاتقىنىدىن باشقا ھېچنەرسىنى خىيال قىلالمايتتى... ئۇ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلانماقچى ئەمەس ئىدى، زادى نېمىشقا تىزلىنىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى. تا ھازىرغا كەلگۈچە مەنمۇ بىلمەيمەن. بەلكىم ئۇ دەرەخلەر كەينىدىن چىقىپ كەلگەندە ئالدىغا قەدەم ئېلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولۇپ، جىددىيلىشىپ كەتكىنىدىن بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئورنىدىن تۇراي دېمىدى. چۈنكى بۇنداق بولغىنىمۇ ياخشى دەپ ئويلىدى، بولمىسا ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىشقا پېتىنالمىغان بولاتتى.

— بۇ كۈنكى كېچە زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ، — دەيدۇ ئايال تاماكىسىنى شوراپ قويۇپ، — ئۇ ماڭا يازغان خېتىدە مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغانىكەن. شۇ كۈنى كېچىدە ئۇ ئېيتقان يەرگە باردىم. ئۇ مېنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا ئالدىمغا تىزلاندى.

..

ئۇ كۆرۈنۈشتە ماڭا ئۆزىنىڭ ئېرى ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ مەن توغرۇلۇق سۆزلەۋاتامدۇ، سەن توغرۇلۇق سۆزلەۋاتامدۇ، مەن ئۇنىڭ زادى كىم توغرىسىدا سۆزلەۋاتقىنى-

نى بىلەلمەيلا قالدىم.

ئايال تاماكىسىنى كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان كۈلدانغا بېسىپ ئۆچۈرۈپ، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ كۆزلىرىڭنىڭ ئىچىگە قارايدۇ. بۇنداق قاراشلارغا سەۋر قىلىپ قاراپ تۇرۇش قىيىن.

— داۋامىنى سۆزلەڭ، — دەيسەن ئايالغا ۋە ئۆرۈلۈپ باشقا ياققا قارىۋالىسەن. ئۇ يەنە بىر ھازا نېمىلەرنىدۇر سۆزلەيدۇ، بىراق، ئۇنىڭ زادى نېمىلەرنى سۆزلىگىنى زادىلا ئېسىڭدە يوق. پەقەت ئېسىڭدە قالغىنى شۇكى، سەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالىسەن. ئۇ سېنى ھاقارەتلىمەكتە ئىدى. چۈنكى سېنىڭ كېسىلىڭ نومۇسلۇق كېسەل ئىدى. ئۇ بولسا ئۆز كېسىلىدىن پەخىرلىنەتتى. سەن ئاخىر بوغۇلۇپ تۇرۇپ:

— ھە! سۆزلىمەمسىز؟ — دەيسەن.

— ئەمدى سۆزلىگۈدەك ھېچنەرسە قالمىدى، — دەيدۇ ئايال قاقاقلاپ كۈلۈپ. ئۇنىڭ زادى نېمىشقا كۈلگىنىنى بىلەلمەيلا قالىسەن. ئۇ ساڭا كۈلۈۋاتامدۇ، ئېرىگە كۈلۈۋاتامدۇ، ماڭا كۈلۈۋاتامدۇ، بىرەر خىيالىي سېزىم ئۇنى كۈلدۈرۈۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايتتى. سەن ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلايسەن. ئېنىقكى، ئۇنىڭ سەۋەبسىزلا بۇ كۈلكىسى ئادەمنى شۈبھىگە سالماي قويمايتتى. ئايال خېلى تەستە كۈلكىدىن ئاران توختاپ گېپىنى داۋام قىلىدۇ:

— ئۇنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا تىزلىنىپ تۇرغان ھالىتى ئاچ ۋە قوتۇر بىر لالما ئىتنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ ئاغزىغا تەپكىم

كەپكەتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئاغزىغا تېپىشمىنىڭ ھېچبىر سەۋەبى يوق بولغاچقا، مەن ئۇنىڭ ئاغزىغا تەپمىدىم. بىز بىر-بىرىمىزگە ئۇنسىز ھالدا خېلى ئۇزۇن قارىشىپ تۇرۇپ كەتتۇق. ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇڭا ئۇنىڭدىن نېمە دەي-سەن دەپمۇ سورىمىدىم. ئۆزۈمدىكى ئۇنىڭغا بولغان يىرگىنىش ھېسسىياتىنى كۆزىتىشتىن باشقا ھېچنەرسىنى ئويلىمىغانىدىم، ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىش بولسا خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمى-دى. ئۇنىڭ ئالدىمدا تىزلىنىپ تۇرغان ئاشۇ ھالىتى مەڭگۈ يادىمدىن چىقمايدۇ (مەن مەڭگۈ دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشنى خالىمايمەن، بىراق ئاشۇ ئىش توغرىسىدا توختالسام بۇ ”مەڭگۈ“ دېگەن سۆزنى تىلغا ئالمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلى-مەن) . بەلكىم بۇ مېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈمدە كۆرگەن بىردىنبىر كۆڭۈلنى ئەڭ غەش قىلىدىغان كۆرۈنۈش بولۇشى مۇمكىن. بۇ كۆرۈنۈشنىڭ بىنورماللىقى ھەرقانداق كىشىنى شۇنداق ھېس قىلدۇرماي قالمايدۇ. ئۇ ناھايىتى ئۇزۇندىن كېيىن ئاران ئېغىز ئاچتى، مەن ئۇ ئېغىز ئاچمىغاچقا كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا كېتەي دېگەن ئىدىم-يۇ، يەنىلا كەتمەي ئۇنىڭ گەۋدىسىگە قاراپ تۇر-ۋەردىم.

— مەيلى، مەن ھېچنېمىنى كۆڭلۈمگە ئالمايمەن، سىزنىڭ ھەرقانداق بىر ئەر بىلەن قىلغان ئىشىڭىزنى كۆڭلۈمگە ئالماي-مەن، — دېدى ئۇ

— بۇنى ئېيتمىسىڭىزمۇ بىلىمەن! دېدىم كەسكىن قىلىپ.

— ماڭا ئۇۋال قىلىۋاتىسىز.

— مەن سىزنى نېمە قىلدىم؟

— ھېچنېمە. . . بىراق. . . مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز-سىز ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم.

— دۇنيادا تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان ئىشلار كۆپ. مەسىلەن، ئايروپىلاننى بىلمەيدىغان كىشىلەر تۆمۈرنىڭ ئاسماندا ئۇچۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، بىراق، ئايروپىلاننى بىلگەن-دىن كېيىن، بۇ ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئىش ئەمەس بولۇپ قالىدۇ. سىزمۇ شۇنىڭدەكلا ۋاقتى كەلگەندە ياشاۋېرىشى-ڭىز مۇمكىن، ئۇ چاغدا ھېچكىم سىزدىن ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتاتتىڭغۇ، يەنە نېمىشقا ياشاۋېرىسەن دەپ ھېساب ئال-مايدۇ. ياشاش تەس ئىش ئەمەس، دۇنيادا شۇنچە نۇرغۇن كىشى-لەر ياشاۋاتسا سىز نېمىشقا ياشىيالمايتىڭىز.

ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇ-رۇپ قالدى. ئۇ بىچارە مەخلۇقنىڭ قىياپىتى ھازىرغىچە كۆڭ-لۇمنى غەش قىلىدۇ.

— سىز بىلەن توي قىلىش مېنىڭ ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ غايەم. بۇ غايىگە ئېرىشەلمىسەم ياشاشنىڭ نېمە ھاجىتى قالىدۇ. مەن ھەممىگە چىدايمەن. مەن سىزگە قەسەم ئىچەي، ئەگەر سىز مەن بىلەن توي قىلسىڭىزلا، مەن سىز نېمە دېسىڭىز ماقۇل دەيمەن.

— مەن باشقا ئەرلەرنى خالىغانچە ئۆيگە باشلاپ كەلسەمچۇ؟

— ئۇنىڭغىمۇ مەيلى.

— نېمە؟ ھازىر ئۇنداق دېگەن بىلەن توي قىلىۋالغاندىن كېيىن بۇنىڭدىن تېنىۋالارسىز؟

— ياق، مەن قەسەم ئىچەي.

— مەن خۇداغا ئىشەنمەيمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا، — ئەگەر خۇداغا ئىشەنگەن بولسام سىزگە بۇنداق ئۇۋال قىلىپ يۈرمەيت-تىم. مەن بۇ جەھەتتە سىزدەك بەختلىك ئەمەس. شۇڭا سىزنىڭ قەسىمىڭىزگە ئىشەنمەيمەن.

— ئەمىسە مېنى جازالاڭ.

سىزنى قانداق جازالىيالىشىم مۇمكىن؟

— مەندىن ئايرىلىپ كەتسىڭىز مېنى ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالىغانغا باراۋەر بولىدۇ. بولمىسا مەن ھۆججەت يېزىپ بې-رەي.

— سىز ساراڭ بوپسىز.

— مەن ھەقىقەتەن بىرساراڭغا ئايلاندىم.

— شۇتاپ مېنىڭ قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىمنى بىلىۋا-تامسىز؟

— ياق.

— ئاغزىڭىزغا تەپكىم كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولغاندا تېخىمۇ خۇشال بولاتتىم.

— شۇتاپ ئەپت-بەشىرىڭىز ئادەمنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈر-دۇ.

ئۇ ھەقىقەتەن قىپقىزىللا بىر ساراڭغا ئايلانغانىدى. مەن بىر ساراڭنىڭ ماڭا ئاشىق بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىشىم كېرەك-مۇ ياكى نومۇس قىلىشىم كېرەكمۇ؟ سىز ئۇنىڭ ئاشۇ چاغدىكى بەشىرىسىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭا!

سەن ئايالغا ھاڭۋاقىنىڭچە قاراپ قالىسەن.

ھەممە نەرسىنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەت-

مەكتە ئىدىم.

ئەمدى ھېچنەرسە قالمىغاندى.

—ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيگە كىمنى باشلاپ كەلسەم، كىم بىلەن بىللە ياتسام غىڭ قىلالمايدۇ، —دەيدۇ ئايال.

—بەلكىم بىر كۈنى ئۇ سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، —دەيسەن سەن. كۈچلۈك ھاياجاندىن مېڭەڭنىڭ قاتتىق-قاتتىق ھېرىققانلىقىنى ھېس قىلىسەن. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئېغىر تىنىشى ساڭا يىراق-يىراقلاردىن يوشۇرۇن ئاڭلىنىپ تۇرغاندەكلا ھېس قىلىسەن.

—بۇ مۇمكىن ئەمەس!

ئايال ساڭا ئەركىلەپ قارايدۇ:

—قانداق، يەنە ئازراق مەيلىڭىز بارمۇ؟

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەۋسىڭ ئۆلگەندەكلا بولۇپ قالىدۇ. سەن ئۇندىمەيسەن. ئايال ئاخىر چىداپ بولالماي كۆزلىرىڭگە خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى تىككىنىچە سۇس ئىڭراشقا باشلايدۇ.

سەن خۇدۇڭنى يوقاتقاندەك بولۇپلا قالىسەن، قۇلىقىڭ ۋىڭىلداپ ئاۋاز چىقىرىدۇ. مېڭەڭنىڭ قېتىقلىرى ئۇيۇشۇپ كېتىۋاتقاندەك ھاسىرايسەن. پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ ھالسىرايدۇ. مانا بۇنداق ئېغىر ھالسىراش سەندە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىشقا باشلايدۇ. سەن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ھەسرەتلىك تىنىشلىرىنى مەڭگۇ ئاڭلايسەن. بۇ ھەسرەتلىك تىنىشقا ھېسداشلىق قىلىدۇ دەپ ئويلاپ قېلىۋاتامسىز؟ ياق، ئاشۇ نالىلىق ئۇھ تارتىشقا ئىچى تارلىق قىلماقتا ئىدىم.

سەن بوغۇلۇپ تۇرۇپ ئايالغا شۇنداق دەيسەن:

— ئېرىڭىز ماڭا قارىغاندا بەختلىك ئىكەن.

ئايال ئۆزى بىلەن بولۇپ كەتكەندە، سەن ئۇنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىغان ياكى ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلەلمەيسەن، گەرچە سەن بۇ سۆزنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېيتقان بولساڭمۇ ئۇنىڭ ئاڭلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.



# چىنار

## 1

مەن ئۇلارنىڭ مېنى دائىم ئوغرىلىقچە كۆزىتىپ تۇرىدىغان‐
لىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىمەن. بۇ ئاشۇ مەلئۇنلارنىڭ نومۇس‐
سىزلىق بىلەن تولغان چىرايلىرىدىن ئېنىقلا چىقىپ تۇرمامدۇ!

ئۇلار خۇددى ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، ھېچنەرسىدىن
خەۋىرى يوقتەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشقانىدى، ئۇلارنىڭ قىياپىتى
ئادەمنىڭ جېنىدىن ئۆتكۈدەك دەرىجىدە قەبىھ ئىدى. ئۇلار قانچە
تەبىئىي قىياپەتكە كىرگەنسېرى مېنىڭ شۇنچە ئوغام قايناپ،
ئۇلارنى چايناپ پۈركۈۋەتكۈم كېلەتتى. بۇنداق چايناپ پۈركۈۋې‐
تىش ھېسسىياتى مەندە يەنىلا يىرتقۇچ ھايۋانغا خاس تەبىئەتنىڭ
بارلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا سۈكۈت

قىلىپ، پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋالاتتىم، بىراق يەنىلا
نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزۈمنى خۇددى قەپەستە نەرە تارتىپ ئۇياق-بۇ-
ياق توختىماي مېڭىپ تېپىرلاپ تۇرغان شىرغا ئوخشىتاتتىم.
ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنى چايناپ پۈركۈۋەتكەن ھالىتىمنى تەسەۋۋۇر
قىلاتتىم. تەسەۋۋۇرۇمدا جاۋغايلىرىمدىن ئادەم قېنى تېمىپ
تۇراتتى؛ ئاسمانغا قاراپ بۆرىدەك ئېچىنىشلىق ۋە دەھشەتلىك
ئاۋازدا ھۇۋلاپ قوياتتىم. كېيىن مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم تېخىمۇ
بېيىپ، بۇنىڭغا قاپقاراڭغۇ كېچە ۋە قاراڭغۇلۇق قوينىدا قالايمى-
قان ياتقان سانسىز جەسەتلەر قوشۇلدى، بۇ جەسەتلەرنىڭ ھەم-
مىسى پارچە-پارچە قىلىپ تاشلانغانىدى. بىراق مەن بۇنداق
تەسەۋۋۇر قىلىشنى ياقتۇرمايتتىم، چۈنكى باشقىلارغا ھەرقانچە
نەپرەتلەنگىنىم بىلەنمۇ ناھايىتى باغرى يۇمشاق ئادەم ئىدىم،
بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ناھايىتى قىسقا ئارىلىقتىكى بىردەم-
لىككلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قېلىش ئىدى، خالاس. مەندە باش-
قىلار بىلەن رىقابەتلىشىش تۇيغۇسى كەمچىل ئىدى، باشقا كى-
شىلەر بىلەن زادىلا بىرەر نەرسىنى تالىشىپ باققىنىم يوق. مەن
كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپلا بۇ دۇنيادىن ھېچنەرسىنى ئېلىۋال-
غىلى بولمايدۇ دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا باشقىلار بەرمىسىلا ھېچ-
نەرسىنى ئېلىۋالمايتتىم. يىرتقۇچلارنىڭ ماھىيىتى باشقىلاردىن
بىرەر نەرسىنى تارتىۋېلىش، ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم تارتىۋېلىش
ئوبيېكتى باشقىلارنىڭ باشقا نەرسىسى بولماستىن، بەلكى تېنى.
مەن بۇنداق غەيرىي نورمال بولغان تارتىۋېلىشنى زادىلا ياقتۇر-
مايتتىم، بۇنداق تارتىۋېلىش تۇيغۇسى مەندە زادىلا مەۋجۇت
ئەمەس ئىدى، بىراق بۇ ناھايىتى بۇرۇنقى ئىشلار. كېيىنچە

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاخىرىدا باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى تارتىۋېلىشقا ھەممىدىن بەكرەك خۇشتار ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. ئەمما ناھايىتى توخۇ يۈرەك ئادەم بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوشۇرۇن ئېلىپ باراتتىم. ئۆزۈمنىڭ توخۇ يۈرەك ئادەم بولۇپ تۇرۇلۇپ قالغانلىقىمدىن ناھايىتى مەمنۇن ئىدىم، چۈنكى مەن بۇنداق توخۇ يۈرەكلىكىمدىن ھۇزۇرلىناتتىم. بىرخىل سوغۇق ۋە مۇدھىش بولغان قورقۇنچ تۇيغۇسى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالغاندا يۇخادىن چىقىپ قالاتتىم، مەن بۇخىل تۇيغۇغا خۇمار بولۇپ قالغانىدىم. ئاشۇ خىل تۇيغۇنىڭ ۋەسۋەسىسى مېنى دائىم قىينايتتى. مەن پۈتۈن دۇنيادىن خۇدۇمنى يوقاتقان ھالدا ئەنە شۇ تۇيغۇنى ئىزدەيتتىم، خۇددى ئاشۇ تۇيغۇ بولمىسا نەپەسىم ئۈزۈلۈپلا قالىدىغاندەك. . . مانا بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەۋەردار! شۇنداق تۇرۇقلۇق خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك شۇ قەدەر تەبىئىي ۋە ئەستايىدىل قىياپەتكە كىرىۋېلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ داپ يۈزلەرنىڭ نىمىلەرنى ئويلايدىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان.

ۋېلىسىپىت مىنگەن پوچتىكەش كوچا دوقمۇشىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مېنى كۆرۈپ قالدى-دە، سالام تەرىقىسىدە بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى. ئۇ ئەبلەخ بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ھېچقانداق تونۇشلۇق يوق، مەن پەقەت ئۇنىڭ پوچتىكەش ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن، ئۇنىڭ پوچتىكەش ئىكەنلىكىنى ئۇنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئادەممۇ بىر قاراپلا بىلەلەيدۇ، چۈنكى ئۇ پوچتا كىيىمى كىيىۋالغان-دە. ئەگەر ئۇنىڭ پوچتىكەش ئىكەنلىكىنى بىلىشلا ئۇنىڭ بىلەن ئاللىقانداق

تونۇشلۇق مۇناسىۋەت بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بولسا دۇنيادا
تونۇش ئادەم بىلەن ناتونۇش ئادەملەرنىڭ نېمە پەرقى بار؟ ئادەم-
لەرنى تونۇش ۋە ناتونۇش دەپ ئايرىپ ئولتۇرۇشنىڭ يەنە نېمە
ئۆلچىمى قالىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ مىجەز-خاراكتېرى زادى
قانداق؟ قەيەردە ئولتۇرىدۇ. . . مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن تاما-
مەن خەۋەرسىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنى قانداقمۇ تونۇش دېگى-
لى بولسۇن؟ بىراق ئۇ مەن خۇددى ئۇنىڭ كونا تونۇشىدەكلا
ماڭا قاراپ سۇس كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ ئەبلەخنىڭ ماڭا
بۇنداق مۇئامىلە قىلىشى زادى نېمىنىڭ بېشارىتىدۇر؟ ئۇنىڭ
ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويغان ئاشۇ خۇنۈك — خۇددى يول
بويىدىكى كىرلىشىپ كەتكەن ئۇششاق ئەينەك پارچىلىرىدەك
نۇرسىز كۆزلىرىنىڭ كەينىگە زادى نېمە يوشۇرۇنغان!؟ ئۇنىڭ
قىياپىتى ناھايىتى تەبىئىي ئىدى، ئۇنىڭ پەقەتلا مېنى تونۇش
ھېسابلاپ، تونۇش ئادەم دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداقلا سالام
قىلىپ قويغانلىقىغا قىل سىغمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى، بۇنىڭدىن
زادىلا باشقىچە نەرسىنى تاپقىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار
خۇددى بىرەر تونۇشى ئۇچراپ قالسا ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشمىسا
ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغاندەكلا ھېس قىلىدۇ، شۇڭا
پەقەت مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىنلا شۇنداق قىلىشىدۇ. ئۇمۇ پەقەتلا
مەجبۇرىيەتنى ئىلاجىسىز ئادا قىلىۋاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى. بىراق
ئۇنىڭ كەينىگە باشقىچە نەرسىلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى ناھايىتى
ئېنىق. ئۇلار مېنىڭ ھەممە ئىشىمنى بىلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ
نەزەرىدە غەلىتە بىر ئادەم، مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىم ئۇلارنى
ھەيران قالدۇردى، شۇڭا ئۇلار يول بويىدا مېنى ئۇچرىتىپ

قالسا مېنى نومۇسسىزلارچە ھېسسىيات بىلەن قايتىدىن كۆزد-
تىپ، مېنىڭ ئالاقزادە ھالىتىمنى قايتا بىر قېتىم تاماشا قى-
لىشتىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ، بىراق ئۆزلىرىنىڭ ماڭا نېمىشقا
قاراۋاتقانلىقىنى بايقاپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ، ئەنە شۇنداق
كونا تونۇشلۇقى باردەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. مەن بولسام
ئۇلار قانچە خاتىرجەم، قانچە تەبىئىي، قانچە نورمال كۆرۈنسە
شۇنچە شۈمشىيىپ كېتىمەن...

پوچتىكەشنىڭ ۋېلىسىپتى كۆز ئالدىمدىن يىراقلاپ كىشى-
لەر توپى ئارىسىغا كىرىپ يوقالدى. بىراق ئۇنىڭ ماش رەڭلىك
ۋېلىسىپتى ۋە ۋېلىسىپتكە ئېسىۋالغان يېشىل سومكىسى بىر-
ھازا كۆز ئالدىمدىن كەتمەي ئوغامنى قايىنىتىۋەتتى. مەن ئۇنى
مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ توختاپ، ماڭا يەنىلا بۇرۇنقىدەك بىر
پارچە قايتۇرىۋېتىلگەنلىك ئۇقتۇرۇشى چاپلانغان كونۋېرتنى تۇت-
قۇزۇپ قويۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ئۇ ئۇنداق
قىلمىدى.

ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى. سوغۇق شامال قۇلاقنى خۇد-
دى ئوت بىلەن داغلىغاندەك ئېچىشتۇراتتى. كوچىدىكى ئۇيان-
بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ قەدەملىرىمۇ سوغۇقتا دا-
ئىمقىدىن ئاستىلاپ كەتكەنىدى، ئۇلار مۇزدا تېيىلىپ يىقىلىپ
چۈشۈشتىن ئەنسىرەپ، ئاۋايلاپ مېڭىشاتتى. كىشىلەرنىڭ قە-
دەملىرى ياز ۋاقتىدىكىدەك تېز-تېز ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ
قىياپەتلىرىدىن قەيەرلەرگىدۇر ئالدىرىشىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇر-
سىمۇ قەدەملىرىنى تېز-تېز ئېلىشالمايتتى، بەزىلەرنىڭ ھەتتا
يۈگۈرۈشلىرىمۇ قولاشماي قالغانىدى، ئۇلار ئاران-ئاران ئالغا

سىلجىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كوچىدىكى ھەممە نەرسە ماشى-
نىلار... ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سوغۇقتا توڭلاپ ئۈيۈشۈپ،
ھېلىلا مىدىرلىيالماس بولۇپ قېتىپ قالىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى.
مەن كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ
ماڭدىم، دەل شۇ چاغدا بىر ماشىنا مېنى ئۈرۈۋەتكىلى تاس
قالدى، قاتتىق تورمۇز قىسقان ماشىنا مۇزدا تېيىلغىنىچە يانتۇ
بولۇپ توختىۋىدى، ئۇنىڭغا بىر تاكسى سۈركىلىپ ئۆتۈپ توخ-
تىدى. تاكسى ۋە ماشىنا ھەر ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە تېگىشىپ
كېتىشىدىن خېلى يېرىنىڭ سىرى چۈشۈپ كەتكەن بولىشى مۇم-
كىن دەپ ئويلىدىم مەن. شۇلارنى ئويلاپ تۇرۇۋشۇمغا ماشىنى-
نىڭ شوپۇرى ماشىنىدىن چۈشۈپ يۈگۈرۈپ كېلىپلا مېنىڭ
ياقامدىن ئالدى. ئۇ ئېگىز، بەستلىك ئادەم بولۇپ، مېنىڭ
ياقامدىن تۇتقان قوللىرىغا قارىۋىدىم، بۇ قوللار ناھايىتىمۇ يو-
غان كۆرۈنۈپ كەتتى، مەن خۇددى ئىككى پۇتىدىن تۇتۇۋېلىنغان
توخۇدەك تېپىرلاپ بېقىپ ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمىدىم. ئۇ
ئاللا نېمىلەرنىدۇر دەپ مېنى بىرھازا تىللىدى، ئاندىن مېنى
سۆرەپ ئېلىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنىڭ سۈركىلىپ كې-
تىش دەستىدىن زەخىملەنگەن قىسمىنى كۆرسەتتى. بۇ ماشىنا
ناھايىتى كۆلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇ مېنى ئاتايىن
ماشىنىنىڭ ئۇ تەرىپىگە سۆرەپ ئېلىپ بېرىپ كۆرسىتىشىنىڭ
ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى، مەن يا رېمۇنتچى ئەمەس ياكى
سىرچى ئەمەس-تە!
— كۆردۈڭمۇ ھېجىقىز! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ماڭا.
بىردەمدىلا ئەتراپىمىزغا كىشىلەر ئولىشىپ كەتتى. ئۇلار-

نىڭ كۆزلىرى بىراقلا ماڭا تىكىلگەنىدى. ئۇلارمۇ ماڭا خۇددى تونۇشتەكلا قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار بۇ يەردە شۇنچە سوغۇققا قارىماستىن دۇگدىيىشىپ تاماشا كۆرمەكچى. ئۇلارنىڭ قاراشلىدىرىدىن مەقستى ئېنىقلا بىلىنىپ تۇرسىمۇ، بىراق مەن بۇ قاراشلارنى ھېلىقى پوچتىكەشنىڭ قاراشلىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ دەپ ئويلىدىم. ئۇلار باشقىلارنىڭ بىچارىلەرچە ھالىتىنى تاماشا قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن، مەن شوپۇرنىڭ ياقامدىن سىقىشىغا پەرۋامۇ قىلمىدىم، بىراق باشقىلارنىڭ قاراشلىرىغا بولسا قاتتىق ئوغام قايناپ كەتتى. شوپۇرغۇ ماشىنىنىڭ سىرىنىڭ چۇشۇپ كەتكەنلىكىنى مەندىن كۆرۈپ شۇنداق قىلسۇن، باشقىلارچۇ؟ باشقىلار ماڭا نېمىشقا ئۇنداق قارىشىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە زادى قايسىلىرى مېنى تونۇيدىغاندۇ؟

قاتناش ساقچىلىرى كېلىپ ماجىرانى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا مەن ئۇ يەردىن ئايرىلدىم. ئاشۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان ئادەملەر مېنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ماڭا قاراپ تۇرۇشىدىكى مەقستى ئېنىق ئىدى. ئۇلار بەلكىم مېنى بۇ يەردە ئوبدان كۆرۈپ تونىۋېلىپ، باشقا چاغدا باشقا جايلاردا ئۇچراپ قالغان ۋاقىتلاردا خۇددى ھېلىقى پوچتىكەشتەك سۇس كۈلۈمسىرەپ قارىشىپ قويار.

## 2

تاك. . . تاك. . . تاك. . . ، ئىشىك چېكىلدى.

قولىدا پوچتا سومكىسى كۆتۈرۈۋالغان پوچتىكەش بۇ كونا
بىنانىڭ چىرىغى بۇزۇلۇپ قالغان، كۈن نۇرى ياخشى چۈشمەيدى-
غان كارىدورىدا ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ
قاسقان شەپكىسىنىڭ جىيىكىنى قولى بىلەن كۆتۈرۈپ قويۇپ
قايتىدىن ئىشىكنى چەكتى.

پوچتىكەش مۇشۇ بىناغا كىرىپ مۇشۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدا
تۇرغان ۋاقتىدا دائىم ۋاقىت ئۆز ئورنىدا توختاپ قالغاندەك
ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ ئېڭىدا ۋاقىت ئۇقۇمى پۈتۈنلەي قالايمىقان-
لىشىپ كېتەتتى. تۈنۈگۈننى، بۈگۈننى ۋە ئەتىنى زادىلا پەرق
قىلالماي قالاتتى. ئىشىكنى ئۇ بۇرۇنقىدەكلا چېكەتتى، ئىشىك
ئېچىلىپ ئۆي ئىگىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئىپادىسىز، خۇددى ھەيكەل-
دەك قاتقان يۈزلىرى بۇرۇنقىدەكلا ئۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ بىر
نەرسە دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا خەتنى ئۇنىڭغا
ئۇزىتىدۇ. خەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقىدەكلا — ئادرېسى خاتا
بولغانلىقى ئۈچۈن قايتۇرۇۋېتىلگەن خەتلەر. ھەممىدىن ئادەم-
نىڭ جېنىغا تېگىدىغان يېرى شۇكى، بۇ خەتلەر سېلىنغان
كونۋېرتلارمۇ بىرلا خىل، كونۋېرت ئۈستىدىكى پوچۇركىمۇ
بىرلا خىل، تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنىڭ ئىسمىمۇ بىرلا خىل. پوچتى-
خانىدا ئىشلەيدىغانلار ئاشۇنداق كونۋېرتنى بىر كۆرۈپلا تونۇۋا-
لاتتى. بۇ ئادەمنىڭ پوچۇركىسى باشقىلارنىڭكىدىن ئالاھىدە
پەرقلىنىپ تۇراتتى. پوچتىكەش يىگىت بۇ خەتلەرنى ئىگىسىگە
بەكمۇ ئوخشىتاتتى، بۇ خەتلەر ئىگىسىدەكلا قوپال ۋە يېقىمسىز
كۆرۈنەتتى، پوچتىكەش بۇ خەتلەرنى زادىلا يازغۇچىسىدىن ئاي-
رىپ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى، خۇددى ئاشۇ ئادەمدىن باشقا بىراۋ-

نىڭ ئاشۇنداق خەتلەرنى يازالىشى مۇمكىن ئەمەستەك.

پوچتىكەش يىگىت يەنە بىر قېتىم ئىشىكنى چەككەندىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قىياپىتى پەيدا بولدى، ئۇ ئۈن-تىنسىز پوچتىكەش يىگىتكە سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ تۇردى. پوچتىكەش يىگىت دائىم ئۇنىڭ قاراشلىرى ئالدىدا گاڭگىراپ قالاتتى، كۈندە دېگۈدەك ئۇنىڭ ئالدىغا كەل-گەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ ئەھۋاللىشىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرمىسە بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى، پوچتىكەش يىگىت. ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولغىلى بەلكىم ئىككى يىل بولغاندۇ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتكەندۇ، زادى قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئىككى-ئۈچ يىلدىن بېرى كۈندە دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ھەر كۆرۈشكەندە سالام-سائەت قىلىشمىسا بولمايدى-غاندەك تۇيۇلاتتى. يىگىت دائىم ئاشۇ ئادەم بىلەن يەنە ئۇچرىشى-دىغانلىقىنى ئويلىسىلا بىئارام بولۇپ كېتەتتى. بۇنداق ئۇچرى-شىش كىشىنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ غەش قىلاتتى، بۇ ئۇچرىشىشقا ئىككى-ئۈچ يىل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق پوچتىكەش يىگىت زادىلا كۆنەلمىدى. بۇ ئۇچرىشىشنىڭ پاتراق ئاخىرلىشى-شىنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇنىڭ ئادرېسى خاتا بولغان خەتلىرى دائىم ئەۋەتىلىۋەرمىسىلا بۇنداق كۆڭۈلسىز ئۇچرىشىش ئاخىر-لىشىپ، ئازراق ۋاقىتتىن كېيىنلا ئۇ ئادەم ناتونۇش ئادەمگە ئايلىنىپ دۇنيادىكى سانسىزلىغان ناتونۇش ئادەملەر قاتارىدا يو-قىلىپ كېتەتتى. بىراق ئۇ قېرىشقاندەك خاتا ئادرېسقا خەت ئەۋەتىۋەردى. ئۇنىڭ بۇنداق خەتنى ئەۋەتىشتىكى مەقسىتى خۇد-

دى ئاشۇ پوچتىكەش يىگىتنى دائىم ئىشىكى ئالدىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان، ئادەمنى كولدۇرلىتىدىغان پۇتۇنلەي مەنە-سىز بىر رەزىل ئويۇندەكلا تۇيۇلاتتى. پوچتىكەش يىگىت دائىم ئۇنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا سۇسقىنە كۈلۈمسىرەپ قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇنىڭ ئۆزىنى بىر سالام دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولاتتى، سالام ئەمەس دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولاتتى. پەقەت مۇشۇنداق قىلىنغاندىلا ئاندىن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئادەم بىلەن سالام-سائەت قىلىشمايدىغان ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلغىلى ھەمدە ناتونۇش ئادەمگە سالام قىلىپ ئىلىك ئېلىنماي قېلىشنىڭ خىجىللىقىدىن قۇتۇلغىلى بولاتتى.

پوچتىكەش يىگىت سۇسقىنە كۈلۈمسىرەپ قويىدى. بۇ كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ قىياپىتىدە ھېچقانداق بىرەر تەسىر پەيدا قىلالمىدى.

— خېتىڭىز قايتىپ كەپتۇ، ئادرېسىنى خاتا يېزىپ قويۇپسىز.

پوچتىكەش يىگىت شۇ سۆزنىلا قىلاتتى، بۇ سۆزلەر خۇددى ئۇنىئالغۇغا ئېلىپ قويۇلغاندەك بىرلا خىل تەلەپپۇزدا چىقاتتى، بىرەر سۆز قېتىلىپ قالمايتتى ياكى بىرەر سۆز چۈشۈپ قالمايتتى، ھەر كۈنى شۇنداق.

ئۇ خەتنى ئېلىپلا ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ كىرىپ كەتتى. بىرەر ئېغىز سۆز قىلىش ئەمەس ھەتتا كونۇېرتقا قاراپمۇ قويمايتتى.

پوچتىكەش يىگىت ئۇنىڭ زادى كىمگە خەت يېزىۋاتقانلىقىنى بىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. بۇ مەڭگۈ ئىگىسىگە تەگمەس

خەتنى ئۇ زادى نېمىشقا توختىماستىن يېزىۋېرىدىغاندۇ؟ بۇ دۇن-يادا ئاشۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ئادەم مەۋجۇت ئەمەسمى-دۇ-يا؟

پوچتىكەش يىگىت قاراڭغۇ كارىدوردىن قايتىپ چىققاندىن كېيىنلا ئۆزىنى ۋاقىتنىڭ سىرلىق ئوردىسىدىن قايتىپ چىققان-دەك ھېس قىلاتتى. ئاشۇ كارىدوردىن قايتىپ چىقمىسا ۋاقىت-نىڭ سىرلىق ئوردىسىغا مەڭگۈ قامىلىپ، يەنىلا شۇ كارىدور، يەنىلا ھېلىقى قېتىپ قالغان ئىپادىسىز چىراي ۋە ئادرېسى خاتا بولغانلىقى ئۈچۈن قايتىپ كەلگەن خەتلەردىن شەكىللەنگەن چەم-بىرەك ئىچىدە مەڭگۈ ئايلىنىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

پوچتىكەش يىگىت ۋېلىسىپتنى مىنگىنىچە بىنالارنى ئارى-لاپ مېڭىپ چوڭ يولغا چىقىپ، يول بويىدا كېتىۋاتقان ۋېلىسى-پىتلەر ۋە ماشىنىلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. چوڭ يولغا چىق-قىچە نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ خۇددى ئۆزىنى باشقا ئىشقا ئەمەس، پەقەت ھېلىقى ئادەمنىڭ ئادرېسى خاتا يېزىلغانلىقى سەۋەبلىك قايتۇرۇۋېتىلگەن يەنە بىر توپ خەتلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن-لا بۇ يەردىن ئايرىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

## 3

مەن ئەسلىمەمدىكى سانسىزلىغان ئوبرازلار ئارىسىدىن ئا-خىر ئۇنىڭ چىرايىنى ئاز-تولا ئىلغا قىلىپ ئايرىپ چىقالىدىم. باشقا مەڭگۈ ناتونۇش بولغان كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرى تېنىمسىز

ھالدا ھەرىكەتلىنىپ، ئاشۇ ئىنتايىن ئاجىز، بىراق ئادەمنى ئەڭ جەلىپ قىلىدىغان، ئىنتايىن غوۋا، بىراق ئەڭ كۈچلۈك بولغان، تېنىمسىز جانلىنىپ تۇرغان ئاشۇ ئوبرازنى يۈتۈپ كېتىشكە تىرىشاتتى. مەن جان-جەھلىم بىلەن ئاشۇ ئوبرازنى ئەسلىمە-نىڭ پايانسىز قاراڭغۇ قوينىدىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىشقا تىرىشاتتىم.

ئەسلىمەمدىكى ئۇنىڭ ئوبرازى ماڭا قاراپ مەنىلىك كۈل-مەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياپما قاپاق بولغىنى بىلەن ناھايى-تى چوڭ ئىدى، بۇرنىنىڭ تۈۋىدە بىر تال مەڭ بولىشى مۇم-كىن، توغرا بىر تال مەڭ، بەلكىم ئىككىدىدۇر، بەلكىم مەڭزىدىدۇر، ئىشقىلىپ يۈزىنىڭ بىر يېرىدە مەڭ بار، بىر تال ئەمەس، بىر نەچچە تال... مېنىڭ ئېڭىمدە ئۇنىڭ ئوبرازىدىن پەقەت شۇلارلا قالغان. بەلكىم يايما قاپاق كۆزلەر باشقا بىراۋ-نىڭ، مەڭلەر باشقا بىراۋنىڭكىدۇر، بەلكىم ئەسلىمەمدىكى بىر-نەچچە ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يىغىپلا بىر ئادەمنىڭ چىرايىنى قۇراشتۇرۇۋالغاندىمەن... بۇنىسى ماڭا نامەلۇم.

ئاشۇ ئوبرازنىڭ تۇيۇقسىز ئەسلىمەمدە پەيدا بولۇشى بۇنىڭ-دىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىكى ئىش، ئاشۇ كۈنى مەن ۋۇجۇ-دۇمدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىرخىل ئىللىق سېزىم دەستىد-دىن باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كەلگە-نىدىم، بۇنىڭغا بەلكىم ئىككى يىل بولغاندۇ، ئىككى يېرىم يىل ياكى ئۈچ يىل بولغاندۇ، قاچان ئىكەنلىكى زادىلا ئېنىق ئېسىمدە ئەمەس. مەندە ئاشۇ كۈنكىدەك ئىللىق سېزىم بولۇپ باقمىغىلى ناھايىتى ئۇزاق يىللار بولۇپ كەتكەنىدى. بەلكىم ئوتتۇز يىللار

بولغاندۇ. . . مەن ئىنسان ۋۇجۇدىدا ئەنە شۇنداق تۇيغۇنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى پەقەت شۇ كۈنىلا ئەسلىيەلىدىم، ئەسلىدە دۇنيادا بۇنداق تۇيغۇنىڭ بار ئىكەنلىكىنى تامامەن ئۇنتۇپلا كەت-كەن ئىكەنمەن.

ئاشۇ كۈنى بالىلىق چاغلىرىمدىلا مەن بىلەن خوشلاشقان ئاشۇ تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغاندا مەن ساراسىمىگە چۈشۈپ زادى نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەيلا قالدىم. مەن ئاشۇ شېرىن ئۇيقۇدىن زادى قانداق ھوزۇرلىنىشنىمۇ بىلەلمەي قالدىم. چۈنكى مەن نۇرغۇن يىللاردىن بېرى مۇزدەك سوغۇق تۇيغۇدىن ھوزۇرلىنىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدىم. بۇنىڭ ئىچىدە مېنى ھەممىدىن بەكرەك پۇخادىن چىقىرالايدىغىنى قورقۇنچ تۇي-غۇسى ئىدى. قاتتىق قورقۇنچ دەستىدىن پۇتۇن بەدىنىم جالاقلاپ تىترەپ كەتسە مەن خۇشاللىقتىن خۇدۇمنى يوقاتقۇدەك بولات-تىم. بۇ خىل تۇيغۇنىڭ ۋەسۋەسىسى مېنى نېمە ئىشلارغا ئېلىپ بارىدىكىن تاڭ. مەن ۋۇجۇدۇمدا پەيدا بولغان قورقۇنچ تۇيغۇسى-دىن—يۈرىكىمنىڭ قاتتىق سىلىپ، ئۆگە-ئۆگىلىرىمنىڭ ئۇيۇ-شۇپ كېتىشلىرىدىن، تىزلىرىمنىڭ تىترەپ، پېشانەمدىن سو-غۇق تەر چىقىپ كېتىشىدىن نېمىشقا شۇنچىۋالا ھوزۇرلىنىد-غانلىقىمنى چورتلا چۈشەنمەيتتىم. بۇخىل غەلىتە لەززەتتىن ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشقا تىرىشاتتىم. بىراق ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا تىرىشقانسېرى ئۇنىڭ پاتقىقىغا شۇنچە چوڭقۇر پې-تىپ، ئاخىر ئۆزۈمنى زادىلا قۇتۇلدۇرۇۋالالمايدىغان ھالەتكە يەتتىم.

ئۇ ماڭا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى نېمد-

لەردىندۇر بېشارەت بېرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئەينى چاغدا مې-
نىڭ بالىلىق قەلبىمدە ئۇنىڭ ئاشۇنداق كۈلۈپ تۇرغان ھالىتى
ئانچە مۇھىم ئورۇنغا ئۆتەلمىگەنىدى. مەن ئۇ چاغدا ئاشۇ ھالەت-
نىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى زادىلا ھېس قىلمىغان
ئىكەنمەن، چۈنكى مەن ئۇ چاغدا تېخى كىچىك بولغانلىقىم
ئۈچۈن بۇنى سانسىزلىغان مەنىلىك كۈلۈشلەر ئىچىدىكى تۇنجى-
سى دەپ ئويلىغانىدىم، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇنداق كۈلۈشلەر ۋە
ئۇنداق تەبەسسۇم بىلەن قاراشلارغا ئېرىشىش پۇرستى ناھايىتى
نۇرغۇن ئىدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا زادىلا ئەھمىيەت بەرمەي
ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمەن. پەقەت نۇرغۇن يىللاردىن كېيىنكى ئاشۇ
كۈنلەردىلا ئاندىن ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن ئاخىرقى پۇرسەت ئىكەنلى-
كىنى ھېس قىلىپ يەتتىم، تاكى ئاشۇ چاغقىچە بۇنى ھېس
قىلمىغان ئىكەنمەن.

ئۇ تۇيۇقسىز يادىمغا يەتكەن ئاشۇ كۈنى يول بويىدا ئاستا
ماڭغىنىمچە ئىشقا كېتىۋاتاتتىم. مەن گېزىت ساتقۇچى موماي-
نىڭ ئالدىغا بېرىپ گېزىتلەرنى ھەدەپ ئاختۇرۇشقا باشلىدىم.
مەن دائىم گېزىتلەر ئىچىدىن قارا رامكىغا ئېلىنغان بىر پارچە
رەسىمنى ئىزدەيتتىم. لېكىن ئۇ رەسىم زادىلا بېسىلىپ باقمايت-
تى، شۇنىڭ بىلەن مەن گېزىتلەردىن بىرنىمۇ سېتىۋالماستىن
ھېلىقى بىچارە مومايغا ئىچ ئاغرىتىش بىلەن قاراپ قويۇپ كې-
تىپ قالاتتىم.

ئاشۇ كۈنى زادى نېمىنىڭ مەندىكى ئەسلىمىلەرنى قوزغى-
تىپ تۇيۇقسىز ئۇنى يادىمغا يەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى بىلمەيمەن.
لېكىن شۇنىسى ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە، مەن تۇيۇقسىز پەيدا

بولغان بىر تۇيغۇ بىلەن تۆت كوچا دوقمۇشىدا قاتقىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. مەن دەسلىپىدە زادى نېمىنى يادىمغا ئالغانلىقىمنىمۇ بىلەلمەي قالدىم. كېيىن ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆر-سىتىش ئارقىلىق ئاخىر ئۇنىڭ ئاشۇ ئىللىق گۈزەل ئوبرازىنى ئەسلىمەمنىڭ پايانسىز خارابىلىقىدا تىكلەشكە باشلىدىم.

ئەسلىمەمدە پەيدا بولغان ئاشۇ ئوبرازنىڭ تولۇق مۇكەممەل قىياپەتكە كىرىشى ئۇنىڭدىن بىرنەچچە يىللاردىن كېيىنكى ئىش. مەن ئۇنى مۇكەممەل قىياپەتكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئۆز ئېڭىمدىكى ئاياللارغا ۋە مېھرىبانلىققا تەۋە بولغان بارلىق پار-چە-پۇرات تۇيغۇلارنى جەم قىلدىم. بۇ ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە پار-چە-پۇرات بولغان تۇيغۇلار مۇكەممەل بىر ئايالنىڭ ئوبرازىنى شەكىللەندۈرۈپ چىقىشىم ئۈچۈن تازا يېتەرلىك بولمىغاچقا، بۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كەتتى.

—سەن زادى كىم؟—مەن خىياللىرىمدا ئۇنىڭدىن سورى-دىم.

—سەن زادى كىم؟—مەن چۈشلىرىمدە ئۇنىڭدىن سورى-دىم.

ئۇ خىياللىرىمدا ناھايىتى مەۋھۇم ئىدى. چۈشلىرىمدە خۇددى قاراڭغۇ جىلغىدىكى ئېقىن سودا يالتىراپ تۇرغان شول-دەك، تېنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بىر ئەگرى سىزىقتەك پەيدا بولۇپ يەنە يوقاپ كېتەتتى. ئۇ ياپما قاپاقلىق كۆزلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارايتتى. چۈشۈمدە ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى، كۆزىدىن باشقا ھەممە يېرى خۇددى بىر قارا سايىدەك مەۋھۇم ھالەتتە

كۆرۈنەتتى.

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئاشۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن روھىم چۈشكەن ھالدا سىنىپقا كىرىپ كېتىۋاتاتتىم . مەن ئۇ چاغدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدىم. ئەتىگەندە مەكتەپكە كېلىۋېتىپ قاپقارا لاي سۇ ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈۋېتىپ سومكامغا سېلىنغان كىچىككىنە زاغرا نان سۇغا چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇنى ئەسلىدە سومكامغا ناھايىتى ئاۋايلاپ سالغانىدىم، بىراق نان بەكمۇ كىچىك بولغاچقا بىرلا سەكرەش بىلەن سومكامنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى. زاغرا نان پەقەت ئېغىزغا بىرلا سالغۇدەك چوڭلۇقتا ئىدى، بىراق بىز ئۇنى يېگەندە ھەرگىزمۇ ئېغىزغا بىرلا سېلىپ يېۋەتمەيتتۇق، ئەكسىچە ئۇنى ئالدىمىزغا قويۇپ قويۇپ، بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن خۇددى چوڭ بىر ناننى پارچىلىغاندەك نەچچىگە پارچىلاپ ئاندىن يېيىشكە تۇتۇش قىلاتتۇق. مەن ناننى ئالدىرىماي چايناپ ئۇزۇندا يۇتاتتىم. شۇنداق قىلغاندا خۇددى چوڭلا بىر پارچە ناننى يەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئۆزىمىزنى تويغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرەلەيتتۇق.

مەن نانىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىنى سەزگەندىن كېيىن سۇدا بىر چۆكۈپ بىر لەيلەپ ئېقىپ كېتىۋاتقان نېنىمنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈردۈم، مەن بېرىپ تۇتۇۋالاي دېگۈچە ئۇ ئېقىپ بىر سۇڭگۈچتىن باغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن سۇڭگۈچ بىلەن سۇ كېچىپ ئۆمىلەپ باغ ئىچىگە كىرىشىمگىلا يوغانلا بىر ئالا ئىت كۆزۈمگە چېلىقتى. ھېلىقى نان ئىتنىڭ ئاغزىدا تۇراتتى، ئىت ناننى مەندىن بۇرۇن سۇدىن سۈزۈۋالغانىدى، ئىت مېنى

كۆرۈپ خىرىلداپ ھۆرپەيدى. مەن ناننىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ
تارتىۋېلىشنى، ئۇنىڭغا يېگۈزمەسلىكنى ئويلىدىم، بىراق ئىت
ئۇنى ماڭا بەرمەستىن ئېلىپ قاچتى. ھازىرغىچە زادىلا يادىمدىن
چىقمايدىغىنى شۇكى، ھەتتا مېنىڭ نېسۋەمنى ئېلىپ قاچقان
ئاشۇ ھايۋانمۇ ئاشۇ بىر پارچە ناننى بىرلا ھاپ دەپ يۇتۇۋېتىشكە
قىيمىغانىدى.

ھەممە پالاكەتچىلىك شۇنىڭدىن باشلاندى. بۇ مېنىڭ پەقەتلا
ناندىن ئايرىلىپ قالغانلىقىم ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت شۇنىڭدىن
كېيىنكى بارلىق كېلىشمەسلىكلەردىن بېشارەت بەرگەنىدى.

— ھەي، ئەتىگەندە ئەجەب ئوڭۋاقمىدى! — دېدىم مەن. ئە-
تىگەندە پالاكەت باسسا كەچكىچە ھەممە ئىش تەتۈر كېلىدۇ دەيدى-
غان قاراشقا تامامەن ئىشىنەتتىم. ھەتتا بۇ قاراش مېنىڭ ئۆزەم-
نىڭ قارىشىمغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. گاھىدا ئۇ مېنىڭ رېئال
تەجرىبىلىرىمدىن يەكۈنلىنىپ چىقىپ ئاندىن كىشىلەرگە ئو-
مۇملاشقاندەكمۇ تۇيۇلاتتى. بەزىدە بۇ ئۆز ئەمەلىيىتىمدىن يەكۈن-
لەنگەن خۇلاسىمۇ ياكى باشقىلاردىن ئاڭلىۋېلىپ ئىشىنىپ قو-
بۇل قىلغانمۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەي قالاتتىم.

مەكتەپكە بېرىشىمغىلا باللارنىڭ سىنىپلارغا كىرمەي قا-
لايمىقان چۇرقىرىشىپ ئويناپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران
قالدىم. مەن شۇ كۈنى دەرسكە سەل كېچىكىپ قالغانىدىم.
دەسلىپىدە ئوقۇتقۇچى تېخى سىنىپقا كىرمىگەن ئوخشايدۇ دەپ
كېچىكىپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن تەنقىدلىنىشتىن قۇتۇلغىنىمغا
خۇش بولدۇم، بىراق ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. پەقەت
بىزنىڭ سىنىپلا ئەمەس ھەممە سىنىپتىكى باللار توڭگۇز توپاق

ئويناپ مەكتەپنى بىر ئالغاندى. كېيىن باشقىلاردىن مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ توختىتىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بېشىمغا بىر چېلەك مۇزدەك سۇ قۇيۇلغاندەك بولۇپ ئەندىكىپ كەتتىم-دە، ئورنۇمدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدىم. مەن بۇ خەۋەرنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ھەممە ئادەمدىن بىر قۇر سوراپ چىقتىم، بىراق بۇنى يالغان دەيدىغان بىرەر ئادەم چىقمىدى.

مەن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم. مەن ئۆگىنىشتە ناھايىتى ناچار ئوقۇغۇچى ئىدىم. دەرستە ناچار بالىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇشتىن قۇتۇلغىنىغا خۇشال ئىدى. بىرسى ئىسقىرتسا، بىرسى سەت گەپلەر بىلەن قوشاق توقۇيتتى. ئۇلار مېنىمۇ خۇشال بولىدۇ دەپ ئويلاشتى. بەلكىم ئاشۇ كۈنى مەكتەپنىڭ تاقىلىپ كەتكىنىگە قايغۇرغان يالغۇزلا مەندىمەن، شەھەرلىك بەزى بالىلارمۇ سەل قايغۇرۇشتى، چۈنكى ئۇلار ئۈچۈن مەكتەپ بىر يەرگە يىغىلىپ ئوينايدىغان ياخشى مەيدان ئىدى. ئەمدى ئوقۇش توختاپ كەتسە ئۇلار بىر يەرگە يىغىلىپ ئويناش ئۈچۈن بىر-بىرىنى ئۆيلىرىگە بېرىپ چاقىرىشقا توغرا كېلەتتى. ئەگەر ئاتا-ئانىلىرى ئۇنىمىسا ئوينىغىلى چىقالمايتتى.

دادۇيجاڭلارنىڭ دەھشەتلىك تەلەتى كۆز ئالدىمدا شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ باشقىلارنى ئۇرۇپ، تىللاپ ئىشقا ھەيدەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چېغىمدا ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالمىغانلىقىمنى ئويلاپ خۇشال بولۇپ كېتەتتىم. مانا ئەمدى مېنىمۇ دادۇيجاڭلارنىڭ تىل-ئاھانىتى بىلەن ئېغىر ئەمگەك كۈتۈپ تۇراتتى.

مەن چۈشنى ئاچ قورساق ئۆتكۈزدۈم. ئادەتتە باشقا كۈنلەرىمۇ ئاچ قورساق ئۆتكۈزەتتۇق، چۈنكى ھېلىقى بىر پارچە نان ھېچنېمىگە دال بولالمايتتى. مەن ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلەي، ئازراق بولسىمۇ ئاچلىقنى باسار دېگەن ئۈمىدتە ئېرىقتا ئېقىۋاتقان لاي سۇنى چاڭگىلىمغا ئېلىپ ئىچىۋەردىم. قورسىقىم كوركىراپ كەتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ يول ماڭسام قورسىقىم شالاق-شالاق قىلىپ، قۇرۇق ئاشقازاندىكى سۇ چايقىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى.

چۈشتىن كېيىن باشقىچە بىرەر گەپ بولۇپ قالارمۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن تېخىچە كەتمەي تۇرغانىدىم. چۈشتىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئارقا تەرىپىنى بويلاپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭ بويىدىن سۇنى ئىچىۋېرىپ ئېغىرلاشقان گەۋدەمنى تەستە رۇس قىلىپ مەكتەپ ئىچىگە قاراپ ماڭدىم. سۇنى بەك جىق ئىچىۋەتكەن ئىكەنمەن، بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا قۇسۇپ تاشلىدىم. يولدا بۇنى كۆرگەن بىرەيلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى. مەن گەپ قىلماي يولۇمنى داۋام قىلدىم. ئاشۇ كۈنى لىق سۇ قاچىلانغان تۇلۇمغا ئوخشاپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلغانلىقىم ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە بار. مەن ھەتتا ئاشۇ كۈنى سىنىپقا بارغۇچە يول بويىدا ئۇچرىغان مۇئەللىملەرنىڭ ھەممىسىنى، ئۇلارنىڭ ئاشۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىنىمۇ ناھايىتى تولۇق ۋە ئېنىقكە ئېسىمگە ئالالايمەن. ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر تا ھازىرغىچە ئاشۇ يەردە يەنىلا شۇ پېتى قېتىپ تۇرغاندەك، مەڭگۈ ئۆزگەرمەس بولۇپ قەيەرلەردىدۇر ساقلىنىۋاتقاندەك ئوپئوچۇق ھالدا كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. دەل ئاشۇ كۈنى مەن ئۇنى، ئۇنىڭ ماڭا مەنىلىك قاراپ كۈلگىنىنى

كۆرگەنىدىم. مەن ئۇچۇن زادىلا مۇھىم بولمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى يەنىلا كۆز ئالدىمدا تۇرغاندەك مېنىڭ ئېسىمدا زاھىر بولىدۇ، بىراق پەقەت ئاشۇ قىزلا ناھايىتى مەۋھۇم.

ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، مەن ئوقۇتقۇچىلاردىن باشقىچە بىرەر خەۋەر ئاڭلاپ قالارمەنمىكىن دەپ ئۇلارغا تەلمۈرۈپ قاراردىم، بىراق ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ زۇۋان سۈرمىدى. بىزنىڭ ئاچچىقى يامان ئوقۇتقۇچىمىز ئىنتايىن سۇرلۇك ئادەم ئىدى. ئۇ ئالدىمغا كېلىۋىدى، ئەتىگەن كېچىكىپ قالغىنىمنى يادىمغا ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا شۈمشىيىپ، ئادىتىم بويىچە ئۇنىڭ قولىقىمنى تولغاپ قاتتىق تىللىشىنى كۈتتۇم، بىراق ئۇ مېنى كۆرمىگەندەكلا گەپ قىلماي ئۆتۈپ كەتتى. بۇرۇن ئۇنىڭ مېنى تەنقىد قىلغان چاغدىكى گۈلدۈرماممىدەك ئاۋازىدىن جان-پېنىم چىقىپ كېتەتتى. بىزنىڭ بۇ پېشقەدەم سىنىپ مەسئۇلىمىز ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇشتا قاتتىق قوللىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بىز ھەممىمىز ئۇنىڭدىن قاتتىق قورقاتتۇق. ئۇ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۇراتتى. ئۇرغان چاغدا پۇت ۋە قوللىرى تەڭلا ھەرىكەتكە كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىز ئۇ يوق يەردە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي، ئۇنى ”چامباش مۇئەللىم“ دەپ ئاتايتتۇق. ئۇ تەنقىدلەش ئۈچۈن بىرەرسىمىزنى ئىسمىمىزنى ئاتاپ دوسكا ئالدىغا چىقىشقا بۇيرىسا، قورقۇنچتىن تىنىمىز جۇغۇلداپ كېتەتتى. بىراق مەن ئاشۇ كۈنى تۈنجى قېتىم ئۇنىڭ مېنى تەنقىدلىشىنى، بار ئاۋازى بىلەن تىنىمنى جۇغۇلدىتىپ تىللاپ ۋارقىرىشىنى، قۇلاقلىرىمنى سوزۇپ، قوڭۇمغا ئايىماي تېپىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەتتىم، بىراق مۇئەللىم مېنى كۆرمى-

گەندەكلا گەپ قىلماي ئۆتۈپ كەتتى. مېنىڭ كۆزلىرىمدىن
ئىسسىق ياش ئىختىيارسىز قۇيۇلۇپ چۈشتى.
مەيداندا تاملاردىن سويۇلۇپ چۈشكەن چوڭ خەتلىك گېزىت-
لەرنىڭ پارچىلىرى توپا-چاڭلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئويان-بۇيان
ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كونىراپ تىتىلىپ تىزىنىمۇ
ياپالماس بولۇپ قالغان سالتاڭ ئىشتانلىرىنىڭ ئاستىدىكى يالى-
ڭاچ پۇتلىرى ئارىلىرىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى. قان بىلەن بويالغاندەك
كۆرۈنىدىغان بۇ قەغەزلەر ئۇلارنىمۇ ئۆزى بىلەن قوشۇپ ئاللىقا-
ياقلارغىدۇر ئېلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.
مەن ماغدۇرسىز قەدەملىرىمنى ئاستا ئېلىپ سىنىپ بىنا-
سىنىڭ كارىدورىغا قەدەم تاشلاي دەپ تۇرۇشۇمغا، بىرەيلەن
بىلەن قوغلىشىپ ئويناۋاتقان بولسا كېرەك، بىر قىز بالا قاقاق-
لاپ كۈلگىنىچە كارىدور ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ قالدى. بۇ
چاغدا مېنىڭ بىر پۇتۇم پەلەمپەيدە، بىر پۇتۇم بوسۇغىدا ئىدى.
ئۇنىڭ گەۋدىسىنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ ئۇرۇلىشى بىلەن مەن
ئۆزۈمنى كونترول قىلالماي پەلەمپەيدىن ئوڭدامىغا ئۇچۇپ
چۈشتۈم. مەن قاتتىق چۈشكەن ئىدىم، بىردەم ئاغرىق دەستى-
دىن تىن ئالالماي قالدىم. ياپما قاپاق كەلگەن ئۇ قىز تېخىچە
كۈلۈۋاتاتتى. ئۇلار بەكمۇ قىزىق بىر ئويۇننى ئويناۋاتقان بولسا
كېرەك، ئۇ مېنىڭ قاتتىق يىقىلىپ چۈشكەنلىكىمنى كۆرۈپ
تۇرۇپمۇ كۈلۈشتىن ئۆزىنى توختىتىۋالمىدى. ئۇنى قوغلاپ
كەلگەن يەنە بىر قىزمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋاتاتتى.
بەدىنىم قاتتىق سىلكىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، مەن
دەماللىقا ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ قىز

كۈلۈشتىن توختاپ، كېلىپ مېنى قولۇمدىن تارتىپ تۇرغۇز-
دى. قورسىقىم قاتتىق ئاغرىپ كەتكەندى، ھېلىمۇ ياخشى
بېشىم تېگىپ كەتمىدى دەپ ئويلىدىم مەن، بېشىم تېگىپ
كەتكەن بولسا ھايات قېلىشىم تەس ئىدى. مەن قورسىقىمنى
چاڭگاللاپ تولا تەستە ئورنۇمدىن تۇردۇم. قورسىقىمغا توكەتكەن-
دەك قىلاتتى. قورسىقىم بىردەم چىڭقىلىپ ئاغرىغاندىن كېيىن
ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ ياپما قاپاق
كۆزلىرى بىلەن ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ تۇراتتى.

— بەك قاتتىق چۈشۈپ كەتمىگەنسەن؟

مەن تىنىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ بىردەم گەپ قىلالماي تۇر-
غاندىن كېيىن دېدىم:

— ھېچنەرسە بولمىدىم... ئاناڭنى نېمانچە يۈگۈرەيسەن؟

— خاپا بولدۇڭمۇ؟ — يەنە سورىدى ئۇ.

مەن گەپ قىلماي رەنجىش بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلگەندىم.
ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە ئەركىلەپ قارىدى.

مانا بۇ نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن تۇيۇقسىز مېنىڭ قەلبىمە-
نى پاللىدە يورۇتىۋەتكەن ئاشۇ تەبەسسۇم. مەن ئاخىر مېنىڭ
ئەسلىمەمدە ئەخلەتتەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن باشقا ئوبرازلارنىڭ
كاساپىتىدىن مەجرۇھ بولغان ئاشۇ ئوبرازنى تىرىشىپ-تىرمى-
شىپ يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقتىم.

ئۇنىڭ ئىسمى چىنار!

## 4

ئۇلار ئۇنى دەسلەپتە ساقچىخانىغا ئېلىپ كەلگەندە ئۇنىڭ

زادى نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدى چىرايى زەڭگىلەردەك قارا، بودۇر چاچلىق ساقچى يىگىت ئۇنىڭ مايلىشىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ. بۇ ئادەمنىڭ تاتىراڭغۇ يۈزلىرىدىن خۇددى ئېرىپ كېتىد-ۋاتقاندەك ماي تېمىپ تۇراتتى. ساقچىنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ ئۇ غەلىتە بىر خىل تەرزدە كۈلۈپ قويدى، بۇ غەلىتە كۈلكە بىلەن ئۇنىڭ پارقىراپ كەتكەن مايلىشاڭغۇ يۈزلىرى بەكمۇ يىرگىنچ-لىك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى بىردىنلا ساقچى يىگىت-نىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، بىراق ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپلا يەنە جىمىپ قالدى.

بۇ ئادەم بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن باشقا ئوغرىلارغا زادىلا ئوخشىماي قالدى. ئۇنىڭ خۇددى ھەيكەلدەك بىرلا خىل ئىپادە بىلەن قېتىپ قالغان چىرايىدا زادىلا جىددىيلىشىش، بىچارىلىك ياكى يېلىنىش، ھىيلىگەرلىك دېگەندەك ئىپادىلەر كۆرۈنمەيتت-تى. ئۇنىڭ ھېلىقى غەلىتە كۈلكىسى بولسا بۇ چىرايىدىكى مۇز-دەك سوغۇقلۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆ-زىنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى.

دەسلەپكى قەدەمدىكى تەكشۈرۈش ساقچىلارنى ھەيران قال-دۇردى. بۇ ئادەم زادىلا ئوغرىلىق قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— بۇ ئادەمنىڭ مىجەزى بىر ئاز غەلىتىرەك، بىراق ئۆزى ناھايىتى ياخشى ئادەم، — دېدى ئۇنىڭ قوشنىسى ساقچىلار ئەھ-ۋال ئىگىلەپ بارغان چاغدا. ئۇلار ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىپ ساقچىخانىدا تۇتۇلۇق ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ بۇ سۆزلەرگە زادىلا

ئىشىنەلمەي قالدى.

— ئۇ ئىنتايىن ياۋاش ئادەم. باشقىلار بىلەن زادىلا ئارىلاشمايدۇ. ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىش بىلەن چاتىقى يوق.

ئۇنىڭ تېلېۋىزورنى دائىم يۇقىرى ئاۋازدا قويۇشىدىن رەنجىگەن بىر بوۋاي:

— ئۇنىڭ بىرلا ئەيىبى تېلېۋىزورنى بەك ئۇنلۇك قويىۋېتىدۇ، لېكىن مېنىڭچە بۇنىمۇ توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ بويتاق. ئۇنىڭ يېشى قىرىقلاردىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىلا ئېشىپ كەتكەندۇ، تېخىچە توي قىلاي دېمىدى. ئاشۇ ياشقا كىرگۈچە بويتاق ئۆتۈش ئاسانمۇ؟ يالغۇزچىلىقتا تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى ھەرقانچە يۇقىرى قويۇۋەتكەن بىلەنمۇ ئاڭلىغىلى بولمايدۇ.

— بويتاقچىلىق يامان، — دېدى پاكار، يۇمىلاقىنە كەلگەن بىر ئادەم. ساقچى يىگىت ئۇنىڭ دىقماقىنە كەلگەن قوللىرىغا ئالاھىدە سەپسالدى. بۇ ئادەم ھەر بىر ئېغىز سۆز قىلغاندا خۇددى قوللىرىغا تايىنىپ سۆزلەۋاتقاندەك قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۆزلەيتتى، قوللىرىنى ھەرىكەتتىن توختىتىۋالسىلا سۆزلىيەلمەي قالىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، — بىز ئۇنىڭ نېمىشقا ھازىرغىچە ئۆيلەنمەيدىغانلىقىنى زادىلا چۈشەنمەيمىز، بۇنىڭغا بىزمۇ ھەيران. ئۇ ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمايدۇ. ھېچكىم بىلەن مۇڭداشمايدۇ. بىز پەقەت ئۇ تېلېۋىزورنى بار ئاۋازى بىلەن قويىۋەتكەن چاغدىلا ئۇنىڭ مۇشۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

— ئۇ خىزمەتنى ناھايىتى ئەستايىدىل ۋە پۇختا ئىشلەيدۇ،

ئۇ تەرجىمانلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەرجىمىسى ئىنتايىن ياخشى،
بىراق ناھايىتى ئاستا، بىر بەت نەرسىنى ئىككى-ئۈچ كۈن
ئاۋۋال بېرىپ قويمىسا تەرجىمە قىلىپ ئۈلگۈرتەلمەيدۇ، لېكىن
ئىشلەپ چىققان تەرجىمىسى ناھايىتى ياخشى، ھەتتا بىر تال
چېكىتتىنمۇ ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ئۆزى ناھايىتى ياۋاش ئا-
دەم... — دېدى ئۇنىڭ ئىدارە باشلىقى ئۇنى تەرىپلەپ، — ئۇنى
بىز پەقەت بىرنەرسە تەرجىمە قىلىشقا توغرا كەلگەندىلا ئېسىمىز-
گە ئالىمىز.

ساقچى يىگىتنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ بىر تىلدىكى سۆزلەرنى يەنە
بىر تىلغا تەرجىمە قىلالايدىغانلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمى-
دى. ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىپلا قالماستىن،
ھەتتا تەرجىمە قىلىپ باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى زادىلا
ئەقىلغا سىغمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

— سىز قاچاندىن بېرى ئوغرىلىققا ئادەتلىنىپ قالغان؟ —
ساقچى يىگىت ئۇنى سوراق قىلىۋېتىپ ئىختىيارسىز سىزلەپ
سالدى.

— ئەزەلدىن ئوغرىلىق قىلىپ باققىنىم يوق... سىزنىڭچە
مېنىڭ ئوغرىلىق قىلىشىم مۇمكىنمۇ؟

— بىزدە پاكىتلار تولۇق. سىزنىڭ ئوغرىلىق قىلىۋاتقىنى-
ڭىزنى كۆرگەن گۇۋاھچىلار بار. سىز ئاشۇ ئايالنىڭ يانچۇقىغا
قولىڭىزنى سېلىۋاتقىنىڭىزدا ئەتراپتىكىلەر سىزنى كۆرۈپ تۇر-
غان.

— ئۇلار خاتا كۆرۈپ قاپتۇ. ئاپتوبۇس جىددىي تورمۇزلان-
غاندا مەن يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى تۇتۇۋا-

لاي دېسەم قولۇمغا ھېچنەرسە چىقمىدى. سەنتۇرۇلۇپ بېرىپ ئاشۇ ئايالغا تايىنىۋاپتىمەن، ئاپتوبۇس ئىچىدە ئادەم بەك كۆپ، مەن قولۇمنىڭ ئۇنىڭ بىلىدىن تۇتۇۋېلىشقا ئاران ئۇلگۈرۇشىنى نەدىن بىلەي. سىز بىلىپ قويۇڭ، مەن شەھۋانىيەتكە ئانچە بېرىلىدىغان ئادەم ئەمەس، بولمىسا مۇشۇ چاغقىچە بويتاق ئۆتەتتىممۇ؟!

—مەن سىزنى لۇكچەكلىك قىلدىڭىز دېمىدىمغۇ!

—شۇنداق... شۇنداق... مېنىڭ قولۇم ئاڭسىز ھالدا پەقەت تايىنىدىغان نەرسە بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بىلىگە بېرىپ قاپتۇ.

—بىلىگىمۇ ياكى يانچۇقىغىمۇ؟

—بۇ مەن ئۈچۈن بەربىر، چۈنكى مەن بىرەر نەرسىنى تۇتۇۋېلىپ يىقىلىپ چۈشۈشتىن ساقلانساملا بولدى، ئۇنىڭ نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر. ئويلىمىغان يەردىن قولۇم ئۇنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ قاپتۇ.

—ئەمىسە پۇلچۇ؟

—توغرا، قولۇمغا پۇل چىقىپ قاپتۇ. مەن ئاپتوبۇسقا بىلەت ئالغاندا بىلەت ساتقۇچى پۇل قايتۇرۇپ بەرگەن. سەنتۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈمنى رۇسلىۋالغان چېغىمدىلا قولۇمدا پۇل تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم، مەن ئۇ پۇلنى بىلەت ساتقۇچى قايتۇرۇپ بەرگەن پۇل دەپ قاپتىمەن. قولۇمغا چىقىپ قالغان پۇلنىڭ ئۇنىڭ ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي.

ساقچى يىگىت بىلەن ئوغرىنىڭ سوئال-جاۋابى خۇددى ئۇنىڭ ئالغۇغا ئېلىپ قويغاندەك بىرلا خىل تەرتىپ بىلەن قايتا-قايتا

تەكرارلىناتتى.

”بۇ يەر تىل ئۆگىنىشكە ئەڭ مۇۋاپىق جاي ئىكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، چەت ئەللىكلەر بىزنىڭ تىلىمىزنى ئۆگەنمەكچى بولسا مۇشۇ يەرگە كەلسە بولغۇدەك، مۇشۇنداق سوئال-سوراقلار قايتا-قايتا تەكرارلىنىۋەرسە ئاڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئۇنى يادلاپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، بۇ دىئالوگلار تەبىئىي ھالدا ئۇلارغا يادا بولۇپ كېتىدۇ.“

بىرنەچچە كۈنلۈك سوراقتا ھېچبىر ئىلگىرىلەش بولمىدى. ئۇلار ئاخىر ئۇنى قويۇۋەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يەنە قايتا قولغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئۇلار زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

## 5

يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتتىم. كاللامدا ئۇيە-قۇدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۆزۈمنى ئىنتايىن سەگەك ھېس قىلدىم. قاتتىق ھاياجاندىن نېرۋىلىرىم جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. مەن قاپقاراڭغۇ ئۆيدە تورۇسقا تىكىلگىنىمچە بىر ھازا ياتقاندىن كېيىن ئاخىر ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. مەن ھەر كۈنى شۇنداق ئويغىنىپ كېتەتتىم. بۇنداق چاغدا ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ ياناتتى.

مەن كىيىملىرىمنى ھاپىلا-شاپىلا كىيىپ سىرتقا ماڭدىم. ئىشىك ئالدىغا چىقىشىمغا مۇزدەك سوغۇق شامال چېكىلىرىمگە ئۇرۇلدى، بىراق قىزىپ كەتكەن تومۇرلىرىم ئازراقمۇ سوۋۇي

دېمىدى. مەن خۇددى ئەرۋاھتەك لەيلەپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. ھەممە ئەتراپ قار بىلەن قاپلانغانىدى. كۈمۈش رەڭلىك قار قاراڭغۇلۇق قوينىدا سۇس يالتىراپ جاھاننى تېخىمۇ مۇدھىش كۆرسىتەتتى.

كوچىلاردا ئادەم ئايىغى ئۈزۈلگەنىدى. ئاللاقايەرلەردىندۇر ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇلارنى ھېسابقا ئال- مىغاندا ئەتراپ جىمجىت ئىدى. پۈتۈن جاھان—قاراڭغۇ كوچە- لار، تار ئەگرى-بۈگرى يوللار خۇددى يالىڭاچ ئايالنىڭ رەسىمى- نى قورقۇنچ ۋە قىزىقىش، ھەيرانلىق ئىچىدە خىلۋەت جايلاردى- كى خالالارغا كىرىۋېلىپ ئوغرىلىقچە قوينۇمدىن چىقىرىپ قاي- تا-قايتا تاماشا قىلغان چېغىمدىكىدەك مېنىڭ تاماشا قىلىپ لەززەتلىنىشىم ئۈچۈن ئوڭچە قالغانىدى.

مەن ھەم ناھايىتى سەزگۈر ئىدىم ھەم خۇدۇمنى يوقاتقان ئىدىم. تىنىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ پۈتۈن سەزگۈمنى ئىشقا سې- لىپ ئەتراپتىكى تىۋىشلارغا قۇلاق سالاتتىم، ئەگرى-بۈگرى، قاراڭغۇ كوچىلاردىن تېخى چىرىغى ئۆچۈرۈلمىگەن دېرىزىلەرنى ئىزدەيتتىم.

تۇيۇقسىز شىرتىلدىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ قارى- سام، ئايىغىم ئاستىدا مەن بىلەن تەڭ مېڭىپ كېتىۋاتقان بىر جانلىق، ئاپئاق قاردىن شەكىللەنگەن مۈز ئۈستىدە كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى. بۇ بىر چاشقان ئىدى. ئۇ خېلى بىر ئۇزاققىچە ئالدىمدىلا ماڭدى ئاندىن نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ يوقالدى.

مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم جالاقلاپ تىترىگەن ھالدا چىرىغى يېنىقلىق تۇرغان بىر دېرىزىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدۇم. ئەتراپقا

تېزلىك بىلەن بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن تىنىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ دېرىزىنىڭ تۈۋىگە كەلدىم. ھەر بىر قەدەم ئالغان ۋاقتىمدا ئالدى بىلەن پۇتۇمنى بىر جايغا تاۋۇش چىقارماي قويۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن بەدىنىمنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۇنىڭغا چۈشۈرۈپ، يەنە بىر پۇتۇمنى يۆتكەپ دېرىزىنىڭ تۈۋىگە سۈرىلىپ باراتتىم، شۇنداق قىلغاندا زادىلا تاۋۇش چىقارماسلىق مەقسىتىمگە يەتكىلى بولاتتى.

دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسام دېرىزىنىڭ پەردىلىرى ھەم ئېتىلگەنىدى. ئۆي ئىچىنى زادىلا كۆرگىلى بولمايتتى. مەن دېرىزە ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ دۇنيادىكى پەردىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىچىمدە قارغىدىم. بۇ قېلىن پەردىلەر ئادەمگە ھېچقانداق ئىمكانىيەتنى قالدۇرمايتتى. دېرىزىلەرگە پەردە تارتىشنى زادى قانداق ئەبلەخ ئەڭ باشتا باشلاپ بەرگەن بولغىيدى؟! مەن تىنىقىمنى ئىچىمگە چىڭ يۇتۇپ دېرىزە ئىچىدىكى تاۋۇشقا قۇلاق سالدىم، مەن ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاللىقانداق ئاۋازلارنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتىم. خۇددى دېرىزە ئىچىدە ھېچقانداق نەرسە مەۋجۇت ئەمەستەك ھېچنەرسىنى ئاڭلىيالمىدىم.

مەن يەنىلا سەرسانە ھالدا يورۇق دېرىزىلەرنى ئىزدەپ مېڭىپ كەتتىم.

مەن زادى قايسى چاغلاردىن باشلاپ بۇ كوچىلاردا ھەر كۈنى كېچىدە سەرسان بولۇپ ئايلىنىپ يۈرۈيدىغان بولۇپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. بۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتتى. بەلكىم 10 يىل بەلكىم 15 يىل بولغاندۇ. ھەر كۈنى كېچىدە تۈگىمەس بىھۇدە ئايلىنىپ يۈرۈشلەردىن ھېچنەرسىگە ئېرىشىپ

باققىنىم يوق. بىراق مەن يەنىلا بۇنداق قىلىشتىن ئۆزۈمنى
تارتىۋالالمىدىم، يەنىلا ھەر كۈنى ئاشۇنداق بىر بېسىپ بولغۇ-
سىز ۋەسۋەسە بىلەن يۈرىكىم جۇغۇلدىغان، ۋۇجۇدۇم تىترىگەن
ھالدا ئاشۇ قاراڭغۇ كوچىلارغا كىرىپ كېتىمەن.

مەن يەنە بىرمۇنچە دېرىزىنىڭ تۈۋىگە باردىم. بىر دېرىزى-
نىڭ يېنىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قايتسام، يەنە بىر دېرىزىنىڭ
ئالدىغا باراتتىم. بىر دېرىزىدىن ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمى-
سا، يەنە بىرىدىن چوقۇم كۆرگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.
پەردىسى تازا ھىم ئېتىلمىگەن بىرەر دېرىزىنىڭ ھېلىلا ئۇچراپ
قالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. نۇرغۇن يىللاردىن بېرى مەن ئەنە
شۇنداق ئىشىنىپ كەلدىم. بىراق دېرىزىلەرنىڭ ئىچىدىن تەسەۋ-
ۋۇر قىلىش قىيىن بولغان ھېلىقى ھالەتلەرنى زادىلا كۆرەلمى-
دىم، خۇددى دۇنيادا ئۇنداق ئىش مەۋجۇت ئەمەستەك.

بىر دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىۋىدىم، پەردىنىڭ ھىم ئېتىلمى-
گەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم-دە، جىددىيلىشىش ۋە قورقۇنچ تۇيغۇ-
سى بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئۈيۈشۈپ كەتتى. دېرىزىنىڭ پەردى-
سى ھىم ئېتىلمىگىنى بىلەن تور پەردە بار ئىدى، بۇ تور پەردە
ئۆي ئىچىنى كۆرۈشكە ئانچە توسالغۇلۇق قىلالمايتتى. دېرىزىگە
مۈز تۇتۇپ كەتكەنىدى، شۇنداقتىمۇ مۈز تۇتمىغان جايلىرىدىن
ئۆي ئىچىگە قاراشقا بولاتتى. مەن ئىتتىكلىشىپ كەتكەن نەپ-
سىمنىڭ ئۆي ئىچىگە ئاڭلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىر ھازا
تۇرۇۋېلىپ ئۆزۈمنى تۇختىتىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن يۈزۈمنى
ئەينەككە چاپلاپ تۇرۇپ ئۆي ئىچىگە قارىدىم. ئۆي ئىچىگە
قاراپلا ئەت رەڭلىك بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدىم-دە، يۈرىكىم

جىغغىدە قىلىپ تۇيۇقسىز ئىڭراپ سالدىم، ئاندىن ئالاق-جالاق بولۇپ ئەتراپقا قارىۋەتتىم، ئەتراپتا بىرەر ئادەم ئۆتۈپ قالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ ئۆي ئىچىدىگە قارىدىم، ھېلىقى ئادەم تېنىگە ئوخشايدىغان نەرسە خۇددى ئوت يالقۇنىدەك ھەرىكەتلىنىپ تۇراتتى، ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ چوغ بولۇپ ياناتتى. دەھشەتلىك ھاياجاندىن خۇدۇمنى يوقىتىپ خۇددى يۈرەك-باغرىم يېرىلىپلا كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. بىراق ئەنە شۇنداق خۇدۇمنى يوقاتقان ھالەتتىمۇ بىراۋنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئەتراپقا قورقۇنچ بىلەن قاراپ قوياتتىم.

دېرىزە ئەينىكى ئىتتىكلەپ كەتكەن تىنىقىمنىڭ ھورىدا غۇۋالىشىپ مەن ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالغاندىن كېيىن، يۈزۈمنى باشقا ياققا يۆتكەپ قايتىدىن قارايتتىم. مەن ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ تۇيۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تىنىقىمنىڭ ھورىدا ھۆل بولۇپ كەتكەن جايلارنى سۈرتىۋېتەيمۇ دېدىم. ھېلىقى ئەت رەڭلىك نەرسە بىردەم ھەرىكەتلىنىشتىن توختىۋىدى، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئىدراكىمنى ئىشقا سېلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئىنچىكە كۆزەتتىم، دەل شۇ چاغدا قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ لەسسىدە بولۇپ قالدىم، قاتتىق جىددىيلىشىش دەستىدىن كىردىشىپ كەتكەن ۋۇجۇدۇم بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى. تىزلىرىمنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

مېنىڭ باياتىندىن بېرى كۆرگىنىم بىرەر ئايالنىڭ يالىڭاچ تېنى بولماستىن، بەلكى سۇس سېرىق رەڭلىك يوپۇق يېپىلغان بۆشۈك بولۇپ چىقتى. مەن دېرىزىنىڭ مۇزلىرى ئارىسىدىن بىر

يوچۇقنى تېپىپ بىر قاراپلا بۇنى ئېنىق كۆردۇم. بۆشۈكنى بىر
موماي تەۋرىتىپ ئولتۇراتتى. بۇنى ئېنىق كۆرەلمىگەن بولسام-
چۇ-هە دەپ ئويلىدىم مەن. تاسادىپىي هېلىقى زادىلا مۇز تۇتمى-
غان جاينى بايقاپ قالمىغان بولسام ئۆي ئىچىنى ئېنىق كۆرەل-
مەستىم، شۇنىڭ بىلەن بۆشۈككە يېپىلغان يوپۇقنىڭ تەۋرىشىنى
بىر ئايالنىڭ يالىڭاچ تېنى دەپ ئويلاۋېرەتتىم، مەڭگۈ ئۇنى
بىۋاستە هالدا كۆرگىنىمگە ئىشىنەتتىم. مەن ئۇچۇن ئۇ ھەقى-
قىي ئاياللارنىڭ تېنى بىلەن ئوخشاش ئىدى، مەن ئۇچۇن ھەم-
مىسى بەرىبىر. مەن ئۇنىڭ بىر يالىڭاچ ئايالنىڭ تېنى بولماس-
تىن بەلكى بۆشۈك ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسام، دېرىزىنىڭ
هېلىقى مۇز تۇتمىغان ئۆلگۈر يېرىنى كۆرۈپ قالمىغان بولسام
ماڭا كۆرۈنگەن بۆشۈك بىلەن ئايالنىڭ تېنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
هېچقانداق پەرق بولمايتتى. مېنىڭ بۇ يەردە ئىزدىگىنىم بىر
خىل هاياجان. مەن ئۆز ۋۇجۇدۇمدىكى ئاشۇ دەهشەتلىك هايا-
جاننى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىرىش ئۇچۇنلا تىرىشىمەن، مەي-
لى قانداقلا نەرسە بولمىسۇن مەندە ئەنە شۇنداق هاياجاننى قوز-
غىيالىسا مەن ئۇچۇن ئاياللارنىڭ بەدىنىدىن پەرقسىز.
مەن نۇرغۇن يىللاردىن بېرى سانسىزلىغان دېرىزىلەرنى
ماراپ چىقتىم، لېكىن بىرەرسىدىمۇ يالىڭاچ ئاياللارنىڭ تېنىنى
ياكى باشقىلارنىڭ جىنسىي ھەرىكىتىنى كۆرۈپ باققىنىم يوق.
مەن كېچىچە خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ئالۋاستىغا ئوخشاش
چوڭ-كىچىك كوچىلارنىڭ ھەممىسىنى قويماي ئايلىنىپ چىقى-
مەن. ھەر بىر دېرىزىنىڭ يېنىغا بارغاندا جىددىيلىشىشتىن
پۈتۈن ۋۇجۇدۇم جالاقلاپ تىترەپ، تىنىقىم ئىچىمگە پاتماي

قالدۇ. مەن كۆرمەكچى بولغان نەرسىلەرنى زادىلا كۆرۈپ
باقمىغان بولساممۇ، بىراق يەنىلا ئەسەبىيلەرچە بىر ئىستەك
بىلەن پۈتۈنلەي كونتروللۇقۇمنى يوقاتقان ھالدا تۈگىمەس سەر-
سانلىقىمنى داۋاملاشتۇرىمەن، مەن ئاخىر دۇنيادا مەن كۆرۈشنى
ئارزۇ قىلغان ئىشلارنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەس بولۇپ
قالدىم. رەھىمسىز ئادەملەر ماڭا زادىلا يول قويمىدى. ئۇلار
قېلىن-قېلىن پەردىلەر بىلەن دېرىزىلەرنى توسۇۋېلىپ مەن ئوغ-
رىلىقچە كۆرمەكچى بولغان ئاشۇ ئىشلارنى تېخىمۇ سىرلىق،
تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان، ھەتتا تەسەۋۋۇرمۇ قىلغىلى بولماي-
دىغان قىلىپ قويدى. بۇ سىرلىقلىق ئۇنى تېخىمۇ مۇقەددەس-
لەشتۇرۇۋەتتى، ئۇ قانچە سىرلىق بولغانسېرى ئۇنىڭ جەلپ
قىلىش كۈچى شۇنچە ئېشىپ مېنى ئەقىلدىن تامامەن ئېزىشقا،
تولۇق ئەسەبىيلىشىشكە ۋە بەربات بولۇشقا ئېلىپ باراتتى. ئۇ
باشقا مۇقەددەس ۋە سىرلىق نەرسىلەردەك، بارلىقىغا ئىشەنمىسە
بولمايدىغان لېكىن زادىلا ئۆزىنى كۆرسەتمەيدىغان نەرسىگە ئاي-
لىنىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭدىن زادىلا ئۈمىدىمنى
ئۈزەلمىدىم. كېيىن ھېس قىلىپ يەتتىمكى، مېنىڭ كوچىلار-
دىن ئىزدىگىنىم، يورۇق دېرىزىلەردىن ئىزدىگىنىم مېنى شۇ
قەدەر سەرسان قىلغان، مېنى شۇ قەدەر خۇدۇمنى يوقىتىشقا
ئېلىپ بارغان، مېنى شۇ قەدەر ئەسەبىيلەشتۇرگەن نەرسە باشقا
نەرسە ئەمەس، پەقەتلا ھەر بىر دېرىزىنىڭ ئالدىغا بارغاندا پەيدا
بولغان چەكسىز قورقۇنچ ۋە جىددىيلىشىش تۇيغۇسى ئىكەن.
بۇ خىل جىنايەتلىك ۋە شېرىن تۇيغۇ قانچە ئۇزۇنغا سوزۇلسا
سەن شۇنچە ھوزۇرلىنىمەن. مەن ئالاقىزادە بولغان ھالدا ئەتراپ-

لىرىمنى كۆزىتىشتىن بىردەم توختاپ قالمىسامۇ، بىراق ھەم-
مىنى ئۇنتۇپ ئۆزۇمدىكى ئاشۇ چەكسىز ۋە زۇلمەتلىك تۇيغۇ
قوينىغا چوڭقۇر چۆكمەن. مەن ئاشۇ چاغدا بەدىنىمدىكى قانىنىڭ
شىددەتلىك ئايلىنىشىنى تاماشا قىلىمەن، مەن قانىنىڭ شارقى-
راپ ئاققان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولىمەن. چەكسىز ھاياجان
بەدىنىمنى سىلكىندۈرىدۇ، ھۇجەيرىلىرىمنى تېپچەكلىتىۋې-
تىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردىن ئىزدىگەنلىرىم پەقەتلا مانا مۇشۇنداق
تۇيغۇ — تۈگىمەس قورقۇنچ ۋە ۋەسۋەسە. مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا
قورقۇنچىنىڭ مۇزدەك سوغۇق تۇيغۇسى ئوتتەك يېنىپ تۇرغان
ۋەسۋەسە بىلەن بىرىكىپ ئاجايىپ تاتلىق بولۇپ كېتىدۇ. مەن
قورقۇنچ تۇيغۇسىغا قاچاندىن بېرى جان-جەھلىم بىلەن مەھلىيا
بولۇپ قالغىنىمنى ۋە نېمىشقا مەھلىيا بولۇپ قالغىنىمنى زادىلا
بىلمەيمەن. قورقۇنچىنىڭ نەقەدەر تاتلىق بولىدىغانلىقىنى بەلكىم
دۇنيادا مەندىن باشقا يەنە چۈشىنىدىغان ئادەم يوقتۇر، ھېچكىم
قورقۇنچتىن لەززەتلىنىشنى بىلمەيدۇ، بەلكىم ئۇنىڭ لەززىتى
ھەرقانداق لەززەتنى بېسىپ چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، ئاشۇ لەززەت-
نىڭ ھاياجىنىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر
ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغاندۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە دۇنيادا
ھېچقانداق تۇيغۇ قورقۇنچ تۇيغۇسىدەك بۇنداق لەززەتلىك بولمى-
سا كېرەك.

مېنىڭ كوچىلاردىن ئىزدىگىنىم ئەنە شۇ لەززەتلىك قور-
قۇنچ تۇيغۇسى، ئاياللارنىڭ يالىڭاچ تېنىنى كۆرمەكچى بولۇش
پەقەتلا ئاشۇ تۇيغۇنى قوزغاشتىكى بىر باھانە، ھەرگىزمۇ مەق-
سەت ئەمەس. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئاياللارنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى

كۆرۈشۈمنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق، چۈنكى مەن ئۇنى كۆر-
گىنىم بىلەنمۇ ھېچنەرسە قىلالمايمەن، پەقەتلا ئۇنىڭغا دېرىزە
سىرتىدىن قاراپ تۇرالايمەن، ئەگەر ئۇ مەندە قورقۇنچ تۇيغۇسى
پەيدا قىلالمىغان بولسا ئۇنى زادىلا مارىمىغان بولاتتىم، ھەم
مارىشىمنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولمايتتى.

ئىنسان ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ھەر بىر ئىنچىكە تۇيغۇنى قەدىر-
لىشى كېرەك.

ئادەم بۇ دۇنيادا تۇيغۇدىن باشقا ھېچنەرسىگە ئېر-
ىشەلمەيدۇ.

تۇيغۇ— ھايات دېمەكتۇر.

ئادەملەر ئۆز ۋۇجۇدىدىكى جىنسىي ھاياجاندىن، شادلىق
تۇيغۇسىدىن، توقلۇق تۇيغۇسىدىن لەززەتلىنەلەيدىكەنۇ، نېمىشقا
قورقۇنچ تۇيغۇسىدىن لەززەتلەنمەستىن، بەلكى ئەڭ چوڭ بولغان
بۇ تۇيغۇنى زايە قىلىۋېتىدۇ؟ مەن كىشىلەرنىڭ نادانلىقىغا ئېچى-
نىمەن.

مەن ئەتراپتىكى نۇرغۇنلىغان چوڭ-كىچىك كوچىلارنىڭ
ھەممىسىنى ئارىلاپ چىقىپ ئاخىر بىر تۆت كوچا دوقمۇشىغا
كەلگەندە چىشلىرىمنى كاسىلدىتىپ ئاسمانغا قاراپ نالە قىلدىم.
مەندىكى قورقۇنچنى پەيدا قىلغان نەرسە ئىنسان ۋۇجۇدىدا بول-
دىغان ئەڭ ئىپتىدائىي جىنايى تۇيغۇ ئىدى، مەن ئاشۇ جىنايى
تۇيغۇنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي نالە قىلدىم. ئۇ جىنايى
تۇيغۇ مېنى دائىم يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. مەن ئاشۇ جىنايى
تۇيغۇ دەستىدىن جاھاندىن كەچكۈدەك بولۇپ كېتىمەن. بىراق
قورقۇنچنى لەززەتلىك قىلغان نەرسە يەنىلا شۇ جىنايى تۇيغۇ!

كىشىلەر جىنسىي ھاياجاندىن نېمىشقا لەززەتلىنىدۇ؟ چۈنكى ئۇ بىر خىل جىنايى تۇيغۇ بىلەن تولغان جىنايى تۇيغۇ بولمىسا جىنسىي لەززەت بولمايدۇ. قورقۇنچمۇ جىنسىي ھاياجان بىلەن ئوخشاشلا لەززەتلىك. ئادەمنى قىينايدىغان بۇ جىنايى تۇيغۇ ھەم ئازابلىق ھەم شېرىن.

كوچا چىراغلىرى چوڭ يوللارنى سۇس يورۇتۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا مەن چوڭ يول بويىدىكى دېرىزىلەرنى مارىمايمەن. سىرت يورۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆي ئىچىدىكىلەر ئاسانلا مارىغان ئادەمنىڭ گەۋدىسىنى كۆرۈپ قالىدۇ. تار كوچىلار بولسا قاپقاراڭغۇ، ئۆي ئىچىدىكىلەر دېرىزىگە يۈزۈڭنى چىڭ ياقساڭمۇ كۆرەلمەيدۇ. مەن مارىغان چاغدا بەكمۇ ئاۋايلايمەن، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى زادىلا خالىمايمەن. بىراق مەن دائىملا بۇنى باشقىلارنىڭ بايقاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن. ھېلىقى داپيۈز ئەبلەخلەر چوقۇم مېنى بىر كۈنى رەسۋا قىلىش ئۈچۈن كەينىمدىن ئاللىقەيەرلەردە ماراپ يۈرۈشىدۇ، ياكى ئۇلارمۇ خۇددى مەن باشقىلارنىڭ خۇپىيانە تۇرمۇشىنى يەنى ئۇلارنىڭ باشقىلارغا بىلىندۈرمەي ئېلىپ بارغان خۇپىيانە رەسۋالىقلىرىنى تاماشا قىلغاندەك تاماشا قىلىشىدۇ. مەن قاپقاراڭغۇ كوچىلاردا كېتىۋېتىپ توختىماستىن ئەتراپقا قاراپ ئۇلارنى ئىزدەيمەن، بىراق ئۇلارنىڭ گەۋدىسى زادىلا ماڭا كۆرۈنمەيدۇ. مېنى تونۇيدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق. ئۇلار باشقىلارنىڭ رەسۋالارچە ھالىتىنى كۆرۈشكە ئەسەبىيلەرچە مەپتۇن بولۇپ كەتكەن. ئۇلار ناھايىتى مەككار، ئۆزلىرىنىڭ مېنى كۆزىتىشىپ يۈرگىنىنى زادىلا چاندۇرمايدۇ، خۇددى زادىلا كۆزىتىپ

باقمىغاندەك. مەن شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كېچىلەردىكى ھەرىكىتىمنى توختىتاي دەيمەنۇ، بىراق يەنىلا ئۆزۈمنى كونترول قىلالماي قالىمەن، ئەتىسى بولسا كېچىچە قىلىپ يۈرگەن رەسۋالارچە ئىشىمدىن نومۇس قىلىپ سىرتقا چىقالماي قالىمەن. ئىككىنچىلەپ زادىلا ئۇنداق ئىش قىلماسلىق ئۈچۈن ئۆز-ئۆزۈمگە قەسەم قىلىمەن، راست دېگەندەك ئەتىسى كەچتە جىمجىتلا ئۇخلاپ قالىمەن. بۇ چاغدا مەندە زادىلا ئۇنداق قىلىش خىيالى يوقتەك خاتىرجەم ئۇخلايمەن، بىراق يېرىم كېچىدە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم قاتتىق ھاياجاندىن لەرزىگە كەلگەن ھالدا تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كېتىمەن. ھېلىقى قۇتۇلۇپ بولغۇسىز ۋەسۋەسە تومۇرۇمدىكى قانلىرىمنىڭ ئايلىنىشىنى شىددەت بىلەن تېزلەشتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئەسەبىيلەرچە كوچىغا چىقىمەن.

كىشىلەر قېلىن پەردىلەر ئارقىلىق ھېلىقى ئىشلىرىنى كەچۈرگۈسىز جىنايەتتەك يوشۇرىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ بۇنى جىنايەت ھېس قىلىشىغا ۋە يەنە جىنايەت ھېس قىلىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىشىغا ھەيران قالىمەن، بۇنى زادىلا چۈشىنەلمەيمەن. مەن بۇ ئىشلارنى داۋاملىق تەسەۋۋۇر قىلاتتىم، تەسەۋۋۇر قىلغانسېرى ئۇنىڭغا سىرلىق تۇس بېرىشكە تىرىشاتتىم، پەقەت سىرلىق تۇس بەرگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولاتتى. ئەگەر ئۇنى ئادەتتىكىلا بىر ھەرىكەت دەپ تەسەۋۋۇر قىلسام ئۇنىڭ ھېچقانداق جەلپ قىلىش كۈچى قالمايتتى. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا بۇ ئىشلار ھامان پارچە-پۇرات ۋە مەۋھۇم ئىدى، ئۇنى زادىلا مۇكەممەل قىياپەتكە كىرگۈزەلمەيتتىم. ئۇ-

لار تەسەۋۋۇر ۇمدا توختىماي ئۆزگىرىپ تۇراتتى. ئۇنى سىرلىق تۇسكە ئىگە قىلغىنى دەل مانا مۇشۇ تۇراقسىزلىق ئىدى. ئەزەل-دىن كۆرۈپ باقمىغان ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلىش دائىم شۇنداق بولىدۇ، كىشىلەر زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىشلارنى ۋە نەرسى-لەرنى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياكى يېقىن كېلىدىغان ئىشلاردىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. لېكىن مېنىڭ كۆرمەكچى بولغىنىمغا ئوخشايدىغان ئىشلار يوق، شۇڭا ئۇنى بىرەر قېتىم كۆرمەي تۇرۇپ مۇكەممەل تەسەۋۋۇر قىلىش مۇم-كىن ئەمەس.

ئۇلار مېنى دائىملا كۆزىتىپ يۈرۈشىدۇ. مېنىڭ ھەممە ئىشىمنى بىلىپ تۇرۇشىدۇ. مەن قار ياققان كۈنلىرى سەھەردە ئاستا دېرىزەم تۈۋىگە كېلىپ ئۇ يەردە باشقىلارنىڭ ئاياغ ئىزى-نىڭ بار-يوقلىقىغا قاراپ باقىمەن. ئۇلار بەكمۇ قۇۋ، ھەتتا ئاياغ ئىزلىرىنىمۇ قالدۇرمايدۇ. ئۇلار مېنىڭ ئوغرىلىقچە ئانانىزم قىلىدىغانلىقىمنى قانداقمۇ بىلمەي قالسۇن! ئۆتكەندە ئىداردا بىر نەچچەيلەن ھازىر ئاياللار كىيىۋالىدىغان يوپكىلارنىڭ كى-چىكلەپ ھەتتا ساغرىسىنىمۇ ياپالماس بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋېتىپ كۈلۈشكىنىچە ماڭا قاراپ قويۇشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرىنىڭ ماڭا قاراپ مەنىلىك ھىجايغىنىنى ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم. ئۇ دايىۋز مەلئۇن شۇقەدەر نومۇس-سىزلارچە ھىجايدىكى ،ئۇنى غەزەپتىن چاناپ قىيما قىلىۋەتكۈم كېپكەتتى. مەن ئۇنىڭ ماڭا قاراپ نېمىشقا ھىجايغىنىنى دەرھال بىلىپ يەتتىم. دېمەك ئۇ ئاياللارنىڭ يوپكىسىنىڭ بورۇنقى كۇسارلاردىنمۇ كىچىكلەپ كېتىپ بارغىنىنى دېيىش ئارقىلىق

ئايالىلار ھەممىسى بەدىنىنى ئېچىپ، يالىڭاچ كوچىغا چىقاي دەپ قېلىشۋاتسا، سەن ئۆيۈڭدە ئانانىزىم قىلىشۋاتىسەن دېمەكچى.

ئۇلارنىڭ مېنى دائىملا ئوغرىلىقچە كۆزىتىشى توغرىسىدىكى گۇمانىم زادىلا ئورۇنسىز ئەمەس. بىرنەچچە قېتىم مەن تاڭ ئېتىشقا يېقىن ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا ئۇستۇنكى قەۋەتتە بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلار خۇددى ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوقتەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قۇۋلۇق-شۇملۇقلىرى مېنىڭ جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلار نېمانچە قىلىپ كېتىدۇ؟ مېنىڭ كېچىلىرى رەسۋالارچە ھالدا پۈتكۈل دېرىزىلەرنى ماراپ يۈرۈشۈمنى بىلىۋالغان بولسا نېمانچە يوشۇرۇپ كېتىدۇ؟ ئۇلار نېمىشقا زادىلا بىلمەيدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ؟

— ئەختەم!

چوڭ كوچىدا كۈپكۈندۈزدە بىر ئايالنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، مەن ھەيران بولۇپ كەينىمگە بورۇلۇپ قارىدىم. مېنى چاقىرغان ئايال ئۆزىنىڭ زىلۋالىقىغا قارىماستىن مەيدىسى ئاجايىپ يوغان كەلگەن قارامتۇل بىر ئايال ئىدى. ئۇ بىزنىڭ بىنانىڭ ئالدى تەرىپىدىكى بىنادا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مېنىڭ ئىسمىمنى بىلىدىغانلىقىغا ھەيران قېلىپمۇ كەتمىدىم. بۇ مېنىڭ بارلىق گۇمانىمنىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. بولمىسا مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمىسەم، ئۇ قانداقسىگە مېنىڭ ئىسمىمنى بىلىدۇ؟ دېمەك مېنىڭ ئىچكى سىرىم پۈتۈن كىشىلەر ئارىسىدا يېيىلىپ بولغان گەپ، ئۇلار

مەن توغرىلىق ئاجايىپ پاراڭلارنى قىلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ ئىسمىمنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ھەيرانلىق بىلەن تەرىپلىشىدىغان بولغان گەپ! ئۇلار باشقىلارنىڭ نومۇسلۇق ئىشلىرىنى بىلىۋالسا گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، يايراپ كېتىدىغان بىنورمال مەخلۇقلار، ئۇلار كۆرۈنۈشتە شۇقەدەر نورمال قىيا-پەتكە كىرىۋېلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىچى كېسەل بىلەن تولغان.

—بۇ سىزنىڭ خېتىڭىزمۇ؟

ئۇ ماڭا بىر تال كونۋېرتنى ئۇزاتتى. مەن ئۇ پاسكىنىنىڭ خۇددى ماڭا كۆز-كۆز قىلغاندەك تۇمپايتىۋالغان مەيدىسىگە قا-راپ قويۇپ گەپ قىلماستىن كونۋېرتنى ئېلىپ قارىدىم.

—ياق، بۇ مېنىڭ ئەمەس، ماڭا ئەزەلدىن ھېچكىمدىن خەت كېلىپ باقمىغان!—دېدىم مەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. ئۆزۈمنىڭ تىنىمسىز خەت سېلىشىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا مېنىڭ زادىلا پوچتا بىلەن مۇناسىۋىتىم يوق ئىدى. مەن ئۇ تەڭلىگەن كونۋېرتنى تېخى ئادرېسى خاتا يېزىلغانلىقى ئۈچۈن قايتۇرۇلغان خەت بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

—ئۇنداقتا بۇ باشقا بىر ئەختەم ئىكەن-دە! بىزنىڭ ئىدارىغا خاتا كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ. مەن تېخى سىزنىڭ بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز يولىغا مېڭىپ كەتتى.

ئۇلار مېنى ئەنە شۇنداق دۆت چاغلىشىدۇ. مەن ئۇنىڭ نېمىشقا مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپ مەن بىلەن سۆزلەشكەنلىكى-

نى بىلمەسمەنمۇ! ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن ھېلىقى خېتى پۈتۈن-
لەي يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئىش. نەدىمۇ ئۇنداق
بولسۇن. ئۇ يالغاندىن ئاشۇ خەتنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرگەن
بولۇپ، ئەمەلىيەتتە مېنى كۈپكۈندۈزدە چوڭ كوچىدا توختىتىپ
تۇرۇپ، مېنىڭ كېچىلىرى قىلغان رەسۋالارچە ئىشلىرىمنى
ئۆزلىرىنىڭ بىلىپ قالغانلىقىنى پۇرىتىپ، مېنىڭ ئۇلارنىڭ
ئالدىدا ئالاقىزادە بولغان روھىي ھالىتىمنى بىر كۆرۈپ باقماق-
چى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ رەسۋاچىلىق تاماشا-
سىنى يۇقىرى پەللىگە چىقارماقچى. مەن ئاشۇ پاسكىنىنىڭ
يۈزۈمگە قانداق قاراپ تۇرغانلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. مەن
ياكى بىر مەشھۇر شەخس بولمىسام، ھېلىقى نايناق ناخشىچىلار-
دەك، ھېلىقى خوتۇن كىشىنى دوراش ئارقىلىق كىشىلەردىكى
ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىگە قانۇنىي ئورۇن ھازىرلاشنى
مەقسەت قىلغان تېتىقسىز ”چولپان“ ياكى دائىم تېلېۋىزوردا
كۆرۈنۈپ تۇرمىسام ۋە ياكى ھېلىقى ئۆز مىللىتىنى تىللاش
بىلەن جان بېقىۋاتقان يازغۇچىلاردەك نامىم دائىم مەتبۇئاتلاردا
كۆرۈنۈپ، ھاقارەتتىن ھوزۇرلىنىدىغان، خارلىنىش سەۋدالى-
قىغا گىرىپتار بولغان بىمارلار ئارىسىدا داغدۇغا قوزغاپ تۇرمى-
سام ئۇ زادى نېمىشقا مېنىڭ ئىسمىمنى بىلىدۇ؟!

بۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ. ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئاپتو-
بۇس كۈتۈپ تۇرسام مەن ئولتۇرۇشلۇق بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋ-
تىدە تۇرىدىغان يۈزلىرى كۆسەيدەك قارا بىر مەخلۇق ماڭا قاراپ
بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. دېمەك، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ مېنى باشقى-
لارغا ئوخشاشلا دائىم كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى يوشۇرالماي قال-

دى. بولمىسا ماڭا زادى نېمىشقا سالام قىلىدۇ؟ مەن ياكى ئۇنىڭ بىلەن كونا تونۇش بولمىسام. ئۇ مەن بىلەن بىر بىنادا ئولتۇرسا نېمە بوپتۇ؟ بۇ بىنادىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەن بىلەن سالاملاشمايدىغۇ! ئۇنىڭ مەن بىلەن بىر بىنادا ئولتۇرۇشى ئۇنىڭ مەن بىلەن سالاملىشىشىغا تولۇق ئاساس بولالامدۇ؟!

مەن ئۇلارنىڭ دەستىدىن چىدىغۇسىز ئەھۋالغا قالدىم. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزى كور، قولىقى ئاڭلىماس بولۇپ قالسىكەن دەيمەن.

دائىم كېچىلىرى ئۆيگە قايتىپ كەلسەم، ئۇلارنىڭ ئۆيۈمگە ئوغرىلىقچە كىرىۋېلىپ مېنى كۆزىتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆي ئىچىدىكى ئادەم يوشۇرۇنۇۋالىدىغۇدەك جايلارنىڭ ھەممىسى- نى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقىمەن. ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىنلا ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىمەن. مەن كىتاب ئىشكاپىنى، بالكوننى، خالانى، كىيىم ئىشكاپىنى، كا- رىۋاتنىڭ ئاستىلىرىنى قويماي ئاختۇرۇپ چىقىمەن.

مېنىڭ ئۆي ئىچىدە دائىم ئۆز-ئۆزۈمگە سۆزلەيدىغان ئىشىم بار. بۇ خۇددى بەزىلەرنىڭ ئۆزى يالغۇز ناخشا ئېيتىپ كۆڭلىنى ئاچقىنى بىلەن ئوخشاشلا ئىش. مەن ئۆز-ئۆزۈم بىلەن مۇڭدى- شىمەن، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ. ئەل- بەتتە مەن پارىڭىمغا تېما جەھەتتە چەك بەلگىلەپ قويغان ۋاقتىم يوق. مېنىڭ مۇڭدىشىدىغان ھېچقانداق ئادىمىم يوق. ھېچكىم مەن بىلەن پاراڭلىشىشنى خالىمايدۇ. ھېچكىم مەن بىلەن يې- قىنلىشىشنى خالىمايدۇ. بەزىلەر مەن بىلەن يېقىنلاشماقچى بول- غاندەك كۆرۈنىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشتىكى مەق-

ستى ئېنىق، ماڭا يېقىنلىشىشنى خالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق نومۇسسىز ئەبلەخلەر. ئۇلارنىڭ ھېجىيىپ قارىشىدىنلا چەكسىز قوۋلۇق-شۇملۇق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار مەن بىلەن يېقىنلىشىش ئارقىلىق مېنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆزەتمەكچى ۋە مەسخىرە قىلماقچى. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ مەن بىلەن يېقىنلىشىشىغا يول قويمايمەن. ماڭا ساپ دوستلۇق نىيىتى بىلەن يېقىنلىشىشنى خالايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئۇلارنىڭ ھېجىيىشلىرى شۇملۇق ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن تولغان. ئۇلار ھەر بىر ھېجىيىشلىرى ۋە مەنىلىك قاراشلىرى ئارقىلىق ماڭا ئاللانېمىلەرنىدۇر بېشارەت بېرىشىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق غالىبلارچە نەزىرى ئالدىدا يەر بىلەن تەڭ بولۇپ كېتىمەن. ئىچ-ئىچىمدىن تۇگىشىپ كېتىمەن.

مەن ئۆزۈم بىلەن ناھايىتى ئۇزاق پاراڭلىشىمەن. پاراڭ تېمىسى ناھايىتى ئەركىن، ھېچنېمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. قانۇن، ئەخلاق ھەتتا لوگىكا، گرامماتىكىلارنىڭمۇ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئاڭسىز ھالدىكى مېخانىك، ئاپتوماتىك پاراڭلار. مەن ئۆز-ئۆزۈم بىلەن قىلىشقان گەپلىرىمنىمۇ خۇددى كېچىلىرى دېرىزىلەرنى مارىغان، ئانانىزم قىلغان ئىشلىرىمدەك باشقىلاردىن مەخپىي ساقلايمەن. ئۇنى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق چاغدا ھەرقانداق يوللار بىلەن بىلىپ قېلىشىنى خالىمايمەن. بىراق ئۇلار مېنىڭ ئاشۇنچىلىك مەخپىيىتىمگىمۇ چاڭ سالماي قالمىدى.

مېنىڭ ئۆز-ئۆزۈمگە قىلغان سۆزلىرىمنى باشقىلاردىن يوشۇرۇشۇمدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ ئىشلارمۇ خۇددى كىشىلەرنىڭ

كېچىسى قىلىن دېرىزە پەردىلىرى بىلەن توسۇۋېلىپ قىلغان ئىشلىرىغا ئوخشاش ئەقلىنىڭ كونترول قىلىشىدىن تامامەن چەتنىگەن. باشقىلار ئەقلىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان ئىشلارنى قىلىپ ھوزۇرلىنىدۇ، مەن ئۇنداق قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن بىچارىلەرچە ئەقلىنىڭ كونتروللۇقىغا بويسۇنمىغان سۆز-لەرنى قىلىپ ھوزۇرلىنىمەن. بىراق شۇنچىلىك ئىشلارمۇ ئۇ نومۇسسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ دىققىتىدىن قېپ-چىپ قۇتۇلالمىدى.

— كەينىمدىن بار جۇمۇ، مەن سېنى ئاشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرىمەن! يەنە بىر كۈن كەچكىچە ساقلاتما. بۈگۈن ھاۋا بەك سوغۇق...

بىر قېتىم ئۇستۇنكى قەۋەتتىن چۈشۈۋاتقان بىرەيلەننىڭ ئۇنلۇك ئاۋازدا شۇنداق دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇ بۇ سۆزلەر-نى كىمگە دەۋاتقاندۇ دەپ قاراپ باقسام، ئۇ ئۆزى يالغۇز پەلەم-پەيدىن چۈشۈۋېتىپتۇ، ئۇستۇنكى قەۋەتتىن يا بىرەيلەننىڭ جا-ۋاب بەرگىنى ئاڭلانمىدى. مەن دەرھاللا ئۇنىڭ چاندۇرماستىن مېنى دورىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. مېنىڭ ئۆز-ئۆزۈمگە سۆزلەپ قاچاندا شۇنداق سۆزلەرنى قىلغىنىم ئېسىمدە يوق، بىراق ئۇ ئەبلەخنىڭ مېنى دورىغانلىقى ئېنىق. بۇنى ئويلاپ گەجگەمدىن ئىسسىق تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ بولسا نومۇسسىزلىق بىلەن ماڭا تۆشۈكتەك قاراپ قويۇپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بىنادىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئۇستۇنكى قەۋەتلەرگىچە چىقىپ قاراپ باقتىم. ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئېتىكلىك، پەلەمپەي-لەردىمۇ ئادەم يوق. مەن ئۇنىڭ قەستەن مېنى دوراپ جېنىمغا

تېگىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئۇلار باشقىلار-نىڭ يېغىرىغا تېگىشتىن نېمانچە ھوزۇرلىنىدىغاندۇ؟. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن خۇددى راستتەكلا قىلىۋېتىدۇ.

بۇنداق ئىشلار نۇرغۇن قېتىم تەكرارلاندى. يەنە بىر قېتىم ئۇدۇلدىكى بىنادا ئولتۇرۇشلۇق سېرىق چاچلىق بىر قىزنىڭ بىر نېمىلەرنى دەپ غىڭشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى زادى-لا تۇتۇۋالالماي قالدىم-دە، ئۇنىڭغا دوق قىلىپ سورىدىم:

— نېمە دەۋاتىسىز؟

ئۇ ماڭا ھەيران قالغان قىياپەتتە بىردەم قارىۋەتكەندىن كېيىن مەندىن ياندۇرۇپ سورىدى:

— نېمىش بولدى؟

— ھازىر نېمە دېدىڭىز؟

— ھە... نېمە دەيدىكەن دەپتىمەن... ناخشا ئېيتتىم شۇ...

ئۇ داپپىۇز بۇزۇق شۇنداق دەپ شەھۋانىي ئاۋازى بىلەن كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ ئەنە شۇ ئىدى. ئۇ يالغاندىن ناخشىغا غىڭشىغان بولۇۋالدى، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئاشۇ ئىشلىرىمنى (يەنى ئۆزۈمگە سۆزلىشىمنى) يۈزۈمگە سېلىپ مەسخىرە قىلغانلىقىنى مەن بىلەلمەسمەنمۇ؟! ئۇلار ئەنە شۇنداق جېنىڭغا تېگىپ قويۇپلا ھېچنەرسە بىلمىگەن بولۇۋېلىپ تاماشارىڭنى كۆرۈشىدۇ.

ئۇلار مېنىڭ ئۆز-ئۆزۈمگە سۆزلەيدىغانلىقىمنى زادى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟ ئۇلار قۇۋلۇق-شۇملۇقتا ھەقىقەتەنمۇ چېكىدىن

ئېشىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ رەزىللىك بىلەن تولغان كاللىلىرى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە ئۆتكۈر. ئۇلار سېنىڭ يېغىرىڭنى ئېچىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئاماللارنى ئىشلىتىشتىن يانمايدۇ. ئۇلار ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ، ھەرقانداق رەزىل ۋاستىلەرنى ئاياپ قويمايدۇ.

## 6

— يەنىلا ھېلىقى غەلىتە ئادەمنىڭ خەتلىرى، — پوچتىكەش يىگىت شىرە ئۈستىگە قويۇلغان خەتلەرنى ئادرېسى بويىچە تۈرگە ئايرىش ئۈچۈن قولىنى ئۈزۈتۈۋېتىپلا شۇنداق دېدى، — يەنە شۇ ھەممىسىنىڭ ئادرېسى خاتا. بۇ ئۇنىڭ زادى نېمە قىلغىنىكىنا؟!

— يەنىلا 41 پارچە خەتمۇ؟ — سورىدى گېزىت-ژۇرناللارنى رەتلەۋاتقان بىر ئايال ئۇنىڭدىن.

— چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، ئۇنىڭ خېتى يا 42 پارچە ئەمەس، يا 40 پارچە ئەمەس، ئەزەلدىنلا 41 پارچە.

— 41 دېگەن سان زادى نېمىنىڭ بېشارىتى، ئۇ بۇنداق قىلىش ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟

— قىزىق يېرى ئۇنىڭ يازغان ئادرېسلىرىنىڭمۇ ھەممىسى 41 دېگەن سان بىلەن مۇناسىۋەتلىك... 41-قورۇ، 41-ئۆي، 41-بىنا، 41-دۇكان، 41-ئەترەت، 41-كەنت...

پوچتىخانا ئىچىدىكىلەر دائىم ئۇنىڭ خېتىنى كۆرۈش بىلەن

تەڭلا ئەنە شۇنداق قىزغىن تالاش-تارتىشقا چۈشۈپ كېتىشەتتى.
ئۇلار تەسەۋۋۇرنى ناھايىتى ئەركىن قويۇۋېتىپ خىلمۇخىل پە-
رەزلەرنى قىلىشاتتى. خىلمۇ خىل ئەقلىي يەكۇنلەرنى چىقىرى-
شاتتى. ئۆزلىرىنى خۇددى كىنولاردىكى قىيىن مەسىلىگە دۇچ
كەلگەن رازۋېدكىچىدەك ھېس قىلىشاتتى. كىم بۇرۇن ئوتتۇرى-
غا قويۇلمىغان ئەڭ يېڭى پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويسا ھەممەيلەن
ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ قارىشاتتى.

— ئۇ ناھايىتى يامان ئادەم ئىكەن. مەن ئۇنىڭ شەخسىي
پوچتىكىشىگە ئايلىنىپ قالدىم، — دەيتتى ئۇنىڭ خېتىنى دائىم
ئاپىرىپ بېرىدىغان پوچتىكەش يىگىت، — ھازىر بىزنىڭ كۇنى-
مىزمۇ ئۇنىڭ خېتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ، بۇ
پوچتىخانىمىزمۇ ئۇنىڭ شەخسىي پوچتىخانىسىغا ئايلىنىپ قالاي
دەۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭ ئۆزىدىن ”سىز خەت يازغان بۇ چىنار ئىسىملىك
ئايال زادى كىم؟ ئۇنىڭ ئادرېسىنىنېمىشقا دائىملا خاتا يېزىپ
قويىسىز؟“ دەپ سوراپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپ سورايتتى
بەزىلەر ئۇنىڭدىن.

— ئۇ ئادەمگە گەپ قىلغىلى بولاتتىمۇ، ئۇ ناھايىتى غەلىتە
بىر ئادەم. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئادەمنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ
قالىدۇ. بىرنەچچە قېتىم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئاغزىمنى ئې-
چىۋېدىم، ئاغزىمدىن تاۋۇش چىقىپ بولغۇچە ئۇ ئىشىكنى جا-
لاقىدە يېپىپ كىرىپ كەتتى.

— بىزنىڭ نېمە چاتىقىمىز، بىز پەقەت ئۇنىڭ خەتلىرىنىڭ
ئۈستىگە ئىككى موچەنلىك ماركا چاپلاندىمۇ ياكى چاپلانمىدىمۇ

شۇنى بىلسەكلا بولدى.

مېنىڭچە بۇ ئادەمنىڭ 41 دېگەن سانى چوقۇم بىرەر سىياسىي تەشكىلاتنىڭ مەخپىي بەلگىسى.

— بۇ مەڭگۈ تاپشۇرۇۋېلىنماس خەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ”چىنار“ بىرەر ئايالنىڭ ئىسمى بولماستىن، بەلكى بىرەر سىيا-سىي تەشكىلاتنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئەدەبىي ئەسەرلەردە چىنار چىداملىقلىقنىڭ سىمۋولى. ئۇنىڭ 41 دېگە-نىنىڭ مەنىسى باشقىچە بولىشى مۇمكىن.

— بەلكىم ”1-ئاپرېل“ دېگەن مەنىدىدۇر. ئۇ بۇ ئارقىلىق تۆتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئۇق-تۇرماقچى... چوقۇم شۇنداق!

— ئۇنداقتا بۇ خەتلەرنى ھېچكىم تاپشۇرۇپ ئالمىسا، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى بۇ بۇيرۇقتىن قانداق خەۋەر تاپىدۇ؟

خەتتە يېزىلغان ئادرېستىكى ئادەملەر بۇ خەتلەر ئۇ يەرلەرگە بارغاندا كونۋېرتىنىڭ سىرتىدىكى خەتلەرگە قاراپلا ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىپ ئاندىن چاندۇرماستىن بۇن-داق ئادەم يوق دەپ قايتۇرۇۋېتىدىغاندۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا مەلۇم مەخپىي بۇيرۇقنىڭ بارلىقىدىن ھېچكىم گۇمان قىلالماي-دۇ، شۇنچىلىك ئاددىي ئىشنىمۇ چۈشەنمەمسىلەر.

— ئەگەر ئۇنىڭ 41 دېگىنى ”تۆتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ھەرىكەت قىلىمىز“ دېگەن مەنادا بولسا، ئۇلار نېمىشقا تېخىچە ھەرىكەت قىلمايدۇ؟ ئۇ بۇنداق خەتنى توختىماستىن ئەۋەتىۋاتقىلى بىر نەچچە يىل بولدىغۇ، تۆتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىن بىرنەچچىسى ئۆتۈپ كەتمىدىمۇ؟ ئەجەبا ھېچيەردە بىرەر

ۋەقە سادىر بولغاندەك ئەمەسقۇ؟

—بەلكىم ئۇلارنىڭ نىشانى چوڭ ۋەقە سادىر قىلىش ئەمەس، بەزى مەخپىي ئىشلارنى قىلىشتۇ، كىم بىلىدۇ، ئۇلار مەخپىي ئىشلارنى خەتنى كۆرۈپلا ئورۇنداۋاتامدۇ تېخى.

—ئەجەب چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئىشلار-ھە!

—سىلەر بەك كۆپ ئويلىنىپ كەتمەڭلار، مېنىڭچە بۇ خەتنىكى ئادرېسلاردا ئاللىقانداق مەخپىي بۆيرۇق ۋە مەخپىي بەلگىلەر مەۋجۇت ئەمەس. بىز ئارتۇقچە گۇمان قىلىپ كېتىۋاتىمىز.

—ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىرنەچچە يىلدىن بېرى بۇنداق خەتلەرنى توختىماي سېلىۋېرىشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ ھەرقانداق ئادەمدە گۇمان پەيدا قىلماي قالمايدۇ.

—توغرا، بۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ نورمال ئەھۋال دېگىلى بولمايدۇ.

—بۇنداق ئىشقا ھېچقانداق پوچتىخانا دۇچ كېلىپ باقمىغان.

—بۇنداق ئىشنى ھېچكىممۇ ئاڭلاپ باقمىغان.

—ئەجەب ئىش، ئەگەر ئۇنىڭ يازغانلىرىنى مەخپىي بۇيرۇق ياكى مەخپىي ئالاقە دېسەك، ئۇ نېمىشقا 41-نومۇر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادرېسلارغىلا ئەۋەتىدۇ، ئەجەبا ئۇنىڭ تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ھەممىسى 41-نومۇرلۇق ئۆيلەردە، 41-نومۇرلۇق دۇكانلاردا، 41-نومۇرلۇق قورۇدىلا بولامدۇ؟ نېمىشقا باشقا نومۇرلۇق ئۆيلەردىكىلەر ۋە باشقا نومۇرلۇق قورۇدىكىلەردىن بىرەرسىمۇ قېتىلىپ قالمايدۇ؟ ئۇنىڭ تەشكىلاتىغا پەقەت 41-

نومۇرلۇق ئادرېستىكى ئادەملەرنىڭلا ئەزا بولۇشى ئەقىلغا سىغام-دۇ؟

— مەسىلىنىڭ مۇرەككەپ يېرى دەل مۇشۇ يەردە.

— بىز دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۇچۇنلا بۇ خەتلەرنى ئادەتتىكى خەتلەر ئەمەس دەپ پەرەز قىلىۋاتىمىز.

— بۇ ئادەم ناھايىتى ھىيلىگەر ئىكەن. ئۇنىڭ مېڭىسى شۇملۇق بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ.

— بۇ ئادەمنىڭ ئىشلىرىنى زادىلا چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

— بۇ كونۋېرتلارنىڭ ئىچىدىكىسىچۇ؟ زادى نېمە مەزمۇندىكى خەت بولۇشى مۇمكىن؟

— ئۇنى ھېچكىم تاپشۇرۇپ ئالمىسا، ئۇ يەنە قانداق مەز-مۇندا بولاتتى.

— ئاق قەغەزدۇ ھەقىچان...

— ھېچكىم تاپشۇرۇپ ئالمىغاندىكىن ئاق قەغەز بىلەن خەت يېزىلغان قەغەزنىڭ نېمە پەرقى بار؟

— ھەممىڭلار تاھازىرغىچە نۇرغۇن پەرەزلەرنى قىلىشتىڭ-لار، لېكىن بىر نەرسىگە دىققەت قىلمىدىڭلار — دېگەن ئىدى بىر قېتىم بىرەيلەن ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى بۇزۇپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراشتى. — سىلەر خەت تاپشۇرۇ-ۋالغۇچىنىڭ ئادرېسىنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، خەت يازغۇچىنىڭ ئادرېسىغا دىققەت قىلمىدىڭلار.

ھەممەيلەن ئاشۇ چاغدا پاراققىدە كۆلۈپ كېتىشكەنىدى.

— ئۇنىڭ ئادرېسى توغرىغۇ!

— بۇ ئۇنىڭ ئادرېسى، ئۇنىڭدا دىققەت قىلغۇدەك نېمە بار؟

— ئەختەم دېگەن ئۇنىڭ ئىسمىمۇ؟ مېنىڭچە بۇنىمۇ ئېنىق-
لاپ بېقىش لازىم. بەلكىم ئۇ يالغان ئىسىم بولۇشى
مۇمكىن. . . ئۇنىڭ چوقۇم باشقىچە مەنىسى بار. . .

پوچتىكەش يىگىت بۇ قېتىم ئۇنىڭ خېتىنى ئېلىپ بارغاندا ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم بىر پاراڭلىشىپ بېقىش ئىرادىسىگە كەلدى ۋە بۇ نىيىتىنى باشقىلارغا ئېيتتى.

— بۇ ناھايىتىمۇ بىئەپ بىر ئىش. ئۇنىڭغا بۇ گەپنى قانداق دېگىلى بولىدۇ؟

— بۇ ئىش بىزنىڭ خىزمىتىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

بەزىلەر شۇنداق دېيىشتى، بىراق كۆپىنچە ئادەم قوشۇلدى. لېكىن ئۇلار كاللىسىدا ئۇنىڭ بۇ ئىشقا قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى خىلمۇخىل پەرەز قىلىشتى. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۇ غەلىتە ئادەمنىڭ قېتىپ قالغاندەك ئۆگەرمەس غەلىتە چىرايى ئۇنىڭ پوچتىكەش يىگىتتىن باشقا ھېچكىم ئەزەلدىن چېكىپ باقمىغان، سىرلىرى ئۆچۈپ كەتكەن سوغۇق ئىشىكىنىڭ ئالدىدا نامايان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا مۇنداق جاۋاب بېرەتتى:

— ئادرېسىنى خاتا يېزىپ قويۇش قانۇنغا خىلاپمۇ؟

— پوچتىخانىغا خەتنى كۆپ سېلىش قانۇنغا خىلاپمۇ؟

لېكىن ئەھۋال ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك بولمىدى.

ماش رەڭ پوچتا ۋېلىسىپىتى غەلىتە ئادەمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. پوچتىكەش يىگىت ۋېلىسىپىتنى توختىتىپ قويۇپ سومكىدىن خەتلەرنى ئاختۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن زادى قانداق پاراڭلىشىش توغرىسىدا بىردەم ئويلى-

نىۋېلىپ، ئاندىن بىنا ئىچىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

— تاك... تاك... تاك...

بىنانىڭ ئىچى ئۆڭكۈردەك قاراڭغۇ ئىدى، پوچتىكەش يىگىتكە ئىشىك چەككەندە چىققان ئاۋازمۇ خۇددى ئۆڭكۈر ئىچىدىكى ئاۋازدەك سۈرلۈك تۇيۇلدى. ئۇ مۇشۇ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ۋاقتىدا نېمە ئۈچۈندۇر غەلىتە بىرخىل ھېسسىياتقا چۆمۈلەتتى. ئۇ بۇ ئىشىكنىڭ سانسىز يىللاردىن بېرى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم تەرىپىدىن چېكىلىپ باقمىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئاشۇ سىرى ئۆچۈپ كەتكەن ئىشىكنى چېكىۋاتقاندا ئۆزىنى خۇددى تۇغۇلىشىدىنلا ئاشۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك، ۋاقىت سىرلىق ھالدا بىر ئىزىدا تۇرۇپ قالغاندەك، دۇنيادا ئۇنىڭ ئاشۇ يەردە تۇرۇشىدىن باشقا ئىش بولۇپ باقمىغاندەك ھېس قىلىپ كېتەتتى. ئۇ بۇخىل تۇيغۇدىن تېزراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇ يەردىن دەرھال چىقىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. ئۆي ئىگىسىنىڭ سوغۇق تەلەتى بولسا قېرىشقاندەك ناھايىتى تەستە ئۇنىڭ ئالدىدا زاھىر بولاتتى.

بۇ قېتىم پوچتىكەش يىگىت ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن ئۇنىڭدىن گەپ سوراي دەپ ئاغزىنى ئېچىپ بولغۇچە ئىشىكنى يېپىپلا كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ خەتنى ئۇنىڭغا بەرمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىز نېمىشقا دائىملا تاپشۇرۇۋېلىنمايدىغان خەتلەرنى سالىسىز؟

پوچتىكەش يىگىت ئۆزىنىڭ سوئال سورىغاندىكى جاسارىتى-

ـدىن مەمنۇن بولدى.

ئۇ پوچتىكەش يىگىتكە نۇرسىز كۆزلىرىنى تىكىپ بىرھازا ئۈن-تىنسىز قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى يەنىلا شۇنداق بىرخىل قېتىپ قالغانىدى. كۆزلىرى مىتمۇ قىلىپ قويمايتتى. پوچتىكەش يىگىت ئۇنىڭ بۇنداق مىدىر-سىدىرمۇ قىلماستىن بۇتتەك قادىلىپ تۇرۇشىدىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، بىراق بۇ بىئەپ ۋەزىيەتنى ئوڭشاشنىڭ بىرەر ئامالىنى تاپالمىدى.

— سىز يازغان ئادرېسنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يازامسىز؟

ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىدا قىلچىلىك ئۆزگىرىش كۆرۈنمىدى. ئۇ يەنىلا شۇنداق بىرخىل نەزەر بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— بۇ ئادەم دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەسمۇ-يا؟

ئۇ يەنىلا مىدىر-سىدىر قىلماي دېمىدى. ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— مېنىڭچە سىز ھەر بىر پارچە خېتىڭىزنىڭ قايتۇرۇۋېتىلىدىغانلىقىنى بىلىسىز، سىز ئۇنى ھېچكىم تاپشۇرۇۋالمىسۇن دەپ ئەۋەتەمسىز؟

بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. پوچتىكەش يىگىتنىڭ گەجگىلىرى تەرلەپ كېيىملىرىگە چاپلىشىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى:

— سىز چوقۇم خېتىڭىزنىڭ ھېچكىمگە تەگمەيدىغانلىقىنى بىلىسىز. مېنىڭ بىلىشىمچە بۇنىڭغا بىر نەچچە يىل بولۇپ كەتتى.

— مەن سىزنىڭ ئىشكىڭىز ئالدىدا پەيدا بولسام بىرەر قېتىم بولسىمۇ بىرەر يەردىن خەت كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ياق، سىز ئۇنداق ئويلىمايسىز. . . مېنىڭ بىلىشىمچە، سىز ئۆمرىڭىزدە ئەزەلدىن بىرەر يەردىن خەت تاپ-شۇرۇۋېلىپ باقمىغان.

يىگىت ئەمدى سورايدىغانغا سوئالمۇ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ جىمجىت قاراپ تۇردى. ئۇ خۇددى رەزىل بىر جادۇگەر تەرىپىدىن ئەپسۇن ئوقۇپ قاتۇرۇپ قويۇلغاندەك جىملا تۇراتتى، يىگىت ئىككىيلەننىڭ بىر-بىرىگە ئاشۇنداق ھالەتتە زادى قانچىلىك ۋاقىت قارىشىپ تۇرغىنىنى بىلەلمەيدۇ. ئۇ ئاخىر بۇنداق قارىشىپ تۇرۇۋېرىشكە چىداشلىق بېرەلمەي قالدى-دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ بىنادىن تېزلىك بىلەن چىقىپ كەتتى. بىراق ئىشىك ئالدىغا چىقىشىغىلا ئويلىمىغان يەردىن يۈز بەرگەن بىر ئىش ئۇنى چۆچىتىۋەتتى. ئۇ ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئەگىشىپ چىقتى.

— سىلەر نېمىشقا بۇنچىۋالا مېنىڭ كۆزۈمگە كىرىۋالىسى-لەر؟

پوچتىكەش يىگىت ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سەل ئوڭايسىز-لاندى-دە، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى:

— كەچۈرۈڭ، مەن سىزدىن ئارتۇقچە سوئال سوراپ قويى-دۇم. بۇ سوئالنى سورىشىمدا باشقا نىيىتىم يوق. سىز دائىم شۇنچە نۇرغۇن خەتلەرنى سالسىڭىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەلسە، سىزگىمۇ ئاۋارىچىلىق. . . كىممۇ ئۆزىنىڭ خېتىنىڭ

ئەۋەتىلگەن جايدىكى ئادرېس بويىچە ئىگىسىگە تەگمەي قايتىپ كېلىشىنى خالايدۇ . . .

غەلىتە ئادەم پوچتىكەش يىگىتنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى :

— سىلەر مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىلەر ؟ سىلەر مېنى شۇنچىۋالا دۆت ، قاپاقباش چاغلاۋاتامسىلەر ؟

بولارنى ئاڭلاپ پوچتىكەش يىگىت گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى .

— سىلەرنىڭ نېمىلەرنى ئويلايدىغىنىڭلار ماڭا ئايان ! سىلەر ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىسىلەر ، يەنە ھېچنېمىنى بىلمىگەندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ، تېخى مەندىن باشقا سوئاللارنى سوراپ يۈرۈيسىلەر . يۈزۈڭلارنى داپتەك قىلىپ ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ مېنى ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىڭلاردىن خۇشال بولۇپ گۈلقەقەلىرىڭلار ئېچىلىپ كېتىدۇ . . . سىلەر نېمە دېگەن زەھەرخەندە !

پوچتىكەش يىگىت ئاغزىنى ئاچقىنىچە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى . ئۇ يەنە نېمىمۇ دېيەلىسۇن ؟ !

— سىلەر مېنى داۋاملىق ئوغرىلىقچە كۆزىتىپ تۇرۇۋاتىسىلەر . . . سىلەرنىڭ ھەممىڭلار قىپقىزىل ساراڭلار . . . ئۆزۈڭلارنىڭ پۈتۈنلەي بىنورمال ئاشۇنداق ئىشلىرىڭلاردىن ئۆزۈڭلارچە ھۇزۇرلىنىپ كېتىسىلەر . مېنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىمنى تولۇق كۆزىتىسىلەر . . . بۇنى مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلامسىلەر ؟ بۇنى سىلەر ئۆزۈڭلارلا چاندۇرۇپ تۇرىسىلەر . سىلەرنىڭ ماڭا قارىغان قارىشىڭلاردىن ، ھەربىر كۈلكەڭلاردىن

سىلەرنىڭ ئاشۇنداق قىلىدىغانلىقىڭلار چىقىپلا تۇرامدۇ؟ سىلەر ھەممىڭلار شۇنداق، مېنى ئوغرىلىقچە كۆزەتمەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ھەممە ئادەم مەن بىلەنلا قالدى. مەن بۇنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىپ تۇرىمەن، مېنىڭ ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىمنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر، شۇڭا تېخىمۇ يايراپ كېتىسىلەر...

پوچتىكەش يىگىت ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك قېتىپ قالدى. ئۇ بولسا مايلىشىپ كەتكەن يۇزلىرى لىپىلدىغان، لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

پوچتىكەش يىگىت ئەزەلدىن باشقىلار تەرىپىدىن چېكىلىپ باقمىغان، پەقەت ئۆزىنىڭ چېكىشىنىلا كۈتۈپ تۇرغان بۇ ئىشىكنى نەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم چەككەن چاغدا ئىشىك زادىلا ئېچىلمىدى. پوچتىكەش يىگىت خەتلەرنى ئىشىكنىڭ ئاستىدىن كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇ ئەمدى بۇ ئىشىكنى ئاچمايتتى، چۈنكى ئىشىكنى ئاخىرقى ھېسابتا باشقىلارمۇ چەككەن ئىدى.

ئۇنى ساقچىلار تۇتۇپ كەتكەنىدى. بۇنى پوچتىكەش يىگىت نۇرغۇن كۈنلەردىن كېيىن ئۇقتى.

## 7

ئۇنىڭ ئىسمى چىنار.
ئۇنىڭ ئىسمى چوقۇم چىنار!
مەن ئاخىر ئەنە شۇنداق دەپ مۇتلەقلەشتۇردۇم. مەن ئەس-

لىمەمدىكى سانسىزلىغان ئوبرازلار ئارىسىدىن ئاخىر ئۇنىڭ ئوبـ-
رازىنى سۈزۈپ چىقتىم. ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا يەنىلا ھېلىقى
سىنىپ بىناسىنىڭ پەشتىقى تۈۋىدە كۈلۈپ مەنىلىك قاراپ تۇ-
راتتى. بۇ كۈلكە ۋە مەنىلىك قاراشلار كۆز ئالدىمدا تېخىمۇ
روشەنلىشىشكە باشلىدى، مەن ئاشۇ كۈلكىنىڭ كەينىدىكى چەك-
سىز يوشۇرۇن بېشارەتلەرنى ئەمدىلا، يەنى 30 يىلغا يېقىن ۋا-
قىتلاردىن كېيىنلا چۈشىنىشكە باشلىدىم. ئۇ گەرچە ياپما قاپاق
بولسىمۇ، بىراق كۆزلىرى چوڭ-چوڭ ۋە يۇمىلاق ئىدى.

ئۇنىڭ ئوبرازى تۇيۇقسىزلا قۇياش نۇرىدەك پارلاپ كەتتى.
مېنىڭ قەلبىممۇ خۇددى دىيانا مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قەلبىگە
ئوخشاش بىردىنلا پارلاپ كەتتى. لېكىن مەن ئۇلاردەك ئەۋلىيا-
لىقنى تەلەپ قىلمىدىم. بۇ پارلاش شۇقەدەر تۇيۇقسىز بولدىكى،
مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ زادى نېمە بولغىنىمنى بىلەلمەي بىرنەچچە كۈن
خامۇش ھالدا يۈرۈپ كەتتىم.

توغرا، ئۇنىڭ ئىسمى چىنار. بۇ ئىسىم ئۇيغۇرلاردا ناھايىـ-
تى ئاز ئۇچرايدۇ. بەلكىم ئۇ ئۆزبېكتۇ... ياپما قاپاق...
توغرا، ئۇنداقتا قىرغىز بولۇشى مۇمكىن... ئىشقىلىپ ئۇنىڭ
ئىسمى چىنار.

ئۇنى 30 يىلدىن بېرى زادىلا ئۇچرىتىپ باقمىغاندىمەن.
ياكى ئۇچراتساممۇ تونۇيالماي قالغاندىمەن.

شۇنچە يىللاردىن بېرى باشقىلاردىن مۇھەببەت تەلەپ قىـ-
لىپ، باشقىلاردىن خۇپىيانە ئۈمىد كۈتۈپ شۇنچە يىللارنى ئۆتـ-
كۈزۈۋېتىپتىمەن. بۇ دۇنيادا خۇددى ئايال زاتى قالمىغاندەكلا
تەنھا ئۆتۈۋەردىم. مەن مۇشۇ دۇنيادا يېقىنلاشقىلى بولىدىغان

بىرەر ئايال زاتى قالمىدى دەپلا ئويلاپ يۈرۈپتىمەن. مەن ئەزەل-دىن بىرەر ئايال بىلەن تونۇشۇپ قېلىشقا مۇشەررەپ بولۇپ باقمىدىم. بۇنىڭغا ھەيران قالىمەن. بۇنداق پۇرسەت ماڭا زادىلا نېسىپ بولمىدى. مەن ئىشلىگەن ئىدارىدىمۇ توي قىلمىغان بىرەر قىز يوق، ھەتتا تۇل قالغان ئايالمۇ يوق، مەن ئولتۇرغان قورۇغىمۇ ماڭا گەپ قىلىدىغان ئىللىق چىراي بىرەر بويتاق ئايال كېلەي دېمىدى. مەن باشقىلارنىڭ قانداق يوللار ئارقىلىق بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇپ توي قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەي قالىمەن. مەن بۇرۇن كىنولاردىن بۇنى بىلىشكە تىرى-شىپ باقتىم، كىنولاردا ئەر باش قەھرىمان كېتىۋاتسا، ئالدىدا كېتىۋاتقان ئايال باش قەھرىمان تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئەر تېزلىك بىلەن كېلىپ ئۇنى يۆلىۋالىدۇ. ياكى بولمىسا ئايال باش قەھرىمان بىر توپ لۈكچەكلەرگە ئۇچراپ قالغاندا، تۇيۇق-سىز ئەر باش قەھرىمان كېلىپ قالىدۇ-دە، ئۇنى لۈكچەكلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تونۇشى-دۇ، مۇھەببەتلىشىدۇ، ئاندىن توي قىلىدۇ. مەن دائىم يوللاردا كېتىۋېتىپ بىرەر ئايالنىڭ يەرگە تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىپ كېتەتتىم. بۇ شەھەرنىڭ قىشى شۇنداق ئۇزۇن، قار شۇنداق كۆپ ياغىدىغان، يوللىرى مۇزلۇق، تېيىلغاق تۇ-رۇقلۇق مۇزدا تېيىلىپ كەتكەن بىرەر ئايال ئۇچراپ قالاي دېمىدى. مەن سىرتلارغا چىقسام‌لا ئەتراپىمدىن يىقىلىپ چۈشى-دىغان ئاياللارنى ئىزدەپ ئاخىر زېرىكتىم. بۇ شەھەردىكى ئەر-لەرنىڭ ھەممىسى نېمە بولۇپ كەتتى، مەن بىرەر يەردە ئۇلارنىڭ ئاياللارغا لۈكچەكلىك قىلغىنىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. مەن بۇ

ئوتتۇز يىل ۋاقىتقا قاتتىق ئېچىنىمەن. مەن شۇنچە ئۇزۇن يىللارنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزدۈم. بىراق مېنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىدىغان بىر قىزنىڭ بارلىقىنى زادىلا ئېسىمگە ئېلىپ باقماپ-تىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ شۇقەدەر بىخۇتلىقى ئۈچۈن مۇنۇ ئىش-لىمەس كاللامنى قارغايمەن. بەلكىم مەن ئۇنى شۇنىڭدىن كې-يىنمۇ نۇرغۇن قېتىم ئۇچراتقاندىمەن. بىراق چوقۇم تونىيالماي قالدىم. بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن ھېلىمۇ بىر شەھەردە ياشاۋاتقاندى-مەن، بەلكىم ئۇ ھېلىمۇ ماڭا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغاندۇ، بەلكىم ماڭا يەنە نۇرغۇن قېتىم يەنە شۇنداق مەنىلىك قارىغاندۇ، بىراق مەن ئۇنى بايقىيالمىغاندىمەن. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك ئازابلانغاندۇ-ھە! بەلكىم مەن ئۇنى قايتىلاپ زادىلا ئۇچرىتىپ باقمىغاندىمەن، ئۇ بەلكىم يىراق سەھرالاردا ياشاۋاتقاندۇ. ئۇ-نىڭ ئادرېسى زادى قانداق بولغىيتتى. . . ئاخىر ئۇنىڭ ئىسمى يادىمغا كەلدى. توغرا، ئۇنىڭ بىلەن قوغلىشىپ ئوينىغان يەنە بىر قىز كۈلكىسىنى بېسىۋالالمىغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئۇنى يىقىتىۋەتتىڭ چىنار! — دېدى. بەلكىم ئۇنداق دې-مىگەندۇ. . . ئىشقىلىپ ئۇنى چىنار دەپ چاقىرىدى. ئۇنىڭ ئىسمى چوقۇم چىنار.

ئۇ مېنى چوقۇم ياخشى كۆرىدۇ، نېمىشقىمۇ ئەينى چاغدا بۇنى بايقىۋالالماي قالغاندىمەن؟ مەن ئاياللارنىڭ چىرايىدىن ئۇ-نىڭ ماڭا مەنىلىك كۈلۈپ قاراپ تۇرغان ئاشۇ چاغدىكى قىياپىتى-گە ئوخشايدىغان قىياپەتنى زادىلا بايقاپ باقمىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىدىكى مەنانى باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىنى ئارزۇ قىلى-دۇ، بىراق مەن ئۇنى چۈشەنمەپتىمەن. پەقەت تاكى ھازىرغا

كەلگۈچە ئاشۇنداق ھالەتنى باشقا بىراۋدا كۆرۈپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈنلا ئاندىن ئۇنىڭ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

مەن ئەسلىمەم ئىچىدىكى سانسىزلىغان چىرايلار ئىچىدىن ئۇنىڭ چىرايىنى ئايرىپ چىقىشقا بەكمۇ ئۇزاق ۋاقىت تىرىشتىم. ئاخىر مەن ئۇنىڭ ئوبرازىنى كاللامدا شەكىللەندۈرۈپ چىقتىم. مەن ئۇ توغرىلىق بىر ئولتۇرسام سائەت-سائەتلەپ خىيال قىلاتتىم. ئاخىر ئۇنىڭ ئوبرازىنى تولۇق ھالدا كاللامدا شەكىللەندۈرۈپ چىققان چېغىمدا ئۆيۈمدىكى كونا ساپاغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ ئۇ توغرىلىق پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىپ خىيال سۈرۈۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئوبرازى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئاستا-ئاستا تەۋرىنىشكە باشلىدى. ئۇ ناھايىتى غۇۋا ئىدى، لېكىن بارا-بارا ئېنىقلىنىپ باراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ مېنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزاتتىم. ھەرقانداق قىلساممۇ قولۇم يەتمەيتتى. ئۇ ئېگىز بىر تۆپىلىكتە تۇراتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ بوينۇمغىچە لاي سۇ ئىچىدە تۇرغانلىقىمنى ھېس قىلدىم، مۇزدەك سوغۇق سۇ تېنىمنى مۇزلىتىشقا باشلىدى. مەن ھەدەپ ئۇنىڭغا قولۇمنى سوزاتتىم، ئۇ بولسا توختىماي يىغلايتتى. مېنى چۆكۈرۈۋاتقان سۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىققان ياش ئىكەن-دە، دەپ ئويلىدىم مەن. مەن بارا-بارا چۆكۈشكە باشلىدىم. ئاخىر مۇزدەك سوغۇق سۇ ئىچىدە تۇنجۇقۇشقا باشلىدىم. مەن قولۇمنى جان-جەھلىم بىلەن قاتتىق بىر شىلتىۋېدىم، قولۇم قاتتىق بىر نەرسىگە تېگىپ كەتتى. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام قولۇم ئالدىمدىكى چاي شىرەسىگە تېگىپ كېتىپتۇ. مەن ئويغانغاندىن

كېيىن ئۈيلىنىپ كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولدى، چۈنكى چۈ-
شۈمدىكى چىنارنىڭ ياپما قاپاقلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىز-
نىڭ ئىدارىدىكى توپتەك سېمىز بىر ئايالنىڭ چىرايى ئۇنىڭ
چىرايى بىلەن ئارىلىشىۋالغانىدى.

ئۇ چوقۇم تاھازىرغىچە مېنى ياخشى كۆرىدۇ، چوقۇم مېنى
ئۇنتۇيالماي يۈردى. چوقۇم شۇنداق. . . ئۇ بەلكىم باشقا بىراۋ
بىلەن توي قىلىپ كەتكەندۇ، لېكىن مېنىڭ خېتىمنى تاپشۇرۇۋېلىپ
ئالسا چوقۇم دەرھال ئاجرىشىپ كېتىدۇ، بەلكىم بالىلىقمۇ
بولۇپ بولغاندۇ، لېكىن ئۇ مۇقەددەس سۆيگۈ ئۈچۈن ھاياتىدىن-
مۇ ۋاز كېچەلەيدىغان يەردە، بالىلىرىدىن، ئائىلىسىدىن ۋاز
كەچمەمتى، ھەقىقىي مۇھەببەت دېگەن شۇنداق. جەمئىيەتتە
ھەتتا نەۋرە كۆرگەنلەرنىڭمۇ مۇھەببەت ئۈچۈن ئائىلىسى بۇزۇ-
لىدىغان ئىشلار ئازمۇ؟ بەزىلەر ھەتتا كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈنمۇ
شۇنداق قىلىدۇ، ئۇ ئۇنداق قىلىشنى خالىماي قالاتتىمۇ؟

مەن شۇندىن بېرى ئۇنىڭغا توختىماي خەت يېزىشقا باشلى-
دىم. پەرىزىم بويىچە دائىم ئۇخشىمىغان ئادرېسلارغا سېلىۋەر-
دىم. مەن پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە ئادەملەرنىڭ ئادرېسىغا خەت
سالسامۇ سالىمەن. . . پۈتۈن دۇنيادىكى ئادرېسلارنىڭ ھەممى-
سىگە خەت يازسام، ئۇ ھايات بولسىلا خېتىمنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالماي
قالمايدۇ.

## 8

ئۇلار ئۇنىڭ سىرلىرىنى قانداق بىلىۋېلىۋاتقاندۇ؟

ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆز سىرىنى قانداق بىلىۋېلىۋاتقانلىقى توغ-
رىلىق نۇرغۇنلىغان ئويلىنىشلاردىن كېيىن، ئاخىر قەتئىي ئى-
رادىگە كېلىپ ئوي ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى ئورنىدىن
قوزغاپ، ئۇزۇل-كېسىل ۋە تولۇق بىر قېتىم ئاختۇرۇپ چىقىش
قارارىغا كەلدى.

ئۇ ئۆز-ئۆزىگە قىلغان گەپلىرىدىكى بەزى مەزمۇنلارغا ئوخ-
شاپ كېتىدىغان سۆزلەرنى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن كۆپ قېتىم
ئاڭلاپ قالدى. ئۇلار مېنىڭ ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم پاراڭلىشىپ
دېگەن گەپلىرىمنى ئاڭلىمىسا بۇ سۆزلەرنى نەدىن بىلىدۇ؟ ئۇلار
ئۇنى چوقۇم ئاڭلاپ قالدى، دەپ ئويلايتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ
بۇنداق چېكىدىن ئاشقان ئىشلىرىدىن تويۇپ كەتتى. ئاخىر پۇ-
تۇنلەيلا سىرتقا چىقالماس بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ ھەممە ئادەم-
نىڭ ئۆزىگە باشقىچە نەزەر بىلەن قاراشلىرىنى كۆرۈۋېرىشكە
تاقەت قىلىۋېرەلمەيتتى.

ئۇلار مېنىڭ سۆزلىرىمنى زادى قانداق ئاڭلاۋاتىدۇ؟ ئۇ
ئۆز-ئۆزىدىن توختىماي سورايتتى. ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى نېمىدېگەن
قەبىھ، ئۇلار نېمىدېگەن يامان-ھە!

ئاخىر ئۇنىڭ مېڭىسى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى.
تاپتىم دەپ ئويلىدى ئۇ، ئۇلار چوقۇم ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئەسۋا-
بىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ.

ئۇ شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى تىنماي
ئاختۇردى، بىراق ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئەسۋابى تېپىلمىدى. ئۇ
ئاختۇرمىغان جاي قالمىدى. دېرىزىنىڭ ئۇستىدىكى گەرنىزنىڭ
ئۇستىنى سىيلاپ بېقىۋىدى قولىغا قاپقارا توپا چىقتى. ئۇ ھەتتا

ئۆي ئىچىدىكى توك ئۈلايدىغان جايلارنىمۇ ئىچىپ قاراپ باقتى. كونا تېلېۋىزورنىمۇ بىر قۇر چۇۋۇپ ئاختۇرۇپ چىقتى، نەتىجە يەنىلا ئوخشاش بولدى، ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئەسۋابى ھېچيەردىن تېپىلمىدى.

ئۇ سافالىرىنىڭ رەختلىرىنى سۆكۈۋەتتى، يوتقانلىرىنىمۇ بىر قۇر سۆكۈپ قاراپ باقتى. ئۆينىڭ ئىچى خۇددى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغاندەك ۋەيران قىلىۋېتىلدى، ئۇ يەنىلا ھېچنەرسە تاپالمىدى.

ھازىر پەن-تېخنىكا بەك تەرەققىي قىلىپ كەتتى. بەلكىم ئۇ نەرسە بەكمۇ كىچىك بولسا كېرەك، ماڭا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ كۆزۈمگە تازا چېلىقمىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى ئۇ ئاخىر ۋە پۈتۈن ئۆينى سۈپۈرۈپ چىقتى. ئۆينى سۈپۈرۈۋېتىپ قارىسا، ئۆيدە سۈپۈرۈۋاتقان ئەخلەتتىن پەرقسىز نەرسىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

# 9

— مەن ھەممىنى ئىقرار قىلىمەن، بولدى سىلەر ئەمدى مېنى يەنە قىستاۋەرمەڭلار. مەن راستىنىلا بىر ئادەتلەنگەن ئوغرى. مەن كوندە ئوغرىلىق قىلىمەن. جىنسىيەتكە دائىر بەزى كىتابلاردىن ئوقۇشۇمچە، ئادەتتە ئەر-خوتۇنلار ئىككى كۈندە بىر قېتىم بىرگە بولسا بولىدىكەن. مەنمۇ شۇنىڭدەك ئىككى كۈندە بىر قېتىم ئوغرىلىق قىلىمەن. بۇنىڭ ئۇچۇن مېنى يەنىلا ئۆزىنى ناھايىتى تۇتۇۋالغان ئادەم دەپ قارىسا بولىدۇ. ھەممە

ئادەم ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋەسىنى ئىككى كۈندە بىر قېتىم قاندۇرمىسا بولمىغاندەك، مەنمۇ ئۆز ۋۇجۇدۇمدا ئىككى كۈندە بىر قېتىم قورقۇنچ تۈيغۇسىنى يۇقىرى پەللىگە چىقارمىسام بولمايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، ئوغرىلىقنىڭ جىنسىي ھاياجاندىن ھېچقانداق پەرقى يوق. مېنىڭ باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا قول سې-لىۋاتقان چاغدا ۋۇجۇدۇمدا پەيدا بولغان قورقۇنچ تۈيغۇسىنىڭ لەززىتىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدۇ، بۇنى باشقا بىر ئادەمگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاشۇ ئادەممۇ شۇنداق تۈيغۇ-نىڭ تەمىنى تېتىشتىن باشقا ئامال يوق.

مەن ئۆزۈمنىڭ قاچاندىن بېرى ئاشۇنداق تۈيغۇغا ئەسەبىي-لەرچە بېرىلىپ كەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مەن ئاشۇ خىل ھاياجاننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بەلكىم ئادەم ئۆل-گەندە بۇ خىل ھېسسىيات ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا چىقىدىغاندۇ، شۇ چاغدا ئادەم ھەقىقەتەنمۇ پۇخادىن چىقىشى مۇمكىن. مەن كېيىنكى چاغلاردا كېچىلىرى كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ باشقىلارنىڭ دېرىزىلىرىنى ماراش بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلال-مايدىغان بولۇپ قالدىم. ئاشۇ يىرگىنچلىك ئىشلار پەيدا قىلغان ھاياجان ۋۇجۇدۇمنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. مەن ئۆز تېنىم ۋە سەزگۈلىرىم ئىچىگە تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈشكە باشلى-دىم. مېنى ئۆز ۋۇجۇدۇمدىكى سەزگۈلەر يۇتۇپ كېتىشكە باش-لىدى. مەن ئۇلار بىلەن شۇنچە ئۇزاق مەزگىل تىركىشتىم، ۋۇجۇدۇمدىكى سەزگۈلەرنىڭ چەكسىز ۋەسۋەسىسىدىن جان-

جەھلىم بىلەن ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشقا تىرىشتىم، بىراق ئامال بولمىدى. مەن ئاخىر ئۆز ۋۇجۇدۇم ئىچىگە تامامەن غەرق بولدۇم، مەن تۈگەشتىم. مەن ئۆز تېنىمنىڭ ئەڭ پەسكەش قۇلىغا ئايلىنىپ كەتتىم. مەن ئەسەبىيلەشتىم، مېنىڭ كۆزۈم قارىغۇ، قۇلۇقۇم گاس بولدى. مەن قاراپ تۇرۇپ كۆرمەس بولدۇم، تىڭشاپ تۇرۇپ ئاڭلىماس بولدۇم. مەن تېنىمنىڭ ۋەسۋەسىسى ئالدىدا تامامەن ھالاك بولدۇم. مەن خۇدۇمنى يوقاتقان ھالدا ۋۇجۇدۇمنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن كوچىغا چىقىمەن. ئاپتوبۇسلارغا، كىشىلەر ئارىلىرىغا قىستىلىپ كىرىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىمنى باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا سالىمەن...

جەمئىي قانچە قېتىم ئوغرىلىق قىلغان دەپ سورىدىڭىزمۇ؟ مەن ئۇنىڭ سانىنى بىلمەيمەن. مېنىڭ پەقەت بىلىدىغىنىم ۋۇجۇدۇمدا كۈچلۈك بىر ئىستەك پەيدا بولىدۇ. بۇ بېسىپ بولغۇسىز ئىستەك شۇقەدەر دەھشەتلىك قوزغۇلىدۇكى، ئىختىيارسىز يۈرىكىم سىلىپ كېتىدۇ. مەن ۋۇجۇدۇم ئوت بولغان ھالدا ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىمەن-دە، ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭىمەن.

مەن قولۇمغا چىققانلا نەرسىنى ئالىمەن. ئادەمنى ئەڭ جىددىيلەشتۈرۈدىغىنى كوچا ئاپتوبۇسىدا ئوغرىلىق قىلىش... پاھ... ئادەم ھەقىقەتەنمۇ تەلتۆكۈس خۇماردىن چىقىدۇ.

مەن ناھايىتى ئاق كۆڭۈل بىر ئادەم. مېنىڭ قەلبىم باشقىلارغا بولغان مېھىر-مۇھەببەت بىلەن تولغان. مەن باشقىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرسەم چىدىيالماي قالىدىغان ئادەم. بىراۋنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرسەم گەرچە ئۇنى تونۇمىساممۇ،

ئۇنىڭ نېمىشقا يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلمىسەممۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، زادىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالىمەن. شۇن-داق تۇرۇقلۇق مەندە قانداقمۇ نەپسانىيەتچىلىك ياكى باشقىلار-نىڭ نەرسىسىگە ئىگە بولۇۋېلىش خىيالى بولسۇن؟! ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ ئىدارىدىن ئالىدىغان مائاشىم تاماق يېيىشىمگە يېتىدۇ. مېنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تەلىپىممۇ يۇقىرى ئەمەس. پەقەت قورسىقىم تويسىلا بولدى. مەن پۇل يىغىدىغان ئادەملەر-نى، بايلارنى ئۆچ كۆرىمەن. ئۇلار دۇنيادا ياشاشقا بىرەر باھانە تاپالمىغاچقا، پەقەت پۇل يىغىشنى ياشاشقا باھانە قىلىدۇ. ئۇلار پۈتۈنلەي بىنورمال ئادەملەر، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قى-لىۋاتقانلىقىنى بىلمىز دەپ قارىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشمەيدۇ. مېنىڭ ئوغرىلىق قى-لىشتا زادىلا پۇل يىغىش ياكى باي بولۇش مەقسىتىم يوق. مەن ئۇلارغا ئوخشاش غەيرىي نورمال ياكى كېسەل ئادەم ئەمەس. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىمەن. مەن تېنىمە-نىڭ ئارزۇ-تەلىپىنى قاندۇرىمەن، خۇددى باشقىلار جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرغاندەك. مەن پەقەت ئوغرىلىق قىلىۋاتقان ئاشۇ چاغدىكى دەھشەتلىك ھاياجاننى قوغلىشىپ شۇنداق قىلىمەن. مېنىڭ ئۇ چاغدا ۋۇجۇدۇمدا پەيدا بولغان قورقۇنچ تۇيغۇسى قەلبىمنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ، ھاياجاندىن پۈتۈن بەدىنىم جالاق-لاپ تىترەپ كېتىدۇ، مېنىڭ بۇ ھاياجانغا قانماس ۋۇجۇدۇم مەندىن دائىم ئەنە شۇنداق خۇماردىن چىقىرىشنى كۈتىدۇ.

ساقچى يىگىت، سىز بۇ گەپلىرىمگە ئانچە ھەيران قالماڭ، بۇ سىزنىڭ ئەقلىڭىزگە نېمىشقا سىغمايدۇ، دۇنيادا قورقۇنچ

تۆيغۇسىغا مەيتۇن بولۇپ كەتكەن كىشىلەر ئازمۇ؟ ھەممە ئادەم قورقۇنچ تۇيغۇسىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ، بىراق ئۇلار ئۇنىڭ بەك يۇقىرى پەللىگە چىقىپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. مەسىلەن: بالىلار باغچىلىرىدا باللار چىقىدىغان تېز سۇرئەتلىك ئايلانما پويىز خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بالىلار ئۇنىڭغا نېمىشقا ئامراق، چۈنكى ئۇلار قورقۇنچتىن ھۇزۇرلىنىدۇ. تاغقا يامىشىدىغان تەۋەككۇلچىلەرچۇ؟ ئۇلار ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ؟ قۇپقۇرۇق تاغنىڭ چوققىلىرىدا ئەجەل ۋە قاتمۇقات قار-مۇزدىن باشقا نېمە بار؟ ئۇلار ئۇ يەرگە چىقىپ نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ ناھايىتى ئېنىقكى ئۇلار ئۇ يەرگە خەتەردىن ھۇزۇرلانغانلىقى ئۈچۈن چىقىدۇ. قانچە خەتەرلىك، قانچە قورقۇنچلۇق بولسا شۇنچە ھۇزۇرلىنىدۇ، شۇنچە يۇقىرى چىقىدۇ. ۋەھىمىلىك كىنولار نېمىشقا كىشىلەرنى ئۆزىگە شۇنچە جەلپ قىلىدۇ؟ چۈنكى ئۇمۇ قورقۇنچتىن كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدۇ. ئېيتىڭە، ئاشۇلار ھەممە ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغىدىكەنۇ، مېنىڭ قورقۇنچ تۇيغۇسىدىن ھۇزۇرلىنىشىم نېمىشقا ئەقىلگە سىغمايدىكەن؟

مەن قورقۇنچنى سۆيىمەن. قورقۇنچتىن سىيىپ سالسام دەپ ئويلايمەن. مەن بۇنى پەقەت بىر-ئىككى قېتىملا باشتىن كەچۈرگەن. مېنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىنتىلىدىغىنىم سىيىپ سىلىش. پەقەت سىيىپ سالغاندىلا تامامەن قانغاندەك بولىمەن. باشقا چاغلاردا ئوغرىلىق قىلىپ پەقەت ئادەتتىكىدەكلا قورقۇنچ ھېس قىلسام ۋۇجۇدۇمنىڭ بۇ تۇيغۇغا بولغان تەشنالىقى تېخىمۇ ئېشىپ، مېنى تېخىمۇ سەرسان قىلىۋېتىدۇ. پەقەت قورقۇنچتىن سىيىپ سالغان ئاشۇ چاغدىلا مەن ئۆزۈمنى چەكسىز يەڭ-

گىل ھېس قىلىمەن، ئاشۇ چاغدىلا ئاندىن ھاياتنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن، ۋۇجۇدۇمدىكى ۋەسۋەسىمۇ بىر دەم بېسىلىپ مېنى ئۆز ئارامىمغا قويىدۇ. مەن ئىشتانلىرىم ھۆل بولغان ھالدا ئۆيگە كېلىپ چەكسىز راھەت ھېسسىياتى بىلەن ئۆزۈمنى تاشلاپ ياتىمەن.

مەن سىيىپ سېلىشقا نېمىشقا شۇنچە مەپتۇن بولۇپ كەتكە-نىمنى بىلمەيمەن. ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى ھېلىقى كۈنى— مەن ئۇنى ئۇچراتقان كۈنى قورسىقىم سۇ بىلەن لىق تولغانىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئارقا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈدىغان، بەزىدە سۈزۈك بەزىدە لاي ئاقىدىغان ھېلىقى ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ سۇنى قانچىلىك ئىچكىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. قورسىقىم ئاچلىقتىن ئېچىشقانسېرى مەن ئۇنى ئازراق بولسىمۇ بېسىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە سۇنى ئىچىۋەردىم. ئاشۇ كۈنى ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىر ئاز لاي ئىدى، يىراقتا بىر توپ باللار قىپيالىڭاچ بولۇۋېلىپ سۇدا ئويناۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتەي دېمىدىم، چۈنكى ئۇنداق قىلىش ناھايىتى كۈلكىلىك بىر ئىش ئىدى. ئۇلارنى سۇنى بۇلغىدى دەپ يۇقىرى ئېقىنغا ئۆتكىنىم بىلەن ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىدىمۇ يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سوغا چۈشۈپ ئوينايدىغانلىقى ماڭا ئېنىق ئىدى. سۇ يەتتە دومىلىسىلا ھالال دېگەن كونىلارنىڭ گەپلىرىنى ئەسلەيتتىم.

مەن ئەتىگەن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن نېنىمنى ئەسلەپ كۆڭ-لۈم ناھايىتى يېرىم بولدى. ئۇنى ئانام چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ سومكامنىڭ ئاستىغا يەنى كىتاب-دەپتەرلىرىمنىڭ تېگىگە سېلىپ

قويغانىدى. ئۇ يەنە قانداق بولدى، ئۈستى تەرەپكە چىقىپ قاپتۇ. يولدا كېلىۋېتىپ، قەلىمىمنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ قانداق، دەپ ئويلاپ سومكامنى ئاختۇرۇپ قاراپ باققان چېغىمدا ئۆرۈلۈپ ئۈستىگە چىقىپ قالغان بولسا كېرەك.

مېنىڭمۇ باشقىلاردەك سۇغا چۆشۈپ ئوينىغۇم كەلدى. بىراق شۇندىلا قورسىقىمنىڭ لىق سۇ بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بەدىنىم ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سۇغا چۆشۈپ ئويناش زادىلا خۇش ياقمىدى. مەن خۇددى سۇغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بولغان ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم بىلەن تەڭ كاللام ۋىڭڭىدە قايدى. ئۆزۈمنى رۇسلىۋېلىپ خامۇش ھالدا مەكتەپ ئىچىگە قاراپ ماڭدىم. ھەر بىر قەدەم ئالسام قورسىقىم شالاق-شالاق قىلاتتى.

سىنىپ بىناسىنىڭ پەلەمپىيى ئالدىغا كەلگەندە ئۇ ماڭا يۈگۈرۈپ چىقىپلا ئۇرۇلۇپ كەتتى، مەن ناھايىتى تەستە ئورنۇمدىن تۇردۇم. بېشىم پىرقىراپ قاياتتى، تىزلىرىم تىترەيتتى، قورسىقىم سۇ بىلەن لىق تولغانىدى. بۇ سۇ مېنى قاتتىق قىيىنماقتا ئىدى. ئازراق سۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەستىن قۇسۇۋېتىپتىممەن، بىراق ئۇنىڭ زادىلا پايدىسى بولمىدى، دەل شۇ چاغدا مەن سىيىپ تاشلىدىم. ئىللىق سۈيدۈك يوتامدىن تىزلىرىمغىچە يېيىلدى.

مەن قاتتىق يىقىلىپ چۈشكەچكە بەدىنىم قاتتىق ئاغرىماقتا ئىدى. بىر دەم تىن ئالالماي قالدىم. بەدىنىمدىكى قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمەي تۇرغان ئاشۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ سىيىپسېلىۋاتقىنىمنى تۇيدۇممۇ-يۇ، بىراق سۈيدۈكنى توختىتىۋالالمى-

دىم. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا قارىۋىدىم، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈۋې-
تىپتۇ. مەن ئۇنىڭ يايما قاپاقلىرىنى ئېنىق كۆردۈم. مەن
تۇنجى قېتىم قورقۇنچتىن سىيىپ سالغان ۋاقتىمدا ئاجايىپ
تاتلىق تۇيغۇغا چۆمۈلدىم. خۇددى مەن يەنىلا ئاشۇ دەۋرگە
بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئۇ ئالدىمدا ماڭا قاراپ مەنىلىك
تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى.

چىنار...

ئۇنىڭ ئىسمى — چىنار.

ئۇ ماڭا قاراپ مەنىلىك تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. مەن
ئۆزۈمنىڭ قورقۇنچتىن داۋاملىق سىيىپ تاشلىشىمنى ئارزۇ
قىلىمەن.

ئەمدىغۇ مېنىڭ ئوغرىلىق قىلىشىمدىكى مەقسىتىمنى چۈ-
شەنگەنسىلەر؟ بۇ شۇنچە ئاددىي بىر ئىش... شۇقەدەر ئاددىي،
جاندىن ئۆتكۈدەك ئاددىي... چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاددىي. مۇ-
رەككەپلىك ۋە سىرلىقلىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ
خام خىيالى!

ئادەمنىڭ ھاياتىدا يۈرەكنى جۇغۇلداتقۇدەك ھېچ ئىش بول-
مىسا بۇنداق ياشاشقا قانداق بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن؟!

مەن ئۇنىڭغا توختىماي خەت يازىمەن، ئۇنىڭ جاۋابىنى
ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىمەن، بۇ ئۇزاقتىن-ئۇزاق ۋاقىتلارنى
قانداق ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك؟ ھايات نېمە دېگەن ئۇزۇن! مەن
بۇ ئۇزاقتىن-ئۇزاق ۋاقىتنى تېز ئۆتكۈزۈشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ
تاپتىم. ئۇ بولسىمۇ ئوغرىلىق...

نېمە؟ سىز ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى ۋە پۇللارنى نېمە قىل-

ـدىكەن سورىدىڭىزمۇ؟ مەن ئۇلارنى ئوغرىلاپ بولۇپلا تاشلىۋې-
تىمەن، كوچىلارغا تاشلىۋېتىمەن، مەن ئەزەلدىن هارام نەرسىـ-
لەرنى خالىمايمەن. باشقىلارنىڭ پۇلىنى خەجلەش نېمە دېگەن
نومۇسسىزلىق!

راست، مەن سىلەرگە يەنە بىر ئىشنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ
قاپتىمەن، مەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئادەتلەنگەن يەنە بىر ئىش
بار. ئۇ بولسىمۇ ئۆزۈمنى ئاچ قويۇش. بۇ گالدىن تاماق ئۆت-
مەسلىك ياكى بىرنەرسە يېگۈم كەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئە-
مەس، ياكى پۇلۇم يوق، يېگۈدەك بىر نەرسەم يوق بولغانلىقىـ-
دىن ئەمەس! مەن ئۆزۈمنى ئاچ قويۇشتىنمۇ لەززەت هېس
قىلىمەن. . . قورسىقىم ئاچلىقتىن بەزىدە كوركىراپ كېتىدۇ.
مەن توختىماي سۇ ئىچىمەن. قورسىقىم سۇ بىلەن لىق تولۇپ
ئېسىلىپ كېتىدۇ. ئۇياق-بۇياق ماڭسام قورسىقىمدىكى سۇنىڭ
شالاقشىغان ئاۋازىنى ئاڭلايمەن، سۇنىڭ ”شاق“ قىلغان ئاۋازىغا
بېرىلىپ قۇلاق سالىمەن. مەن ئۇ ئاۋازنى ئۇزاقتىن-ئۇزاق تىڭ-
شايمەن، پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ تىڭشايمەن.

ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن باشقىلاردىن
ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى نېمە قىلىمەن؟ مەن هەممە نەرسىنى
ئوغرىلايمەن. . . قولۇمغا بەزىدە پۇل چىقىدۇ، بەزىدە بىرنەچچە
يۈەن هەتتا بىرنەچچە موچەن، بەزىدە نەچچە يۈز يۈەن، مەن
ئۇلارنى ئوغرىلاپ بولۇپلا تاشلىۋېتىمەن. ماڭا ئۇ نەرسىلەرنىڭ
نېمە كېرىكى؟ ماڭا بىردىنبىر كېرىكى پەقەتلا ئوغرىلىغان چاغدا
پەيدا بولغان ئاشۇ هاياجان! . . . بەزىدە قولۇمغا باشقىلارنىڭ
سالاهىيەت گۇۋاهنامىلىرى چىقىپ قالىدۇ. بەزىدە ئايالالارنىڭ

گىرىم بويۇملىرى چىقىدۇ. . . بەزىدە بىر توپ قۇرۇق قەغەز چىقىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئايرىپ تاشلىۋېتىمەن. قولۇمغا بەزىدە باشقىلارنىڭ سالام خەتلىرى چىققان چاغلارمۇ بار. بىراق مەن ئۇلارنىمۇ ئېچىپ ئوقۇپ باقمىدىم، چۈنكى مەن باشقىلارنىڭ ئۆزئارا خەت يېزىشىشىدىن قاتتىق يىرگىنىمەن، ئۇلارنى كۆرسەملا قۇسقۇم كېلىدۇ. مەن ھەممىلا خىل تۇيغۇدىن ھۇزۇرلىنالايمەن. بىراق يىرگىنچ تۇيغۇسىدىن زادىلا ھۇزۇرلىنالمايمەن. ماڭا ھېچيەردىن خەت كېلىپ باققىنى يوق، مەن شۇڭا ئۇلاردىن يىرگىنىمەن. ئۇلارنى ئۆچ كۆرىمەن، قارغايمەن.

## 10

ئۇ ساقچىخانىغا ئېلىپ كېلىنىپ باشتا سوراق قىلىنغاندا ھېچ نەرسىنى ئىقرار قىلماي تۇرۇۋالدى.

ئاشۇ كۈنى ئۇنىڭ ئىشىكىنى پوچتىكەش يىگىتتىن باشقا ھېچ كىشى چېكىپ باقمىغان، كونىراپ سىرلىرى ئۆچۈپ كەتكەن ئىشىكى تۇنجى قېتىم باشقىلار تەرىپىدىن چېكىلگەنىدى.

—تاك. . . تاك. . . تاك

ئىشىك قايتا-قايتا چېكىلدى. ئۇ يەنىلا پوچتىكەش يىگىت كەلدى دەپ ئويلىغانىدى، بىراق بۇ قېتىم كەلگىنى پوچتىكەش يىگىت بولماستىن، بەلكى ساقچىخانىنىڭ ساقچىلىرى بولۇپ چىقتى. ئۇ ئۇلارغا قاراپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەرھال چۈ-

شەندى.

ئۇ دەسلەپ ھەدەپ گەپ يۆپۆتۈپ ئۆزىنى زادىلا يېقىن كەلتۈرمىدى. ئۇلارغا ھەدەپ ئۆزىنى قويۇۋېتىشنى ئۆتۈندى.

ساقچىلارغا كىشلەر بىر نەچچە قېتىم دېلو مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ چىراي تۈرقىنى سۈرەتلەپ بېرىشكەنىدى. ئۇ بۇ قېتىم دەسلەپكى تۇتۇلغان چاغدىكىدەك ئوغرىلىق قىلىۋاتقان چاغدا تۇ-تۇلغان ئەمەس ئىدى.

ئۇ قاماقخانىدا بىرنەچچە كۈن ياتقاندىن كېيىن زادىلا چىدى-يالماي قالدى. ئۇ قاماقخانىنىڭ يوغان ھەم قېلىن تۆمۈر ئىشى-كىنى بار كۈچى بىلەن ئۇرۇپ ۋارقىرايتتى، تۆمۈر ئىشىكنىڭ كىچىككىنە تۆشۈكىگە ئاغزىنى ئېلىپ بېرىپ ۋارقىرايتتى.

—مېنى قويۇۋېتىڭلار! مېنىڭ مۇھىم ئىشىم بار ئىدى، مېنى قويۇۋېتىڭلار. . . مەن پوچتىخانىغا خەت سالمىسام بولماي-دۇ!

گۇندىپاي ئۇنى تىللاپ ھەيۋە قىلىپ قويۇپ كېتەتتى، بى-راق ئۇ زادىلا جىم تۇراي دېمىدى. ساقچىلارنىڭ ئېلىپ چىقىپ "ئەمدى ۋارقىراۋەرمە" دەپ ئەدەپلىگەنلىرىمۇ بىكارغا كەتتى. ئۇ بىرنەچچە كۈن ئەنە شۇنداق توختىماي تىركەشتى. تاماقمۇ يېگىلى ئۇنىمايتتى. ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىنگەن مومىنى يېمەسلى-كى باشقا جىنايەتچىلەرنى خۇش قىلىۋەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تاماق يېمىگىنىنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىدى.

ئۇننەچچە كۈندەك تىركىشىشتىن كېيىن ئۇ ئاخىر جىم-جىتلا بولۇپ كەتتى. خۇددى قاتۇرۇپ قويغان بۇتتەكلا ئورنىدا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. باشقىلار گەپ قىلسىمۇ گەپ قىل-

مايتتى. ئۇنىڭ ئىپادىسىز يۈزلىرى خۇددى چۈيۈندىن ياسالغاندەك مۇستەھكەم ئىدى، بۇ يۈزلەرگە مەڭگۈ بىرەر نەرسە تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭدا بىرەر ئىپادە ئۆزگىرىشى پەيدا قىلالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ساقچىلار ئۇنىڭ دىلوسىنى جىددىي تەكشۈرمەكتە ئىدى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم سوراق قىلىنغان چاغدىمۇ ئاغزىنى مىت قىلىپ قويماستىن ئولتۇردى. ئۇنىڭ مىت قىلماي تۇرغان كۆزلىرىمۇ قېتىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ زادى قەيەرگە قاراپ تۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئۇ ئاخىر بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئويلىمىغان يەردىن ھەممىنى بىراقلا ئىقرار قىلىۋەتتى. ئۇ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

—مېنى دەرھال قويۇۋېتىڭلار... مېنىڭ مۇھىم ئىشىم بار. مەن بىرسىگە خەت سالمىسام بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا تۇرمىدە ئۆمۈر بويى ياتساممۇ مەيلى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا خەت ئەۋەتمىسەم بولمايدۇ!

## 11

ئۇنىڭ پوچتىكەش ۋە ساقچىلاردىن باشقا ھېچكىم چېكىپ باقمىغان ھېلىقى رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن سوغۇق ئىشىكى ئەمدى پوچتىكەش تەرىپىدىنمۇ چېكىلمەس بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇ ئىشىكنىڭ ئەمدى تامدىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى.

ئۇستۇنكى قەۋەتتە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر ئۇنىڭ ئىشىكى

ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر ەرسىمۇ ئۇنىڭ ئىشىكىگە قاراپ قويمايتتى. ئۇلار ئۇچۇنمۇ بۇ ئىشىكنىڭ تامدىن پەرقى يوق ئىدى.

ئۇنىڭ ئۆيى بىرىنچى قەۋەتتە ئىدى. ئادەتتە بىرىنچى قەۋەتكە ئوغرىلىققا كىرىش بىرقەدەر ئاسان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ دېرىزىلىرى تۆمۈر بىلەن رىشاتكىلانغان ئەمەس، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى بىر ئۆيگە ئوغرى كىردى-يۇ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرەي دېمىدى.

## 12

ۋاقىت دەۋر قىلىپ 30 نەچچە يىل ئىلگىرىكى چاغلارغا بېرىپ قالدى. ئۇ يەنىلا ھېلىقى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئارقا دەرۋازىسى يېنىدىن ئۆتىدىغان ئۆستەڭ بويىدا تۇراتتى.

بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بەزىدە لاي، بەزىدە سەل سۈزۈك ئاقاتتى. ئۇ ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ ئۆستەڭنىڭ لاي سۈيىنى ئالىقانلىرى بىلەن ئوچۇملاپ ئېلىپ توختىماي ئىچەتتى.

ئۇنىڭ قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتكەنىدى. ئاچلىقتىن ئېچىشىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ بېشى قايماقتا ئىدى. ئۇ قورساقنىڭ ئېچىشىنى سۇ بىلەن ئازراق بولسىمۇ پەسەيتكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. سۇ ئۇنىڭ يۈرىكىگە ياقتى، بىراق ئۇنىڭ بەدىنى لايدەك بوشىشىپ، ئېغىرلىشىپ، كۆڭلى تېخىمۇ ئېلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشى پىرقىراپ قېيىپ كەتتى. ئۇ ئاخىر

بولالماي كەينىگە ئۆزىنى تاشلاپ بىر هازا ئاسمانغا قاراپ ياتتى. ئاسماندا قۇياش خۇددى يۇندا قاچىلانغان جاۋۇردا ئۈيۈپ قالغان مۇزدەك، خۇنۇك پارقىراپ تۇراتتى.

ئۇ ئۆستەڭ بويىدا قانچىلىك ياتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يىرتىلىپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن، توپا ۋە ئەخلەتلەر ئارىسىدا تۇرۇپ مەينەتلىشىپ ئەسلى رەڭگىنىڭ زادى قانداقلىقىنى بىلگىلى بولماس بولۇپ كەتكەن كونا سومكىنى مۈرىسىگە ئېسىپ، بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ مەكتەپ ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇنىڭ سۇ بىلەن تولغان قورسىقىدىن ”شالاق. . . شالاق“ قىلغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

ئۇ ئاستا قەدەملەر بىلەن مېڭىپ سىنىپ بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. مۇشۇ رايوندا تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بۇ مەكتەپنىڭ سىنىپ بىناسى يەنىلا شۇ پېتى تۇراتتى.

ئۇ سىنىپ بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگىلا قوڭغۇراق چېلىندى. سىنىپلاردىن توپ-توپ ئوقۇغۇچىلار چىقىشقا باشلىدى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغان بۇ غەلىتە ئادەمگە قارىشىپمۇ قويماستىن ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىشتى.

—مەكتەپتە دەرس توختىتىلىدىغانلىقى راستمىكىن؟

ئۇ بىر ئوقۇغۇچىنى توختىتىپ سورىۋېدى، ھېلىقى ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭقىرالماي، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن دېدى:

—تەتىل يېغىلىپ دەرس ئەمدى يېقىندىلا باشلىنىۋاتسا، نېمىشقا دەرس توختىتىلىدىكەن!

ئۇ بىر توپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا چىقىۋاتقان بىر ئو-قۇتقۇچىنى مېڭىشتىن توختىتىپ سورىدى:

—بۇگۈن ئەتىگەن راستتىنلا دەرس توختىتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىندىمۇ؟

مۇئەللىممۇ ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

—سىزنىڭ بالىڭىز قايسى سىنىپتا ئوقۇيدۇ؟—سورىدى مۇئەللىم.

ئۇ مۇئەللىمنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ ئىشتانلىرى تىزىغىچە تۇرۇلگەن بولۇپ، لاي ۋە مەينەت ئىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭ ئېسى-ۋالغان سومكىسىغا قاراپ ھەيران قالدى. بۇ ئەخلەتلەر ئىچىدىن تېپىۋالغان سومكىغا ئوخشايتتى. مۇئەللىم يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي سورىدى:

—سىزنىڭ بالىڭىز بۇ مەكتەپتە ئوقۇمدۇ؟

—ياق، مەن ئۆزۈم ئوقۇيمەن.

—نېمە؟

مۇئەللىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قايمۇقۇپ قالماقتا ئىدى.

—سىز بۇ يەردە بىرەرسىنى ساقلاۋاتامسىز؟

—ھەئە، ئۇ ھازىرلا مۇنۇ ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىقىدۇ.

ئۇ باشقىلار بىلەن قوغلىشىپ ئويناشقا بەك ئامراق.

ئۇ شۇنداق دەپ سىنىپ بىناسىنىڭ ئىشىكىنى كۆرسەتتى.

— ئۇ كىم؟

— چىنار.

ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ ئورۇق ۋە ئېگىز گەۋدىسىنىڭ ئاشۇ يەردە ئىشىككە قاراپ كىمنىدۇر ساقلاپ تۇرغىنىنى دائىم كۆرۈدىغان بولدى.

باشقىلار ئۇنىڭ نېمە قىلىپ يۈرگىنىنى چۈشەنمەيتتى. چۈنكى ئۇلار 90-يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياشاۋاتاتتى، ئۇ بولسا دەل شۇ تاپتا 60-يىللارنىڭ بىر چۈشتىن كېيىنلىك ۋاقىتتا پەلەمپەينىڭ تۈۋىدە ھېلىقى چىنار دېگەن قىزنىڭ ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىقىشىنى كۈتمەكتە ئىدى...



مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەتجان ھوشۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: خەيرىنىسا روزى

پەرھات تۇرسۇن

# مەسھ چۆلى

نەشر قىلغۇچى
ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64228007)
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
1998-يىل 11-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1998-يىل 11-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 13.00 يۈەن

责任编辑：艾合买提江．吾守尔
责任校对：海仁莎．肉孜

**图书在版编目（CIP）数据**

弥赛亚的荒凉：维吾尔文/帕尔哈提．吐尔逊著．—
北京：民族出版社，1998．5
ISBN 7－105－03037－7

Ⅰ．弥… Ⅱ．帕… Ⅲ．中篇小说－作品集--中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．I247．5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（98）第 13105 号

民族出版社出版发行
（北京市和平里北街 14 号　邮编 100013）
民族出版社微机照排　　民族印刷厂印刷
各地新华书店经销
1998 年 11 月第 1 版　1998 年 11 月北京第 1 次印刷
开本：850×1168 毫米　1/32　印张：10．875
印数：0001—4000 册　定价：13．00 元